مۇھەممەدجان راشىدىن



# باھار يامغۇرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇھەممەدجان راشىدىن

# باھار يامغۇرى

(شېئىرلار)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

春雨：维吾尔文/买买提江·拉西丁著．— 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2012.4

(买买提江·拉西丁诗集)

ISBN 978 - 7 - 228 - 15306 - 0

Ⅰ．①春… Ⅱ．①买… Ⅲ．①诗集 — 中国 — 当代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ．① I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第 052557 号

---

策　　划　阿不都热合曼·艾白、阿地力江·阿不都沙拉木
责任编辑　阿地里江·阿不都沙拉木
责任校对　阿依古丽·阿西木
美术设计　艾克拜尔·沙力
美 术 字　阿布里米提·吾斯曼
出版发行　新疆人民出版社
电　　话　0991-2827472
地　　址　乌鲁木齐市解放南路 348 号
邮　　编　830001
印　　刷　北京盛通印刷股份有限公司
经　　销　新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本　880×1230 毫米 32 开本
印　　张　14
版　　次　2012 年 4 月第 1 版
印　　次　2012 年 4 月第 1 次印刷
印　　数　1 — 4000 册
定　　价　57.00 元



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## نەشرىياتتىن

شائىر مۇھەممەدجان راشىدىن 1940 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ئۈنيار يۈزى يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى غۇلجىدا ئوقۇپ تا- ماملاپ، 1955 ـ يىلىدىن 1958 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە سابىق شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتكۈزگەن- دىن كېيىن، 1959 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە پىچان ناھىيەسىدە قايتا تەربىيە ئالغان. 1960 ـ يىلىدىن 1968 ـ يىلىغىچە چاپچال ناھ- يەسى ۋە غۇلجا ناھىيەلىرىدە مەمۇرىي خادىم، تېخنىك، كاتىپ، ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1968 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىن- قىلابى»نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ناھەق جازالانغان، 1983 ـ يىلى ئاقلىنىپ، غۇلجا ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە خىزمەتكە ئورۇنلاشقان. 1989 ـ يىلى غۇلجا ناھىيەسىنىڭ كەسپىي يازغۇچىل- ىقىغا تەكلىپ قىلىنغانغا قەدەر شۇ مەكتەپتە تىل ـ ئەدەبىيات ئو- قۇتقۇچىسى ۋە ئىلمىي مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن.

مۇھەممەدجان راشىدىنىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى 1958 ـ يىلى «ئىلى گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «ئىلى دەرياسى» ناملىق شېئىرى بىلەن باشلانغان. ئۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شېئىر ئىجادىيىتىگە رەسمىي كىرىشكەن. بولۇپمۇ 1980 ـ يىللاردىن كې- يىن ئىجادىيەتتە كۆرۈنەرلىك ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن. ئۇ ھازىرغىچە «بۇ دۇنيا»، «بەزىلەر»، «سەن يوق»، «كۈت»، «مەشرەپ ھەققىدە مۇخەممەس»، «يىللار ئىزى»، «مەن سەۋدايى بولۇپ

www.uyghurkitap.com

قاپتىمەن» قاتارلىق 1000 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ئېلان قىلغان. مۇھەممەتجان راشىدىنىڭ بۇ شېئىرلىرى «كاككۇكگۈلى»، «يىللار ئىزى»، «كۆنلەر ئالبومى»، «ئانا يەر قەسىدىسى»، «ئۆمۈر ئىلھاملىرى»، «ھايات دېگەن مانا شۇ»، «ئانا تاغلار» دېگەن ناملاردا توپلام قىلىنىپ نەشر قىلىنغان.

مۇھەممەدجان راشىدىن شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن بىللە يەنە پىروزا ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، 20 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، پوۋېست ۋە ئەسلىمىسىنى ئېلان قىلغان، بۇلار «تېنىگەن كۆكۈل» دېگەن نامدا 2001 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

مۇھەممەدجان راشىدىنىڭ شېئىر ـ غەزەللىرى ئاممىباب، خەلققە يېقىشلىق بولغاچقا، كۆپلىگەن ئەسەرلىرى ناخشا قىلىپ ئوقۇلۇپ خەلق ئارىسىغا تارقالغان، كۆپلىگەن شېئىرلىرى تۈرلۈك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

## مۇندەرىجە


كۆكلەم كۈيلىرى ........................................ 1
ماي مۇھەببىتى ........................................ 2
ئىلى سۈيى ........................................ 3
كاككۇكۇم ........................................ 5
باغ مەھەللىلەر ........................................ 7
قىش گۈگۈمى ........................................ 9
ئۆتتى ........................................ 11
بۇ دۇنيا ........................................ 12
ماختاپ ........................................ 15
قىزلىرىمغا مەكتۇپ ........................................ 16
ئانامغا خەت ........................................ 19
سالام، دوستلار ........................................ 20
سەنئىتىم ........................................ 22
ۋەتەن ھەققىدە قوشاق ........................................ 25
بەخت ساڭا بىقىپتۇ ........................................ 27
ئېھ، قانداق گۈزەل بىزنىڭ باھارىمىز ........................ 29
چاۋاك ........................................ 31
ھەر قەلبتە بىر گۈمبەز ........................................ 34
ئوقۇڭلار ........................................ 35
مەشرەپ ھەققىدە مۇخەممەس ........................................ 37
شۇ ئەمەسمۇ بەختىنىڭ ئۆزى ........................................ 39
بەخت ........................................ 41
مەكتەپ ........................................ 44
بىلمەيمىز ، بولدۇقمىكىن شۇنداق ئانـا ........................ 46

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uighurkitap.com


شېئىر، شۆھرەت ۋە مەن ........................ 47
تاغ ناخشىلىرى ........................ 49
ئەخلاق ........................ 58
ياش ۋۇجۇدۇم يايرىدى ........................ 60
ئاتىلار ئەجرى ........................ 61
كۆلكەمنى ئەۋجگە كۆتۈرگەن شۇلار ........................ 64
ئادەملەر ئىلھامى ........................ 66
جەنۇب تەسراتلىرى ........................ 68
خوتەن خاتىرىلىرى ........................ 78
سېنىڭ ناخشاڭ ........................ 86
ئەتە ........................ 88
ئاچ، سېخىي ئالقىنىڭنى مەن بىر سۆيەي ........................ 90
چىققۇم كەلمەس بۇ باغدىن ........................ 92
چىققىنىم چىققان ساڭا، تىك چوققىلار ........................ 94
دىدار ئۇچۇن ... ........................ 96
قەلبىمنى لەۋھە قىلىپ ... ........................ 98
قەلەمگە ........................ 100
تۇندە يازغان خېتىمنىڭ سىرى ........................ 102
گۈلخان ........................ 106
قۇلۇلە ۋە مەن ........................ 107
ئىشقىم ........................ 108
شۇ يولدىن ئۆتسەم ... ........................ 109
سالام، ئاربوز ........................ 113
قوبۇل قىلىڭ قەلبىمىزدىن ئۈنتقان گۈللەرنى ........................ 115
كەچ كۈز شاملى ........................ 121
نامىڭ ........................ 122
قارنى كۆرۈپ ........................ 124
بىز سېنىڭ ئەركە بالاڭ، ئېھ، دالىلار ........................ 126

بىللە بولساق .......................................... 128
بىز ۋە يىللار .......................................... 129
ھايات دېگەن سىلەر ئەمەسمۇ .......................... 131
باھار سۇلىرى .......................................... 133
ئۆزۈڭ تاج، ئۆزۈڭ خەزىنەم ........................ 135
باھار سۆيگۈسى ........................................ 138
كۆك چۆچۈرىسى ....................................... 140
دېھقىنىم، قەلبىڭنىڭ سۈرىتى نان ..................... 142
ئالتۇن ئالساڭ، ئال مېنىڭدىن ........................ 144
گۈلى سەن، گۈزەلى سەن تەبىئەتنىڭ .................. 147
ئىرەنلىك ئىلھاملىرى .................................. 150
بەزىلەر ................................................ 154
مەھەللەم ............................................... 157
باغۋەن بىز بارچە تىلنىڭ تەرىپىدە ...................... 161
شاخلىرىدا قاق بوپتۇ ئۆرۈك ........................... 163
نېفىتلىك ناخشىلىرى .................................... 167
ئانا مايىناغ، ئامانمۇ سەن ............................. 175
بار بىزنىڭ ئالتۇندەك ئادەتلىرىمىز ..................... 177
شائىرغا ................................................ 180
سوراق قىلار ھەر كۈنى مىليون ۋىجدان سىلەرنى ........... 181
شائىر كەتتى ۋە لېكىن ... ................................ 184
شائىر كۆزى ............................................. 187
ئېتىزلارنى ئۇنتۇماڭلار، شائىرلار ........................ 189
سەنئەت سۆيگۈسى ....................................... 191
تەمبۇر، دۇتارىم ........................................ 193
شاخلار ................................................. 195
ئادەملەرگە ............................................. 196
كۆزلىمەڭلار ھېچقاچان راھەتنى بىر جانىنىڭ ............ 199

ئاق پەسلىگىدىن ئايلىناي ......... 202
باھار يەتمەس جان ئانا، سېنىگىدىكى باھارغا ......... 204
ئانىلارنى كۆمۈپ قويدۇق ... ......... 206
سېھىر بارمۇ سېنىگىدە ... ......... 207
ئانا بار ئۆيلەر بېھىش ......... 208
ئارزۇلىرىم ......... 209
شۇ ھەسەت ......... 211
ئەجەب تىلسىم جاھان بۇ ......... 212
ماختانما ......... 213
قۇش سىلەر ......... 214
بىلمىدىڭ ......... 215
ئۇ مېنىڭ جانانىم - جېنىم ......... 218
شەھەردىن سالام ......... 220
يېڭى يىل تۇيغۇسى ......... 223
تۇمەنگە پارچىلسام بىر ئۆزۈمنى ......... 225
غەيۋەتچى ......... 227
ئۇنتۇلغان ئىزاھلار ......... 228
بولسىدى يېڭىباشتىن يارالغىلى ......... 231
ئانا يەر قەسىدىسى ......... 235
سەنمۇ كىتاب قالدۇردۇڭ قەلبىمدە مەردلىكىڭ ......... 239
ئوغلۇمغا ......... 242
ئاق پەسل ئىلھاملىرى ......... 244
يىللاردىن ئۆكۈنگىنىم ئىللەت ماڭا ......... 248
«مەن - مەن»لىك تالاشساڭ ... ......... 251
ئانا تاغلار ......... 253
سېغىنىپ ......... 256
كەلدى ......... 257
ئالەم ئالتۇن چايقايدۇ ......... 259

بىر كېلىمىز دۇنياغا ........................................ 261
تەستە تارتقان سۇرەتلەر ........................................ 264
تۆت ئېغىز ئاگاھ ........................................ 269
ئەتىكى ئاسمان ........................................ 271
دەيمەن شۇڭا ئادەملەر، ئەقدەگدىن ئايلىناي ........................................ 272
قاش دەرياسى ........................................ 276
قىزىم، بېرىلىڭ مەكتەپكە ........................................ 277
ناتايىن ........................................ 278
ھايات دېگەن مانا شۇ ........................................ 279
رەزىلدۇر ........................................ 281
يېڭى ئەسىر ئاچتىڭلار ........................................ 282
مەن يوق ........................................ 284
يىللار يېڭى، يىللار ئۇز ........................................ 286
تەڭ ياراتقان دۇنيانىڭ بۇگۈننى ئەر - ئايال ........................................ 290
بۇ دۇنيادىن كېتەرمىز بىر كۈن ........................................ 293
ناننى بىلىپ، تونۇمساڭ دېھقاننى ........................................ 295
سەن ماختىما ئۆزۈڭنى ئادەم ........................................ 297
ئارغامچىسى ئۇزۇن ئالەم بۇ ........................................ 299
تەمبۇر، دۇتارىم ........................................ 301
دەۋەرمە ........................................ 303
سەن ئېيتقان ناخشىلار ........................................ 304
ۋىجدان ۋەجىدىن ........................................ 309
ئارتىس قىزىنىڭ ئانىسى ........................................ 311
تاغلاردىن شېئىرىي تەسىراتلار ........................................ 314
تاغلاردىن سالام ........................................ 318
يىغلاپ قايتتىم قەبرەڭدىن، ئانا ........................................ 320
ياتلاشتۇق ........................................ 322
ئۆمۈر ئىلھاملىرى ........................................ 325

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شان ـ شەرەپ، ئىشەنگىن قەسەملىرىمگە ........... 326
ناخشىلارنىڭ سەرخىلى ................... 329
تۇغۇلمىغانلارغا ........................ 331
ئۆسەكلەر .............................. 333
ئانام روھى ............................ 335
سېنىڭ روھىڭ ........................... 338
گۈزەل بولغۇم بار ئىدى .................. 341
ئەتە گەرچە تىرىك بولساممۇ ... .......... 344
قىزلار يىغلاپ چىققان كېچىلەر ............ 346
ئۆلمەڭلار ............................. 348
كەپتۇ ................................. 350
نورۇز تىلەكلىرى ........................ 351
غۇلجا .................................. 353
كوت ـ كوت ............................. 355
ئاۋۇرالنىڭ باغرىدا ئاقار بىر دەريا ........ 359
يوقالسىكەن ............................ 361
قەلبىدىن سۆزلەيمەن شائىرلىرىڭنىڭ ... ..... 364
ئۆتكەن كۈنلەر ......................... 367
يامان ................................. 370
مەكتە مەرۋايىتلىرى ..................... 371
ئەسكى بولدۇم .......................... 377
يېڭى باھار، يېڭى بىخ بار يىللاردا ........ 379
ئەجىر ھەققىدە قوشاق ................... 381
خۇراپات ............................... 382
چېكەرمەن .............................. 385
تىلەيمەن .............................. 389
قۇربان ھېيت ............................ 391
قىتىغۇر بولما ........................... 393

كۆرەلمەس .................................... 395
ئىزدەيمەن .................................... 397
ئانا دېگەن سىزدەك بولسا ... .................... 399
ئەمەسمىز ئەزەلدىن كېپىنەك نەسلى .................... 401
ھەر پەسلىنىڭ ئالقىنىدا لىق ھەسەل ... .................... 403
ۋاي ئىسىت .................................... 405
بۇ باھارغىچە .................................... 407
باھار قەسىدىسى .................................... 410
نېمىسى .................................... 412
بىر كۈنى .................................... 413
كۈندە نورۇز بولسىكەن .................................... 415
ئىچ ـ باغرىمدىن ئىسيانكار ئويلار .................... 417
قاچان سەندەك بولارمەن .................................... 422
كەمبەغەللىك، نېرى كەت .................................... 423
قەدىرلەپ ... .................................... 426
ياق، سەن تېخى ياشاپ بولمىدىڭ .................... 427
ياشايسەن ياخشىلارنىڭ سايىسىدا .................... 429
لازىمدۇر قەدىردانلىق جۈپلۈككىمۇ .................... 431
يوق ئەمەس .................................... 433
باھار يامغۇرى .................................... 434

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كۆكلەم كۈيلىرى

شوخ شامال،
كۆك مايسا،
كۆكتە تورغايلار،
كۆكلەمدىن كۆڭۈلگە بېرىدۇ دېرەك.
زوق بەرسە دىللارغا، ئېيتقىنا، دوستۇم،
كۆكلەمنى كۈيلىمەي چىدامدۇ يۈرەك؟

ھە، ئەنە قاپلاپتۇ چەكسىز يېشىللىق،
كەڭ دالا، ئېدىر ـ تاغ ئېتەكلىرىنى.
مەنمۇ ھەم كۆكلەمدە كۈي ياڭراتقۇم بار،
ياشنىتىپ ئىلھامىم چېچەكلىرىنى.

1960 ـ يىلى 4 ـ ئاي، غۇلجا

قەنتمۇ سەن، قايماقمۇ سەن، ئاگلاپ قالاي،
ئېيتقىنا ئۆز تىلىڭدىن شادلىقىڭنى؟

1962 ـ يىلى 11 ـ ئاي، غۇلجا



# كاككۇكۇم

(مۇخەممەس)

كەل، چىمەننىڭ دىلبىرى، ئاۋازى ياڭراق، كاككۇكۇم،
كەل، كۆيۈك، ئىشقىڭ بىلەن باغلارغا ئامراق، كاككۇكۇم،
نازلىرىڭ ئاقتى يۈرەك ــ دىللارغا يامراپ، كاككۇكۇم،
تىڭشىدىم ئىش قويندا، ئۈستۈمدە بايراق، كاككۇكۇم،
باققىنا، بۇ گۈل باھار نە شۇنچە قايناق، كاككۇكۇم!

بۇ باھار زوقى بىلەن شادلاندى ھەر جان، يايرىدى،
شوخ گۆدەك، بۇدرۇق بوۋاق، سەكسەندە ھەم چال يايرىدى،
مەرىشىپ قوي ــ قوزىلار قاپتالدا لىق مال يايرىدى،
تاكى سەن قونغان ئاشۇ باغلاردا ھەر تال يايرىدى،
سۇلىرى غول كەلدى، پاھ، ئاققانچە ئويناق، كاككۇكۇم.

مەن ياشايمەن بۇ زېمىندا ئەڭ ئۇلۇغ مەقسەت بىلەن،
ھەر باھار قۇتلۇق ماڭا، چۈنكى ھالال مېھنەت بىلەن،
شۇ سەۋەب بولدۇمكى سىرداش ھەر يىلى بەرىكەت بىلەن،
مەن ئۈچۈن بىر تويكى مىڭ ــ مىليونلىغان ئۈلپەت بىلەن،
چۆرىدەپ ئاشۇ شېرىن بەرىكەتكە قانماق، كاككۇكۇم.

بەرىكتى ئەلۋەك ماكانىنىڭ گۈلى بار، گۈلزارى بار،
تاغلىرىنىڭ ئاستى گۈلشەن، ئۈستىدە ئاق قارى بار،

www.uyghurkitap.com

هەر يىگىت، قىزنىڭ يەنە ئەمگەكتە چىن دىلدارى بار،
ئاغزىدا خۇددى سىنىڭدەك ناخشىسى — «يار - يارى» بار،
بىزگە مەنسۇپ بىر ئۆمۈر شادىيانە بولماق، كاككۇكۇم.

كەل بىغىمغا، كاككۇكۇم، بىزنىڭ تىرىشچان يۇرتقا كەل،
كەلگۈسى پارلاق، گۈزەل، خەلقى چىلىشچان يۇرتقا كەل،
هەر چىلىش - ئۆتكەل ئارا مەڭگۈ يېڭىشچان يۇرتقا كەل،
بەختىيار دەۋران بىلەن سۆيگەن، تېپىشقان يۇرتقا كەل،
شۇ سەۋەب بىزنىڭ هايات شادىيانە - قۇۋناق، كاككۇكۇم.

1963 - يىلى 4 - ئاي، غۇلجا



## باغ مەھەللىلەر

بۇ بىزنىڭ مەھەللە،
بۇ بىزنىڭ ئۆيلەر،
تۇردۇ ياپيېشىل باغلارغا يانداش.
روجەكلەر سۆيۈشەر ياپراقلار بىلەن،
ياپراقلار ئارىلاپ نۇر چاچار قۇياش.

بۇ شۇنداق بۇككىدە باغ مەھەللىلەر،
كۆكرىكى گۆپپۇلدەپ ئەتىر پۇرايدۇ.
قاپلىسا باغلارنى چېچەكلىك باھار،
دىلىڭنى بىر شېرىن تۇيغۇ ئورايدۇ.

خىسلىتى ئالەمگە گۈل بەرگەن يازنىڭ
قاينايدۇ بايرىمى مۇشۇ باغلاردا.
ئوينايدۇ دەرەخلەر سايە ـ سالقىنى
شۇ باغقا تەر تۆككەن پاك ماڭلايلاردا.

شۇ باغلار، شۇ ئېسىل باغ مەھەللىلەر،
كەل، دوستۇم، سەن ئۇچۇن ساھىبخانىدۇر.
ھەر دەرەخ تۈۋىدە بىر تويىنىڭ پەيزى،
ھەر مېۋە تىل يارار باغ شارابىدۇر.

مېھماندوست قوللاردا كېلەر ئالدىڭغا،
ئالما، لاك، ئۈزۈملەر ئالتۇن لىگەندە.

www.uyghurkitap.com

تېنىڭگە تارايدۇ مىسلى بىر لەززەت،
ھەر مېۋە پوستىنى سويۇپ يېگەندە.

ئالتۇن كۆز كېلەر شۇ مەھەللىلەرگە،
ھەر باغدا گويا بىر بەزمە تۈزۈلگەن.
ئېتەككە تەلپۈنگەن سۈزۈك ئالمىلار،
تاۋلىنىپ، بەرگىدىن بىر - بىر ئۈزۈلگەن.

گۈللەيدۇ، ھە، تېخى باغ مەھەللىلەر،
ياپراقلار ئەمگەكچى بېشىغا سايە.
بىلىمەن، شۇ گۈزەل باغلارغا قۇۋۋەت
بىزدىكى شاد ئۆمۈر، ئۇلۇغۋار غايە.

1963 - يىلى 6 - ئاي، غۇلجا

## قش گۇگۇمى

مۆكۈنۈپ تاغ كەينىگە قىزىل شەپەق،
دالانى باستى گۇگۇم بارا - بارا.
توخۇلار كىردى ئىسسىق كاتەكلەرگە،
توشقانلار شۇڭغۇپ ئورمان - جاڭگال ئارا.

ئاداققى ئوۋچىلارمۇ قايتتى ئوۋدىن،
قولىدا ھەريان بىقىپ قارچىغىسى.
كۆك تايغان ئەگىشىپتۇ ئارقىسىدىن،
قارىساڭ قورۇق ئەمەس غانجۇغىسى.

ھارۋىلار ئۆتۈپ تۇرغان ئاۋۇ چوڭ يول،
سىيلىكتى ھەم ئاخىرقى غىچىلداشتىن.
توختىدى پېشايۋاندا كەپتەرلەرنىڭ
بۇقۇلداپ، قاناتلىرى پاقىلداشتىن.

تولغىنىپ ئاستا - ئاستا تارقاپ ھەريان،
كۆكۈچ ئىس تۇرخۇنلاردىن كۆككە ئاقار.
يۇلتۇزلار قىيا بېقىپ مەھەللىگە،
ئىس چىققان ھەربىر ئۆيگە كۈلۈپ باقار.

كۆرۈندى يىراقلارغا روجەكلەردىن
ساناقسىز چىراغلارنىڭ پارقىرىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەريالار مۇز ئاستىدا تىنچ ئاققان،
ئەۋجىگە كۆتۈرۈلمەس شارقىرىشى.

مۆكۈنۈپ تاغ كەينىگە قىزىل شەپەق،
دالانى باستى گۇگۇم بارا ـ بارا.
توخۇلار كىردى ئىسسىق كاتەكلەرگە،
توشقانلار شۇڭغۇپ ئورمان ـ جاڭگال ئارا.

1963 ـ يىلى 12 ـ ئاي، غۇلجا



## ئۆتتى

سەن بېشىڭدىن ئايلاندۇرۇپ چاپقان كەتمىنىڭ
قىر بېشىدا ئەينەك كەبى يالت قىلىپ ئۆتتى.
يۇرت ئىچىنى كېزىپ يۈرگەن سىنىڭ تەرىپىڭ
قانچە يىگىت يۈرىكىگە ئوت سېلىپ ئۆتتى.

كۆكلەم ئىشقى ناخشا بولۇپ چىقتى تىلىڭدىن،
مايسا ئەمەس، گۆھەر ئۈندى چاپقان يېرىڭدىن.
تۇغقان ئاناڭ پەخرلىنەر تۆككەن تەرىڭدىن،
ئاشۇ تەرىڭ كۆڭۈللەرنى شاد قىلىپ ئۆتتى.

باھار كەلدى، يىراقلاردىن تۇرنىلار كەلدى،
ئىش زوقىدىن ساڭا يېڭى تۇيغۇلار كەلدى.
ھەيۋە تۇسلۇك مۇشكۇل ئۇچۇن قايغۇلار كەلدى،
زەربەڭ بىلەن شۇ مۇشەققەت «داد» سېلىپ ئۆتتى.

زوقلىنىشتىن تورغاي كەتمەي سايرار بېشىڭدا،
بولسام ئىدىم شۇ ئىپتىزدا مەنمۇ قېشىڭدا.
قايدا بارساڭ بولدى ۋەتەن دائىم ئېسىڭدا،
شۇ ئەقدە چارچاشنىمۇ يات قىلىپ ئۆتتى.

1964 ـ يىلى 5 ـ ئاي، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بۇ دۇنيا

تالاشساڭمۇ، تالايدىن قالار ئىكەن بۇ دۇنيا،
بىلىپ بولماس نەگىدۇر بارار ئىكەن بۇ دۇنيا.
مەيلى گادايى، مەيلى شاھ، بىر قىيامەت بىر جانغا،
بىر ئىنساندىن بىر جەسەت ئالار ئىكەن بۇ دۇنيا.
يىغلىغانلار پەسلەيدۇ، رىزقى ئۇنىڭ شۇنداق دەپ،
مۇسىبەتكە ھەركىمنى سالار ئىكەن بۇ دۇنيا.
بىر ھۇجرىغا جەم بولۇپ ئۆلگۈرمىگەن جۈپلەرنى،
ياش دىمەستىن ئەلەمدە قويار ئىكەن بۇ دۇنيا.
ئۆلمەي تۇرۇپ ئايرىلغان تىرىكلەرمۇ ئاز ئەمەس،
كۆز ياش بىلەن يۈزۈڭنى يۇيار ئىكەن بۇ دۇنيا.
ۋاپاسىز دەپ كايىيدۇ شۇڭا ئۇنى ئادەملەر،
ئاغرىنغاننى قامچا بوپ ئۇرار ئىكەن بۇ دۇنيا.
يۇلتۇز كۆزلۈك ئاسمانغا تۈندە باقسام ئۈنچىقماس،
پايانى يوق تىلسىمدەك تۇرار ئىكەن بۇ دۇنيا.
توخۇلارغا تاڭ قالدىم تىرىكلىكنى ئويغاتقان،
تەئەججۈپكە ھەركىمنى قويار ئىكەن بۇ دۇنيا.
ئەجدادلاردىن قەبرىلەر قاپتۇ سانسىز چوقچىيىپ،
خىيال قىلساڭ، بەئەينى مازار ئىكەن بۇ دۇنيا.
تىرىكلەرگە كۆز سالساڭ مىدىرلايدۇ ھايات دەپ،
بىر قىسمەتتە ئاجايىپ بازار ئىكەن بۇ دۇنيا.
ئۆچۈرگەندەك ئۆيۈڭنىڭ چىرىغىنى بىر شامال،

ئۆزى يەنە گۆرۈڭنى قازار ئىكەن بۇ دۇنيا.
مۇكچىيەركەن بەللىرىڭ سەن كۈتمىگەن كەچمىشتە،
ھەر ماڭلايغا بىر قىسمەت يازار ئىكەن بۇ دۇنيا.
كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئاق سانجىيدۇ چېكەڭگە،
يۈزلەپ قورۇق يۈزۈڭدىن سانار ئىكەن بۇ دۇنيا.
بوۋاي قىلىپ يىگىتنى ھەيدەپ ئاشۇ ئۆلۈمگە،
ئۆزى ھۆكۈم، ئۆزى سىم — قارار ئىكەن بۇ دۇنيا.
قىز ـ كېلىنلەر، ھەددىڭ يوق تاڭلا موماي بولماسقا،
ئۈنمىساڭ قويماستىن تاڭار ئىكەن بۇ دۇنيا.
قايرىلسەن كەينىڭگە ياشلىقىڭغا تويماستىن،
ئۆشنىسىدە سەن ئۈنىڭ، ماڭار ئىكەن بۇ دۇنيا.
بۇ بەش كۈنلۈك ئالەمدىن ھەركىم ھەرنە كۆزلەيدۇ،
بېخىللارنىڭ كۆزىدە تاۋار ئىكەن بۇ دۇنيا.
كېلىپ ـ كېتەر مېھمانسەن، ياخشى قونۇپ، ياخشى كەت،
سېخىي ئۈچۈن بىر قالام چاۋار ئىكەن بۇ دۇنيا.
رەقىبلىشۇر ئىككى جان ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ،
توۋا دەڭلار، ئۇلارغا تۇمار ئىكەن بۇ دۇنيا.

گويا ئاتقان ئوشۇقتەك سىيا چۈشۈپ، چۇ چۈشۈپ،
ئويلاپ كۆرسەڭ، بىر تاۋكا قىمار ئىكەن بۇ دۇنيا.
چېچەك تۆكسە ئۆرۈكلەر، مېۋە قىلىپ ئورنىدا،
ئەجدادلارغا ئەۋلادنى ئۇلار ئىكەن بۇ دۇنيا.
رىزقى ئەمما تەڭ ئەمەس بۇ پانىيغا كەلگەننىڭ،
بىردە يوقسۇل، بىردە تەل قىلار ئىكەن بۇ دۇنيا.
ئاپەتلىرى ئاز ئەمەس، يولۇققانلار يىغلايدۇ،
كەلكۈن كەبى شارقىراپ ئاقار ئىكەن بۇ دۇنيا.
غەم قىلمىغىن، ئۆلگەنلەر، يېتىم قالغان بالاڭدىن،
ئۆزى بېقىپ قاتارغا قاتار ئىكەن بۇ دۇنيا.

ئەجەبلەنمە بېشىڭغا ئىسسىق كەلسە، سوغ كەلسە،
تارازىسى ئېگىز ـ پەس بولار ئىكەن بۇ دۇنيا.
ئەيىب كۆرمەك، كۆتۈردۇم شۇ سەۋەبتىن بىر قەدەھ،
شۇ قەدەھكە — شۇ مەيگە خۇمار ئىكەن بۇ دۇنيا.

1974 — 1980 ـ يىللار، ئۈرۈمچى



# ماختاپ

ئۇسكەك قىلدۇق كالىنى ماختاپ،
كەپسىز قىلدۇق بالىنى ماختاپ.
نۇقسانلارمۇ ماختىلىپ ئۆتتى،
موللا، دېدۇق چالىنى ماختاپ.

يۈرگەنلەرنى يوق دەمسىز بۈگۈن،
ئاقنى قويۇپ، قارىنى ماختاپ.
ئېيتىڭلارچۇ، نەدىن ئۆگەندۇق،
ياخشى، يامان بارىنى ماختاپ؟

1976 – يىلى

## قىزلىرىمغا مەكتۇپ

### قارايمەن ئايغا

سېغىنسام سىلەرنى ئايدىڭ كېچىدە،
مەنمۇ ھەم تەلمۈرۈپ قارايمەن ئايغا.
كۈندۈزلەر ئۆتىدۇ بېقىپ يىراقتىن
باللار قارىسى كۆرۈنگەن جايغا.

تەگرىدىن ئات تەلەپ قىلغانلار بۇندىن
ئۆتەركەن ئات تۈگۈل يېتەلمەي تايغا.
بىنەملەر سۇ دېسە، ئەمما تاغ سۈيى
باقماستىن ئاقاركەن بىھۇدە سايغا.

تەگرىدىن تون ئەمەس، تەلىپىم دىدار،
جەم بولساق قايتىدىن بىر چىنە چايغا.
جەم بولساق، قىزلىرىم، داغ سۇغا كاشكى،
نە ھاجەت بىز ئۈچۈن قايماققا، مايغا؟

قارايمەن ئايسىز تۈن، ئايدىڭ كېچىلەر،
سېغىنىپ سىلەرنى يۇلتۇزغا، ئايغا.

ئىشەنمەك، قىزلىرىم، كىمدۇر جۆيلۈسە:
داداڭلار پاتقان، ــــ دەپ، ئۆمۈرلۈك لايغا!

1976 ـ يىلى 5 ـ ئاي

## دەڭلار

يا بىلىپ، يا بىلمەي، كىمدۇر مۇبادا
سورىسا سىلەردىن: ئاتاڭ نەدە، دەپ.
تۇرماڭلار جاۋابسىز تىرناق تاتىلاپ،
سورىسا ۋە ياكى: ئاپاڭ نەدە؟ دەپ.

بار ئۇلار، ھايات بار، يىراقتا بىراق،
قىچقارساق ئۈنىمىز يەتمەيدۇ، دەڭلار.
ۋە لېكىن ئاقۋەت كېلىدۇ ئۇلار،
دۇنيادىن دىدارسىز كەتمەيدۇ، دەڭلار.

ئاز ئەمەس ئاتىمىز ئالغان ساۋاقلار،
يېنىشلاپ قىشتا سۇ كەچمەيدۇ، دەڭلار.
قايتىدۇ ئۇ ئەمدى،
ئانىمىزمۇ ھەم،
جۇدالىق دەردىنى چەكمەيدۇ، دەڭلار.

كېلىدۇ قاقىرلار تاڭلا باھاردا،
شىۋاقلار دۆڭلەردە كۆكلەيدۇ، دەڭلار.
كېلىدۇ ئاتىمىز، شۇڭا كۆزىمىز
ئاتىسىز ئىسسىق ياش تۆكمەيدۇ، دەڭلار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سورىسا گەر بىراۋ: ئاتاڭ نەدە، دەپ،
خەت يېزىپ، خەت ئالدۇق، ھايات بار، دەڭلار.
سەۋرسىز پەرزەنتلەر ئەمەسمىز، چۈنكى
ھەر ئىشتا بىر ۋاقىت ـ سائەت بار، دەڭلار.

1977 ـ يىلى 3 ـ ئاي، ئۈرۈمچى



# ئانامغا خەت

ئانا، شۈبھىگە نە ھاجەت، سىنى مەن ياد ئېتىپ ياتتىم،
ئامانلىق خەتلىرىڭ كەلسە، ئۆزۈمنى شاد ئېتىپ ياتتىم.
دىدارىڭنى كۆرەر كۈنگە، ئىشەنگىن، ھەپتە ـ ئاي قالدى،
يانارمەن دەپ قولۇم قامچا، پۈتۈمنى ئات ئېتىپ ياتتىم.
بۇ ھالدا ياتمىقىم، بىلسەڭ، ھەقىقەت ۋەسلىچۈن بولدى،
بېشىمنى غەم ـ پۇشايماندىن شۇڭا ئازاد ئېتىپ ياتتىم.
سۈتۈڭدىن ماڭا كىرگەن خۇي چىقار بۇ جان بىلەن ئاخىر،
بۇ يولدا ياش ھاياتىمنى تامام بەربات ئېتىپ ياتتىم.
نادانلار ئەھلىدۇر، تەھقىق، مېنى ئەخمەق دېسە ھەركىم،
شۇلارمۇ ياكى مەن ھەقمۇ؟ — جاھانغا داد ئېيتىپ ياتتىم.

1981 ـ يىلى 7 ـ ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## سالام، دوستلار

ئايرىلغاننى قايتا قوشقان زامان كەلدى،
سالام، دوستلار، يەنە كەلدىم ئاراڭلارغا.
تويۇڭلارنىڭ بىر چېتىدە ئۇن قاتمەن،
سىلەردىكى يېڭى سۆھبەت ـ پاراڭلارغا.

موللا چاغلاپ يۈرمەك مېنى، سورۇنلاردا،
ئەسلا لوقما سالالمايمەن «چالاڭلار» غا.
ھارۋاڭلارغا بىرەر يانداق بولسام، دەيمەن،
بىر تال تىرەك ياكى يېشىل باراڭلارغا.

كەتمەن تۇتۇپ ئېگىز دۆڭلەر يۆتكەلمىسەم،
گۈرجەك تۇتۇپ يول ئاچارمەن چاناڭلارغا.
گۈپۈلدىتىپ ئەگەر بازغان ئۇرالمىسام،
ماغزاپ سىقىپ، كىر يايارمەن تاناڭلارغا.

بەيگىلەردە ئۇتقىنىڭلار بايرام ماڭا،
بەخت دەيمەن كۆز تىكمەكنى قاراڭلارغا.
پۇچقاق تۇرۇپ قايناملارغا كىرەلمىسەم،
ھېچ بولمىسا ئوت سالارمەن كالاڭلارغا.

قالدى مېنىڭ تەلۋە چېغىم ئارتتا ئەمدى،
داپ ئەمەسمەن كەلسە ـ كەلمەس داراڭلارغا.

ناخشام بىلەن بوۋاقلارنىڭ بۆشۈكىگە
بىر قۇڭغۇراق بولغۇم كېلەر جاراڭلارغا.

بۇزۇپ قويسام ئۇيقۇڭلارنى، كەچۈرۈڭلار،
ئوخشاتماڭلار مېنى ھەرگىز ساراڭلارغا.
كەچمىشلىرىم قىممەت مېنىڭ، چۈشەنسەڭلار،
سىلەر تۇگۇل سىلەرنىڭمۇ بالاڭلارغا.

*　　　　*

سالام، دوستلار، ئۆزۈڭلارنى ئۇستاز تۇتتۇم،
سالام يەنە ئاۋۋال ئاتا ـ ئاناڭلارغا.
بەختلىكمەن، چىمەن ئىچرە جەم بولۇشتۇق،
زامان قوشتى مېنى يەنە ئاراڭلارغا.

1983 ـ يىلى 3 ـ ئاي، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

## سەنئىتىم

مەشۇقۇم سەن مەن سۆيۈپ لەززەت ئالارغا، سەنئىتىم،
قايددۇر ئەمما سۆيۈپ، قەلبىم قانارغا سەنئىتىم،
ئوخشىتىپ ھۆسنۈڭنى مەن خۇددى ئانارغا، سەنئىتىم،
ئاقىۋەت كەلدىم بۇگۈن شۇنداق قارارغا، سەنئىتىم،
ئەھلى بوپ سەپىنىڭ مۇشۇ مەڭگۈ قالارغا، سەنئىتىم.

بۇككىدە باغسەن بۇگۈن ئىبلىس - قۇرتلاردىن نېرى،
چۈمكىگەن دىل ئەركىنى ئەپسۇن - دۇرۇتلاردىن نېرى،
ئاسمىنىڭ ئاندىن سۈزۈك مۇدھىش بۇلۇتلاردىن نېرى،
سەندە بار ئالتۇن ئىشىك زەنجىر، قۇلۇپلاردىن نېرى،
بۇ چىمەنىنىڭ ئەھلىچۈن ھەر چاغ ئاچارغا، سەنئىتىم.

چىقتى سەھنەڭگە يەنە شېرىن، سەنەم، تاھىر، غېرىب،
بۇ ئىشقىنىڭ ئەھلى، تۇۋا، مەڭگۈ كەتمەسكەن قېرىپ،
گەر ئۆزۈڭ بولساڭ تۇرار ئۆلگەنگە قايتا جان بېرىپ،
ئويغىنىپ غۇنچەم، نۇرۇم چىققاي گۆرىستاننى يېرىپ،
باشلىدى ئۆچكەن چىراغ قايتا يانارغا، سەنئىتىم.

سەندە پاتەم «لەيلىگۇل» نى قايتىدىن باشلاپ يەنە،
ئالغا ئايتىللا، سالامەت بىرقەدەم تاشلاپ يەنە،
كۆلدى داۋۇتجان ۋۇجۇدى ناخشىدىن ياشناپ يەنە،

تەگمىگەي تىل، دەپ قەلەمدە مەن تۇراي ئاشلاپ يەنە،
باش بولۇپ كەلمەكتە ھەم پاشا شۇلارغا، سەنئىتىم.

باشقىدىن سازلاندى دات باسقان راۋاب، تەمبۇر بۇگۈن،
ناغرا، داپ، سۇناي، دۇتار بۇ مەركىگە جەمدۇر بۇگۈن،
ئاھ، ئەجەم، شادىيانىدەك ئالەمدە كۈي كەمدۇر بۇگۈن،
توۋلىساڭ، چالساڭ، ساڭا ئۇشبۇ زامان كەڭدۇر بۇگۈن،
ئەمدى ھەققىم بار سېنى يۈكسەك سانارغا، سەنئىتىم.

كۆككە باقتىم شۇ سائەتتە، ئالدىدا خوتەن ئۇچار،
مەي ئەمەس، ناخشاڭغا مەست ھەم، ئۆرگۈلەي، ئاقسۇ، كۇچار،
بەيگە بۇ: بەزەن ئىلى، بەزەن بۇيۇك قەشقەر ئۇتار،
پەسكە باق، تۇلپارلىرىم، شائىر سىلەرگە گۈل تۇتار،
يەرگە چۈشسە ھەم پايانداز بار سالارغا، سەنئىتىم.

غازى ئەمەت غاز سىزار بولسا مىسالى ئۈيىنتىپ،
ئەڭ ئاۋۋال جۈپ بولغىلى غازلار قارايدۇ بويلىشىپ،
كەتكىنى قىزلار تالاي، يادىڭدىدۇر، باق ئۈيلىشىپ،
بولغۇچە زورەمچە رەسسام، ھەل بېرىپ، ھەم تويلىشىپ،
ئەمدى ئايلاندىڭ شۇلار بولغاچ باھارغا، سەنئىتىم.

تۆرىدە بۇ مەركىنىڭ بار زىكرى ئەلپەتتا بۇگۈن،
بۇندا قەمبەرخانغا ھۆرمەت - ئېھتىرام كاتتا بۇگۈن،
قالمىدى چاقچاقچىمىز بىزنىڭ ھېسام ھەتتا بۇگۈن،
چالدى تەمبۇرنى ھۇسەنجان جامى ھەر بابتا بۇگۈن،
كەلدى شۇنداق بىر زامان شۇنداق چالارغا، سەنئىتىم.

تىكلىسۇن تارىختا تاغلارنى ئەجداد ۋولقانلىرىڭ،
تاڭ قويۇپ ئالەمنى ھەرئان چاقنىسۇن چولپانلىرىڭ،

www.uyghurkitap.com

كۆككه يەتكۈزگەي بېشىڭنى مىڭلىغان شۇڭقارلىرىڭ،
ئۆرلىگىن، دەيدۇ سېنى ئالتاي، قومۇل، تۇرپانلىرىڭ،
بىللە مەنمۇ سەن بىلەن ئۆرلەپ بارارغا، سەنئىتىم.

1983 ـ يىلى 4 ـ ئاي، غۇلجا



## ۋەتەن ھەققىدە قوشاق

مەن تۇغۇلدۇم،
ئالتۇن، دىدى ئانام مىنى ئەزىزلەپ،
گۆھەر، دىدى ۋەتەن يەنە، قاتتى بىقىپ قاتارغا.
بوۋاق ئىدىم، ئانام مىنى ئەللەي ئىيتىپ ئۆستۈردى،
شۇ ۋەتەننىڭ گىياھىدىن بۆشۈك ئىيتىپ ياتارغا.
تۇتاش كەتكەن زەنجىر ئىكەن ئەجداد بىلەن ئەۋلادلار،
پەرزەنت دىگەن بىر ھالقىكەن شۇ زەنجىرنى چاتارغا.
ئۇغۇ شۇنداق، ئەمما رىزقى پۈتەر ئىكەن ۋەتەندىن،
ئەقەللىيسى زۆرۈر كۈچمۇ بىر تال ئۇچكە چاقارغا.
غۇرۇرۇڭغا غۇرۇر قوشسا ئورمانلىرى، كانلىرى،
مەكتەپلىرى ئۇستاز گويا ئەقلىڭ كامال تاپارغا.
جاكارلاشقا ھەقلىقمەنكىم شۇ ۋەتەندىن كەلدى، دەپ،
ئىشىپ سالغان بىر تال پىلىك ھەتتا چىراغ ياقارغا.
ئەلنىڭ باغرى پاناھ ساڭا مۆدۈرۈلسەڭ، قوپساڭمۇ،
ۋەتەن تۇرۇپ نىمە ھاجەت كۆزۈڭدىن ياش ئاقارغا.
رىزقىڭ پۈتسە ئالىدىكەن قۇچىقىغا ئۇ يەنە،
يىتىپ قالساڭ كىپىل ئىكەن سىنى ئاسراپ باقارغا.
بىز كۆرمىگەن نە ئىش قالدى،
سوغدا قالساڭ ئۆشنەڭگە ـــ

چىقار ئىكەن بىراۋ شۇندىن كېلىپ چاپان ياپارغا.
دەريالىرى شارقىرايدۇ گويا ناخشا، مۇقامدەك،
جور ئەيلىسەڭ خوپ يارىشۇر ئۇنى تەمبۇر، ساتارغا.
كائىناتنىڭ چىرىغىكەن قۇياش بىلەن ئاي دېگەن،
ئالدىرايدۇ چىقىپ ئۇمۇ تاغ كەينىگە پاتارغا.
ۋەتەن ئەمما قالار بۇندا نۆۋەت ئېلىپ شۇلاردىن،
ۋۇجۇدىدىن يەنە بىزگە ئىسسىق نۇرلار چاچارغا.
ۋەتەن بەردى ساقا، شائىر، قەلەم بىلەن قەغەزنى،
ئايلانغىنىڭ ئاشۇ، بىلسەڭ، خەلقىڭ ئۈچۈن چاكارغا.
ئەي، بىئەقىل، چاڭقىغاندا شۇ ۋەتەندىن سۇ ئىچىپ،
ئۇيالماسەن ئىش چىللىسا، سالقىن يەرگە قاچارغا.
ئالار قۇۋۋەت ۋۇجۇدىغا شۇ ۋەتەندىن بارچە جان،
قۇشلىرىمۇ ئېگىز كۆكتە ئەركىن قانات قاقارغا.
ئاۋۋال ۋەتەن تۇرغان يەردە،
ئاي مەسەللىك گۈزەللەر
گۈزەللىكتە تۆر تالىشىپ ئاۋارىدۇر بىكارغا.

1983 ـ يىلى، غۇلجا



## بەخت ساڭا بېقىپتۇ

دېھقان ئاكا، مۇبارەك، بەخت ساڭا بېقىپتۇ،
بەخت قۇشى بېشىڭدا ئەمدى قانات قېقىپتۇ.
ئىككى مەڭزىڭ قىپقىزىل كۈندە قىمىز ئىچكەندەك،
باياشاتلىق، توقچىلىق چىرايىڭغا يېقىپتۇ.
ئاپتاپ چۈشتى دۈمبەڭگە، پۇت ـ قولۇڭنى ئۇزۇن سۇن،
گويا جەننەت ئالدىڭدا ساڭا قۇچاق ئېچىپتۇ.
سۈزۈلگۈچە شېخىدا قالمايدىغان ئۆرۈكلەر
باغلىرىڭدا مەي باغلاپ، مۇرادىغا يېتىپتۇ.
يۈرىكىڭنى تىڭشىدىم تالايلىغان سۆھبەتتىن،
ھۆددە ئالغان يېرىڭمۇ سېنى مەمنۇن ئېتىپتۇ.
چايقىلىدۇ دېڭىزدەك ئەمدى يېشىل مايسىلار،
دېمەك، ھالال ئەمگىكىڭ يەرگە تاۋار يېيىپتۇ.
ئۈچىسىدا قىزىڭنىڭ يىپەك كۆڭلەك يەلپۈنەر،
تىل تەگمىسۇن، ھۆسنىگە بەخت نۇرلار چېچىپتۇ.
خۇرۇم شىبلىت غاچىلدار ئايىغىدا ئوغلۇڭنىڭ،
ئەمگىكىڭنىڭ ئۇمۇ ھەم مېغىزىنى چېقىپتۇ.
توخۇ قىلىپ، غاز قىلىپ سەندىن قالماي يەڭگەممۇ،
ھەپتىسىگە لاپ ئەمەس، مىڭلاپ تۇخۇم سېتىپتۇ.
قوشلاپ سىير ساغقانلار قاتارىدا ئۇ يەنە،
بىر سىيرنى پادىغا بۇ يىل ئارتۇق قېتىپتۇ.
چىلان تورۇق ئاستىڭدا تىزگىن سىيرىپ ئويناقلار،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تالاي بەيگە، ئوغلاقتا ئەڭ ئالدىدا چېپىپتۇ.
تەييار ئىكەن ھەر قاچان داستىخىنىڭ مېھمانغا،
سۇ ئىچكەندە چىنەڭدىن خۇددى كەۋسەر تېتىپتۇ.
قۇتلۇق بولسۇن شۇ كۈنلەر، دېھقان ئاكا، كامال تاپ،
بەخت قۇشى بېشىڭدا ئەمدى قانات قېقىپتۇ.

1983 ـ يىلى 5 ـ ئاي، غۇلجا



## ئېھ، قانداق گۈزەل بىزنىڭ باھارىمىز

ئېھ، قانداق گۈزەل بىزنىڭ باھارىمىز،
سازىدىن ئويغانمىغان بىرمۇ جان يوق.
تۆت پەسىل يوقلاپ ئۆتەر تەبىئەتنى،
باھاردەك ئەمما ئاڭا مېھرىبان يوق.

ئاق قارلىق تاغقا كۆنگەن بۈركۈتلەرمۇ
باھارسىز يېڭى ئۇۋا سالغان ئەمەس.
گۈزەلدۇر باھار ئىنسان ياشلىقىدەك،
ھۆسنىگە ھېچكىم ئۇنىڭ قانغان ئەمەس.

كاككۇكنىڭ ئاۋازىمۇ كەلدى ئەنە،
جان بەردى باھار كاككۇك گۈلىگىمۇ.
تۇرنىلار ئۆتۈشمەكتە بېشىمىزدىن،
تەبىئەت قاندى قۇشلار ئۈنىگىمۇ.

زەپ شېرىن تۈنلىرى بار بۇ باھارنىڭ،
تۇيۇلار سۈبھىلىرى ئاندىن گۈزەل.
تورغايلار چورۇقلىسا قانات قېقىپ،
خورازلار ئالقىشلايدۇ ئېيتىپ غەزەل.

باغلارغا كۆز تاشلىسام ئاق ھال چېچەك،
ئارتىشقان ئۆرۈك، شاپتۇل شايى رومال.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېلىدۇ باغدىن باھار پۇراقلىرى،
گۈپۈلدەر خۇشبۇي ئۇچۇپ تاغدىن شامال.

كۆزگىلەر يەلپۈندۇ ئېتىزلاردا
بەئەينى يېشىل تاۋار يېپىنغاندەك.
كۆك تېرەك ياپراقلىرى چالار چاۋاك
باھاردىن خۇددى كۆڭلى ئېچىلغاندەك.

قەلبلەر تېگىدىمۇ باھار، دوستلار،
ئېھ، قانداق گۈزەل بىزنىڭ باھارىمىز.
تىرىكلىك يايرار باھار قۇچىقىدا،
بەختتۇر بىزنىڭ ياڭراق شوئارىمىز.

1983 ـ يىلى 5 ـ ئاي، غۇلجا



## چاۋاك

گۆلدۈراس ئالقىش ـ چاۋاك كۆتۈرۈلدى،
كەلدى زال زىلزىلىگە يەنە بىر رەت.
سەھنىدە ئولتۇرىدۇ ئوغۇل ـ قىزلار،
مۇنبەردىن ئالدى بىرى سۆزگە نۆۋەت.

ھودۇقتى خۇشاللىقتىن ئۇ بىرھازا،
قولاشماي قالدى سۆزى ھاياجاندىن.
پولاتتەك قەسەم بولدى ئاخىرقى سۆز،
ئۇرۇلدى يەنە چاۋاك شەرەپ ـ شاندىن.

ئۇرۇپ باق ئالقىنىڭنى ئالقىنىڭغا،
بۇنىمۇ ئاتالغۇدا چاۋاك، دەيدۇ.
ئەل ئۇرغان چاۋاك ئەمما باشقىچىدۇر،
ئۇ گويا بورانلاردەك گۈركىرەيدۇ.

ھەيۋەتلىك بولماس ئۇنداق دەريالارمۇ،
شارقىراپ يازدا ياغقان يامغۇرمۇ ھەم.
قەدىرلىك تۇيۇلمايدۇ ساڭا ئۇنداق،
بېشىڭنى سىيلاپ تۇرغان غەمخورمۇ ھەم.

چۇشىدۇ چاۋاك چالساڭ ئائىلەڭدە،
ئۇسسۇلغا ئالتە ياشلىق گۆدەكلەرمۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىككى ياش مەرىكىسىگە چالساڭ ئۇنى،
جور بولۇپ شاد سوقىدۇ يۈرەكلەرمۇ.

چاۋاكلار ئىلھامدىن سېپىمىزگە،
مىڭلىغان قەھرىمانلار قېتىلغۇسى.
شۇ چاۋاك بەخش ئەتكەن قۇۋۋەت بىلەن،
تاغلاردىن يېڭى كانلار ئېچىلغۇسى.

نۇتۇقلار باشلىنىدۇ چاۋاك بىلەن،
ياڭرايدۇ چاۋاك بىلەن ناخشىلارمۇ.
شۇ چاۋاك بېغىشلانغان دىللار خۇشال،
سۆيۈنەر بۇ سەۋەبتىن باشقىلارمۇ.

ھەيۋەتلىك مۇراسىملار، كۆرەكلەرمۇ،
چۆمۈلەر شۇ چاۋاكتا تەنتەنىگە.
ئالقانلار قىزارغۇچە چاۋاك ئۇرماق،
ئايلانغان بىزدە ئۇلۇغ ئەنئەنىگە.

چاۋاك كۈچ، چاۋاك ئىلھام ۋۇجۇدۇڭغا،
دۈشمىنى ئەمما ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇق.
خەلقىمدىن چاۋاك ئېلىپ غادايغانىنىڭ،
بولمايدۇ بۇ سەپەردە يولى نۇرلۇق.

سۆيىدۇ ماڭلىيىغا بەخت قىزى،
چاۋاكلار ئۇرۇلغانچە ئېگىلگەنىنىڭ.
چاۋاك بار پەللىلەردە يەنە ئاڭا،
بىر ئۆمۈر غۇرۇرى ئۇ ئەزىز ئەلنىڭ.

پەخىرلەن، بۈگۈن ۋەتەن، شۇ چاۋاكلار،
دەل سېنىڭ بەختىڭ ئۈچۈن ئۇرۇلماقتا.
پەخىرلەن، باغرىڭدىكى يېڭى ھايات،
شۇ چاۋاك، شۇ ئالقىشتا قۇرۇلماقتا.

1983 ـ يىلى 5 ـ ئاي، غۇلجا

## ھەر قەلبتە بىر گۈمبەز

قەبرىڭىزگە يەنە بىر كەلدىم،
تاۋاپ قىلىپ، ئۇستاز ئەخمەتجان.
قايدا يۈرسەم، ياد ئېتىپ يۈردۈم،
روھىڭىزنى قىش - ياز، ئەخمەتجان.

تاغلار تۇرار مازارىڭىزدەك،
قارىغايلار تۇتۇشۇپ ماتەم.
تاۋاپ قىلدىم شۇلارنى يەنە،
تاۋاپ قىلدىم ئادەملەرنى ھەم.

تىكلىشىپتۇ ئۇلار، بىلىسىڭىز،
ھەر قەلبتە سىزگە بىر گۈمبەز.
چېتى ئۇنىڭ چەكسىز ئۇپۇقتا،
ئېگىزلىكى مىڭ گەز - مىليون گەز.

1983 - يىلى 5 - ئاي



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئوقۇغۇچىلار

(ئۆسمۈرلەرگە)

مەكتەپ دېگەن بىلىمنىڭ بۇلىقىدۇر، ئوقۇغۇچىلار،
بىلىم دېگەن ئەقىلنىڭ چىرىغىدۇر، ئوقۇغۇچىلار.
بىلىملىكلەر گوياكى تاڭ سەھەرنىڭ چولپىنى،
ئوقۇماسلىق نادانىنىڭ قىلىقىدۇر، ئوقۇغۇچىلار.

كامالىتى بۈيۈكتۇر ئىلىم - ئىرپان، ئوقۇشنىڭ،
سىرلىرىنى پەن ئاچتى تاشتىن گەزمال توقۇشنىڭ.
ۋاقتى كەتتى كالتەكلەپ كۆممىقوناق سوقۇشنىڭ،
پويىز — بۈگۈن ئىنسانىنىڭ ئۇلىغىدۇر، ئوقۇغۇچىلار.

يەردىن ئۇچتى غارقىراپ يۇلتۇزلارغا ئىنسانلار،
يۇلتۇزلاردىن بىزگىمۇ كېلۇر ئەمدى مېھمانلار.
توك ئىلمىدىن تېپىلدى شۇ ئۇچۇشقا ئىمكانلار،
تۈندە چۈشكەن نۇر شۇنىڭ يورۇقىدۇر، ئوقۇغۇچىلار.

ئۆيدە تۇرغان ئۇنئالغۇ ئىلىم - پەننىڭ دەللىلى،
كۆرسەتمەكتە تېلېۋىزور جاھاندىكى ھەممىنى.
گاز ئوچاقلار ھەل قىلدى يېقىلغۇنىڭ غېمىنى،
بىلىم شۇنداق ئىجادنىڭ ئۇرۇقىدۇر، ئوقۇغۇچىلار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆن تۈتۈلار قايسى كۆن، قايسى سائەت، منۇتتا،
يامغۇر ياغار قايسى چاغ، قايدىن كەلگەن بۇلۇتتا.
ئالدىن بىلەر قۇدرەت يوق پەندەك نادان ۋۇجۇدتا،
پەن هاياتنىڭ كۆزى ھەم قۇلىقدۇر، ئوقۇڭلار.

ئوقۇڭ، ئوغلۇم، سىز ئۆچۈن پەندىن كېلەر پاراغەت،
ئوقۇڭ، قىزىم، كۆتمەكتە سىزنى پەندە سائادەت.
جاھان كۆتەر سىلەردىن مۆجىزە - يۇ، كارامەت،
ئىمتىھانلار شۇلارنىڭ سىنىقىدۇر، ئوقۇڭلار.

ئۇستاز دېگەن ئۇلۇغدۇر، ئاتا - ئانا مىسالى،
ئەمما ئەدەپ - ئەخلاقتۇر ئاۋۋال كۆتكەن نىشانى.
شۇنداق دەۋەت مېنىڭمۇ بۇرچۇم ئىكەن ئىنسانى،
ئۇستاز شۇڭا ئۇلۇغنىڭ ئۇلۇغىدۇر، ئوقۇڭلار.

1983 - يىلى 6 - ئاي، غۇلجا



## مەشرەپ ھەققىدە مۇخەممەس

ئېلىپ جاي قايتىدىن ئازاد زامان دەرگاھىدىن، مەشرەپ،
تۆرەلدىڭ بىر ئانا يەڭلىغ مۇقەددەس غايىدىن، مەشرەپ،
ئۆزۈڭدىن مىڭ باھار سەزدۇق قىسىپ گۈل ـ لالىدىن، مەشرەپ،
ئېلىپ ئىسسىقنى سەنئەتنىڭ قەدىم گۈلخانىدىن، مەشرەپ،
شۇڭا، تەبرىك ئېيتۇر ئوغلۇڭ بۈگۈن ئىلھامىدىن، مەشرەپ.

ئۆگەنگەن دادام ئۇقسام بېيىت ـ قوشاقنىمۇ سەندىن،
خالاس بولغان ئىكەن سەندە بىرەردەم بولسىمۇ غەمدىن،
قوبۇل ئەيلە بۈگۈن، مەشرەپ، تەشەككۈر شۇ ئۈچۈن مەندىن،
سېنىڭ سۆت ـ چايلىرىڭ بەرگەن ئىكەن لەززەتنى زەمزەمدىن،
ئۇنى كۆرگەن تارىخنىڭ سەن يېزىلغان بابىدىن، مەشرەپ.

تالاي قائىدىدىن يۇرتقا مىسالى داستىخان سالماق،
تۇتۇپ ئاپتۇۋىنى، داسنى ۋە ياكى قولغا سۇ ئالماق،
سېنىڭدىن كەلدى ھەتتاكى ئېلىپ سورۇندا ساز چالماق،
نومۇستۇر ئۇشبۇ تۆھپەڭدىن بۈگۈن بىزلەر ئۈچۈن تانماق،
ياراتتىڭ نۇر بېرىپ بىزنى ئەقلىنىڭ شامىدىن، مەشرەپ.

ئۆزۈڭ ئۇستاز، ئۆزۈڭ مەكتەپ بولۇپ مىڭلاپ گۆدەكلەرگە،
ئايان قىلدىڭ ماڭار يولنى گويا ئازغان پىلەكلەرگە،
سىڭىپ سەندىن يوسۇن ـ ئەخلاق تامام بىزنىڭ سۆڭەكلەرگە،

سىنىڭ ناخشاڭ بىلەن كىردۇق تالاي تاتلىق تۈنەكلەرگە،
شۇڭا مەن ئاپىرىن ئېيتتىم ساڭا ئەل نامىدىن، مەشرەپ.

ئۆلۈمدىن ساق كېلىپ مەنمۇ تۇرارمەن سەندە مەشرەپتە،
تالاي يىللىق جاپاكەشلەر ئەمەسمىز ئەمدى ھەسرەتتە،
ئوغۇل – قىز، چوڭ – كىچىك بارچە تۇرۇپ بۇ جايدا رەت – رەتتە،
دۇتار، داپ ھەم راۋاب، تەمبۇر... بولۇشنى بەزمە، سۆھبەتتە،
سۆيەر بولدى بۈگۈن خەلقىم بەخت رۇخسارىدىن، مەشرەپ.

1983 – يىلى 9 – ئاي، غۇلجا



## شۇ ئەمەسمۇ بەختنڭ ئۆزى

يۇلتۇز كۆرسە كۇندۇز كم ئەگەر،
بولار دەيدۇ بەختى زيادە.
ئۇچار گلەم ئېلپ يۇرەرمش،
سەپەرلەردە قويماي پيادە.

كۆككە باقتم ئاشۇ ئارزۇدا،
مەن كۆرمدم يۇلتۇزنى لېكن.
توۋا دەيمەن، شۇ رۋايەتتن
بەخت تاپقان قېنى، كم ئېكن؟

جاراڭلدى بردن قوڭغۇراق،
باش كۆتۇردۇم چوڭقۇر خيالدن.
دەپتەر ئالدم، كردم سنپقا،
هاياجانغا تولدۇم بر هالدن:

قرق گۆدەك تۇردى ئورندن،
كۆچەت ئۇلار گويا قرق تۇپ.
چرايدن چولپاننى كۆردۇم،
يۇلتۇز ئدى كۆزى قرق جۇپ.

شۇ ئەمەسمۇ بەختنڭ ئۆزى،
ئەپسۇس، ئەقلم شۇنى سەزمگەن!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىسست، دېدىم نادانلىقىمغا،
كۆكتىن كۈندۈزى يۇلتۇز ئىزدىگەن.

1983 ـ يىلى 11 ـ ئاي، غۇلجا

## بەخت

كۈلۈپ تۇرغان بىر گۈزەل سەن، پېشانەڭدە نۇر،
ئاي، دەي دېسەم، بىراق بەخت، ئايدىمۇ داغ بار.
قۇياش دېسەم جامالىڭنى، ئۇنىڭمۇ ئەمما
بېسىپ ئۆتكەن ئىزلىرىدا قارالغۇ چاغ بار.

سىز المىدىم سياقىڭنى ئوخشىتىپ، ئەپسۇس،
كەملىك قىلۇر قىياس قىلسام سېنى گۆھەرگە.
مەندىن تەسىۋر كۈتكەنلەرگە چېھرىڭ توغرۇلۇق،
باققىن، دېدىم، باھاردىكى سۈزۈك سەھەرگە.

ئۆتمەك، دېدىم، بۇ دۇنيادىن ياخشى نام بىلەن،
جاۋابىڭغا «بەخت نېمە؟» دېگەن سوئالىڭ.
پاكلىق! دېدىم رۇخسارىڭنى سورىغانلارغا،
دەلىل قىلىپ سۈرئىتىگە ئۇنى خىيالىڭ.

تىڭشاپ باقسام رەزىللەرنىڭ تەبىرلىرىنى،
بىرى دەيدۇ: بەخت دېگەن ئېگىز راۋاقتا.
بىرى دەيدۇ: بەختلىكتۇر ئىشرەتلىك ئىنسان،
بەخت ياكى قېنىپ ئىچكەن كەچلىك قاۋاقتا.

پېچىرلىدى قۇلىقىمغا كىملەردۇر يەنە
«بەخت ئۆزى شىلىپ يېگەن نەپتە» دېيىشىپ.

ئۆتەر ئىكەن قىيامەتتىن ئىلەپ ئۆزۈڭنى،
قانچە دەرۋىش، ئاشىقلار ھەم جەندە كىيىشىپ.

خاتا چىقتى ئاشۇلارنىڭ ئېيتقىنى تامام،
ئۇلار بەردى زاۋاللىققا سىنىڭدىن بوياق.
ئۇلار بىلمەس بەخت ئەسلى كىملەرنىڭ دوستى،
ۋە شۇنداقلا، كېلۇر باغلاپ كىمگە ئىشتىياق.

نەزەر سالسام بۇ دۇنيالىق قارارگاھىڭغا،
پەزىلەتلىك ھەر ئىنساننىڭ يېنىدا سەن بار.
بۇ ئالەمدە ھالاللىقتىن بۆيۈك دوستۇڭ يوق،
ھەر ئادەمنىڭ ھالال يېگەن نېنىدا سەن بار.

سېنى كۆردۈم بايا يەرگە چۈشكەن بوۋاقتا —
بېقىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئاتا - ئانىنىڭ.
سېنى كۆردۈم ئەڭ ئاداققى قەترىسىدىنمۇ
بايراملاردا كۆتۈرۈلگەن قەدەھنىڭ - جامىنىڭ.

كۆردۈم سېنى بۈگۈن يەنە دېھقان ھۆسنىدىن،
خامىنىدىن ئۆزى ئىشلەپ، ئۆزى چەشلىگەن.
سېنى كۆردۈم ئات مىندۈرۈپ ھارغان بىراۋغا
پىيادىنىڭ دەل روھىدىن چۆلدە كەچلىگەن.

ئۆزگە ئەلدە مۇساپىرلىق چەككەنلەر ئېيتۇر:
ئىست، ئىست، بەخت دېگەن ئۆز ئەل ئىكەن، دەپ.
يۇرەكلەرنى يايراتمىدى ئۆزگە «گۈلىستان»،
بولدى بىزگە بەخت ئەمەس، خۇددى تىكەن، دەپ.

تارتمىغانلار ئاسارەتنىڭ كۈلپەتلىرىنى
يەتمەيدىكەن ئەركىنلىكنىڭ ئەسلا قەدرىگە.

بەخت، ئاۋۋال كۆردۈم سېنى شۇ ئەركىنلىكتە،
ھارارىتىڭ تەڭ قۇياشنىڭ جىمى ئەجرىگە.

ئالدى سەندىن ئۈنۋانىنى بۈيۈك مەردلىكنىڭ
دوستى ئاققان دەريالارغا ئۆزىن ئاتقانلار.
ئادەملەردىن لەۋھە ئۆزۈك ۋاپا ئەھلىگە،
ئۆمۈر بويى دۈشمەن ساڭا ۋىجدان ساتقانلار.

ئېپار ھىدلىق نازىنىنلار زوقۇڭنى تارتماس،
ئاشىقى سەن، ھۆسنى ئەمەس قەلبى گۈزەلنىڭ.
سەن كېلسەن ئۈلۈغلىنىپ، كۈيلىنىپ دائىم،
مىسراسىدا تۈمەن شائىر يازغان غەزەلنىڭ.

سەن ئىكەنسەن ئىجاد، مېھنەت بۇلبۇللىرىغا،
ئۆزى گويا ھۇزۇر بەرگەن چىمەنزارلىقنىڭ.
مەن سۆيىمەن سېنى، بەخت، كۈيلىدىم شۇڭا،
غۇرۇرىدىن شېئىر يېزىپ بەختىيارلىقنىڭ.

1984 ـ يىلى 4 ـ ئاي، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## مەكتەپ

(مۇخەممەس)

ساڭا تەگداش تېپىلماق تەس جاھاننىڭ گۆھرى، مەكتەپ،
گۆھەر جىسمىڭغا شەيدامەن، ئەقلىنىڭ گۆھرى مەكتەپ،
بۇ جەۋھەر ئالدىدا نەدۇر بېھىشنىڭ كەۋسرى، مەكتەپ،
مەرىپەت ئەھلىنىڭ بارچە ئۆزۈك ئۇستاز، پىرى، مەكتەپ،
سېنىڭدىن ئۆزگە بولغايمۇ جاھاننىڭ ھەم تۆرى ، مەكتەپ.

دېسەك مەكتەپ، ئۇلۇغلانغاي سېنىڭدە ئەڭ ئاۋۋال ئۇستاز،
ئۆزۈك تاغ سەن، تۇرار ئۇستاز سېنىڭدە سولمىين قىش، ياز،
ئۇنىڭ تەسۋىرىگە ئەپسۇس، نېتەي، مەندە قەلەم كۈچ بار،
دېگەنلەر شۈبھىسىز ئەخمەق، مۇئەللىم ئىلكىدە ئىش ئاز،
كەچۈرمەڭكى، قىلار بولسا شۇ گەپنى گەر بىرى مەكتەپ.

ئانا، دەيدۇ سېنى ھەتتا ئېگىز ئاسماندا ئۇچقانلار،
يېنىڭدىن ئۆتتى ھۆرمەتتە پويىزدا رولنى تۇتقانلار،
ياغامدۇ پەن - مەرىپەتكە بۈگۈن مۇنداق شەرەپ - شانلار،
قاناتنى ئالمىسا سەندىن زېمىندىن ئايغا چىققانلار،
سوقۇلدى سەندە باتۇرنىڭ قىلىچ ۋە شەمشرى، مەكتەپ.

بۈگۈن مىليون گۆدەك قەلبى ساڭا ھۆرمەتتە تەلپۈنگەن،
قىزىل تۇغ نۇر چاچار دائىم بۇلۇتسىز كۆكتە يەلپۈنگەن،

شۇلار، بىلسەڭ، سېنىڭ مايساڭ ئۇلۇغ مېھرىڭ بىلەن ئۈنگەن،
تونۇپ ئەخلەتنى، ئىللەتنى تامام يەر ئاستىغا كۆمگەن،
چېقىلدى سەن بىلەن مەڭگۈ ئاسارەت زەنجىرى، مەكتەپ.

قەدىرلەيدۇ ئۇلار ئۇستاز قارا دوسكاڭغا يازغاننى،
بىلەر سەندە شۇلار مارجان ۋە ياكى جىسمى ئازغاننى،
بىلەر شۇنداقلا كەتمەن ھەم ئورغاقنى، بولقا، بازغاننى،
ئۇلۇغلاپ بىر كۆچەتچۈنمۇ بىرەر ئورەكنى قازغاننى،
سېنىڭسىز قايدا باسقاي بۇ جەمئىيەت ئىلگىرى، مەكتەپ.

تۇرار ئەنە، كىتاب ئاتلىق سېنىڭدە بىر ئۇلۇغ ھېكمەت،
كېلۇر بۇندا شۇ ھېكمەتكە ئۇزاقتىن ھەر كۆڭۈل چۆپقەت،
قۇرار ئوغلۇڭمۇ كۈن ـ كۈنلەپ ئاشۇ ھېكمەت بىلەن سۆھبەت،
سەۋەب، ئۇندىن كېلۇر دىلغا مۇقام ۋە بىباھا ھۆكمەت،
ئوقۇر ھېكمەت ۋاراق ئۇزرە زامانلار شائىرى، مەكتەپ.

1984 ـ يىلى 5 ـ ئاي، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## بىلمەيمىز، بولدۇقمىكىن شۇنداق ئانا

دان توشۇپ، تىنىم تاپماي، ئورۇقلىغان،
ئۇۋىدا باللىرى چۇرۇقلىغان.
بىر قۇشنىڭ شائىرى مەن ھەر يازلىقى،
دىلىدىن شۇ مېھنەتنى ئۇلۇغلىغان.

تۆكى يوق بىچارىنىڭ مەيدىسىنىڭ،
جۆدەپتۇ، ماغدۇرى يوق گەۋدىسىنىڭ.
دان توشۇپ ئاچ يۈرگەنگە، توۋا، دەيمەن،
بىلمىدىم، چېكى نەدە سەۋرى سېنىڭ.

تەكتىگە بۇ ھېكمەتنىڭ ئەقلىم يەتمەي،
بېشىمدىن ئۇنى ياكى تەرك ئەتمەي.
بىردە شۇ قۇش ئۇۋىسى، بىردە مەكتەپ،
ئالدىمدا سۈرەتلىنەر كۆندە كەتمەي.

تالايلاپ پەرزەنتلەرگە بولۇپ ئانا،
ئۇلارنى ئۇچۇم قىلدۇق بىزمۇ مانا.
بىلمەيمىز بولدۇقمىكىن شۇ قۇشلاردەك،
بىزمۇ ھەم پەرزەنتلەرگە شۇنداق ئانا؟

1984 ـ يىلى 6 ـ ئاي، غۇلجا

## شېئىر، شۆھرەت ۋە مەن

قەلەمنى ئالغىنىم يوق شۆھرەت ئۈچۈن،
يۈكسەكلىك تالاشمايمەن ھېچكىمدىنمۇ.
مۇرادىم ــــ ئەلنىڭ مەندىن مەمنۇنلۇقى،
ئەپسۇسلار ئاڭلىغۇم يوق ھېچ دىلدىنمۇ.

سايەمگە قاراپ ماڭسام كوچىلاردا،
كۆلىدۇ بىلمىگەنلەر سەۋەبىنى.
غادىيىپ قالدىممۇ دەپ ئەنسىرەيمەن،
شۇ تەشۋىش ئەگىپ يۈرەر ھەردەم مېنى.

ياراشماس تاغلارغىمۇ تەكەببۇرلۇق،
ئاسمان بار تاغلاردىنمۇ چۈنكى ئېگىز.
قانچىكى پەستە بولسا شائىر كۆڭلى،
ئەل ئۇنى كۆرىدىكەن شۇنچە ئەزىز.

ئېسىلسۇن ئېسىلغانلار ئېگىز شاخقا،
زەررىچە تارلىقىم يوق ئەزبىرايى.
ۋە لېكىن مەن يادىڭغا سىلىپ قوياي،
پەستىدۇر يۈكسەكلىكنىڭ ئەسلي جايى.

ئاشقىنىم راستتۇر، بەلكىم بىرەر قىردىن،
تاغ ئاشتىم دېسەم ئۆلەي كۆپۈرلۈقتىن.

چىن شائىر چىقار ئىكەن شۆھرەت ئەمەس،
ئەل بەرگەن رىزقى ئۈچۈن شۈكۈرلۈكتىن.

نەپ بىلەن ئۆلچىمەيمەن ئادەملەرنى،
ئۆلچەيمەن پەزىلەتىنىڭ قېلىپىدا.
ياخشىلار بىزار بولغان مەلئۇنلارنىڭ
ئەجلى شېئىرىمنىڭ قىلىچىدا.

مەيدەڭنى كېرىۋالما، مىسرالىرىم،
بىر قۇلنىڭ ئاۋازى سەن خەلقىڭ ئۈچۈن.
ئەگىپ ئۆت يولدا شۆھرەتپەرەسلەردىن،
شەرەپتۇر بۇمۇ سېنىڭ قەلبىڭ ئۈچۈن.

قەلەمنى ئالغىنىم يوق شۆھرەت ئۈچۈن،
يۈكسەكلىك تالاشمايمەن ھېچكىمدىنمۇ.
مۇرادىم — ئەلنىڭ مەندىن مەمنۇنلۇقى،
ئەپسۇسلار ئاڭلىغۇم يوق ھېچ دىلدىنمۇ.

1984 - يىلى 6 - ئاي، غۇلجا



# تاغ ناخشلرى

## سالام، تاغلار

قش بولماس كۆگۆللەردىن سالام، تاغلار،
تۆت ـ بەش كۈن ساڭا مېھمان بولۇپ كەلدۇق.
بار دېسەك تۇتاش كەتكەن تاغلىرىمىز،
تۈگمەس ئېپتىخارغا تولۇپ كەلدۇق.

چىمەندىن چاپان كيگەن تاشلىرىڭغا
باشقىدىن بىر مۇھەببەت قويۇپ كەلدۇق.
تاغ دېسەك شېرىن بولدۇق قەلبىمىزدە،
ئوتتۇڭدا پەرھاد كەبى كۆيۈپ كەلدۇق.

قورامىلار تۆۋلىرىدىن ئىزدەپ تېپىپ،
نوزۇكىنىڭ ئىزلىرىنى تونۇپ كەلدۇق.
قايتىدىن قەدىرلىدى زامان بىزنى،
باشقىدىن قايناق سورۇن قۇرۇپ كەلدۇق.

ياز ساڭا يارىشىپتۇ، شۇڭا ئاۋۋال،
شۇ يازنى يۈرەكلەردىن سۆيۈپ كەلدۇق.
تاغ ئەھلى، بەر قولۇڭنى سېغىنىشتا،
بىزمۇ ھەم قولىمىزنى سۇنۇپ كەلدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## تاغدا مەن

تاغدامەن، كۆك ئاسمانىنىڭ قەرىدە مەن،
ئاستىمدا قالدى ھاڭلار، تىك قىيالىق.
قار كەتمەس ئۇچمىلاردا ئىزلىرىم بار،
سىردىشىم سايلار مېنىڭ گۈل ـ گىياھلىق.

خورازغا پۈتۈلگەن تاج، قەلەمداشلار،
بار ئىكەن زېمىندىمۇ تاغلار ئاتلىق.
ھەر سەھەر سۆيىدىكەن شۇ تاغلارنى
ئەڭ ئاۋۋال ئالەم قىزى ئالتۇن چاچلىق.

تاغدا مەن، شۇ تاغلارنىڭ قوينىدا مەن،
بۇلاقلار يېنىدا مەن كىيىك كۆزلۈك.
ئىشقىمنى بىلىپ قالدى ھەربىر قاپتال،
شۇنداقلا بۆلجۈرگىنى ئانار يۈزلۈك.

سورايدۇ ھاڭلار مەندىن: ئارقارمۇ سەن،
تاشلار يوق سەن چىقمىغان ئەجەبا، دەپ.
ئۈستۈڭدىن ئۇچۇپ يۈرگەن لاچىن تۇرسام،
مەن ئېيتتىم: مۇنداق سوئال نەدە بار، دەپ.

كۆزلىرىم ئۇپۇقلارغا ئات چاپقاندا،
پايانسىز دالالاردىن ئۆتتى ئۇچۇپ.
باقمەن ۋادىلارغا مۇھەببەتتە،
ياتىدۇ بىر گۈزەللىك ئۇنى قۇچۇپ.

كۆرۈنەر ھەر مەھەللە بىر تۈپ چىغدەك،
يېزىلار قاپتۇ دېمەك، تالاي پەستە.
«ئاشۇمۇ تونۇش دەريا» دېدىم ئاران،
كۈمۈشتەك بىر لېنتىنى بايقاپ تەستە.

يەتكۈزدى سالامىنى سەھرالارنىڭ
تۈن كېچە ئۈندا يانغان مىليون چىراغ.
تاغدا مەن، لېكىن كۆڭلۈم، ئىشىنىڭلار،
شۇ سەۋەب جۇدالىقتىن مەڭگۈ يىراق.

تاغدا مەن، بۇ تەۋەررۇك كۆك سەھنىسى،
يەر ئەمەس، يۇلتۇزلارنىڭ ئىلكىدە مەن.
تاغدا مەن، نەدە بولسۇن قايغۇ مەندە،
بىر شادلىق ئىلكىدە مەن، كۈلكىدە مەن.

قىيغىتىپ بىردە گويا گۆدەكلەردەك،
بىردە كۆك قىياقلارغا ئېغنايمەن.
قۇچاقلاپ تۇرسا مېنى تامام چىمەن،
قانداقچە باغنى يەنە سېغنايمەن؟

بۈركۈتى بولساق، ئەتتەڭ، شۇ تاغلارنىڭ،
ھاڭلارغا قانچە ئۇۋا سالاتتىمكەن.
قارىغىيى بولۇپ ياكى چوققىلارنىڭ،
قىشتىمۇ شۇ تاغلاردا قالاتتىمكەن.

ئاۋۇللار ئاۋاتلىقى قىلدى قايىل،
چىنلىقنىڭ دەرگاھىغا باشلاپ مېنى.
ھاياجان نەگە بارسام ھەمراھ ماڭا،
شادلىق ھەم كەتكىنى يوق تاشلاپ مېنى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاغدا مەن، كەتكۈم كەلمەس بۇ تاغلاردىن،
تاغلارغا تەشنالىقىم بېسىلمىدى.
قۇچاقلا تاغلار مېنى، چىڭ قۇچاقلا،
خۇمارىم تېخى مېنىڭ يېشىلمىدى.

## تاغ شامىلى

بىر سايىدىن گۈل ھىدىنى ئېلىپ چىقساڭ،
بىر گۈلزار بىللە كېلۇر دائىم ساڭا.
ئايلىناي، تاغ شامىلى، ھۇزۇرۇڭدىن،
مەيدەمنى ساڭا تۇتتۇم كۈندە شۇڭا.

تاغلارنىڭ تىنىقىدەك تۇيۇلسەن،
مەغزىمنى ھەر چوققىغا تۇتتۇم يېقىن.
تاغلارنىڭ مەغزى بولساڭ،
راستىڭنى ئېيت،
مەغزىمگە ئۆزۈڭنىمۇ تۇتقىن يېقىن.

سەن بىلەن تاغ سۆيگۈسى ئاشتى مەندە،
تاغلارنى شۇ سۆيگۈدە قۇچاقلىدىم.
سەھراغا يەتكۈز مېنىڭ ئاۋازىمنى،
مەن تاغدا كۈلۈپ يۈردۈم ـ قاقاھلىدىم.

ھاپاشلاپ قانچىلىغان ناخشىلارنى،
يېشىل رەڭ قاپتاللاردا ئوينىتىسەن.
قىزلارنى ياستۇقىدىن ھەر سەھەردە
ئەڭ ئاۋۋال ئۆزۈڭ كىرىپ ئويغىتىسەن.

ئۆلەنلەر تارىلىدۇ ئۆيدىن يەنە
سەن بىلەن دالىلارنىڭ قۇچىقىغا.
شادلىقنىڭ جاكارچىسى ئۆزۈڭ گويا،
چاپسەن كۆك ئاسماننىڭ ئۇپۇقىغا.

دۆڭلەر يوق سەن كەزمىگەن، تاغ شاملى،
قۇلۇنلار بىلدى سەندىن قىيغىتىشنى.
تاغلاردىن ئۇچۇپ بېرىپ سەھرالارغا،
بىلسەن يەنە ئالما ئىرغىتىشنى.

ھەر تاشقا گىرە سېلىپ ئېسىلسەن،
تاغلارنىڭ ئەركىسى سەن، تاغ شاملى.
قەلبىمگە ئۆزۈڭ قوشلاپ يېقىپ قويدۇڭ
تاغلاردا مۇھەببەتنىڭ ئوت ـ شامىنى.

## تاغ گۈللىرى

باھارنىڭ دوقاللىرى كەتمەي تۇرۇپ،
لەۋ ئېچىپ چېچەكلىمەس باغ گۈللىرى.
ۋە لېكىن ئۇششۇمەسكەن جۇدۇنلارنىڭ
ھەيۋە ھەم تەھدىتىگە تاغ گۈللىرى.

باتۇرلار جەسۇرلۇقى سىڭگەن ئىكەن
تاغلارنىڭ قارىغاي تۈگۈل گۈللىگىمۇ.
ئېيتقىنا، تاغ گۈللىرى، قارىغايلارنىڭ
رەڭمۇ رەڭ ئۆزۈڭ خاس بىر بۆلۈكمۇ.

ئېيۇننىڭ تاۋار تۇسلۇك ساھىب ھۆسنى —
شۇ گۈللەر تاغلار ئۇچۇن ھىممەت ئىكەن.

شائىرغا تاغدا جمى گىياھ ئارا
گۈللەرنىڭ جەسۇرلۇقى قىممەت ئىكەن!

## بەيگىدە

بەيگىلەر ئايلىنىدۇ بىر تۈزلۈكنى،
قوشۇلۇپ ئايلىنىدۇ كۆزىمىزمۇ.
بەند ئاڭا ئەس ـ يادىمىز بارچىمىزنىڭ،
چۈشكەندەك شۇ بەيگىگە ئۆزىمىزمۇ.

بەيگىلەر ئايلىنىدۇ، مەھلىيا بىز،
ھەربىرى كۆڭلىمىزدە بىر ئۇچار ئات.
لەپپىدە چىقتى ئەنە «ھە» دېگەندە،
پۇشقۇرۇپ ئەڭ ئالدىغا بىر چىپار ئات.

«مۆھىرىنى ئالدى، دېدۇق، جەزمەن چىپار»
توۋلىشىپ ـ ۋارقىرىشىپ بىرقانچىمىز.
ھاي بېرىپ بىر پىشقەدەم «بەس» دېسىمۇ،
كەتمىدۇق پەرۋا قىلىپ ھەم ئانچە بىز.

سىلجىدى ئالغا سەپنىڭ ئاخىرىدىن
ئېيتقاندەك بايقىساق بىر تورۇق قاشقا.
قالدۇرۇپ چىپارنىمۇ ئۆز كەينىدە،
يەتتىنچى ئايلىنىشتا ئۆتتى باشقا.

بىر تۈزلەڭ كەلدى پۈتكۈل زىلزىلىگە،
تاغ ئىچى چۇقانلاردىن جاراڭلىدى.
ئونىنچى ئايلىنىشمۇ پۈتتى ئەنە،
ئەڭ ئاۋۋال ئۇنى تورۇق تاماملىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uygharkitap.com

بوۋايغا قاراپ قويدۇق يەر ئاستىدىن،
بۇ ئۆزى ئادەممۇ يا خىزىرمۇ، دەپ.
ئورۇنسىز ئېيتىلمىغان ھېكمەت ئىكەن،
ياخشى ئات يۈگرەر ئەسلى ئۇزۇنغا، دەپ.

## قىر قىزلىرى

قىر قىزلىرى، تاغلار سەن بىلەن
بولۇپ قاپتۇ شەلپەر ئاسقاندەك.
نەگە بارسام، شۇ جاي كۆزۈمگە
كۆرۈندۇ كەشتە باسقاندەك.

تويلاردىكى ئالىيشىللىق
سىنىڭ ھۆسنۈڭ ـ قىياپىتىڭدۇر.
ھەربىر ناخشا مىڭلاپ يۈرەكتە
قىلغان سىنىڭ ساياھىتىڭدۇر.

كىيگەنلىرىڭ تاۋارۇ دۇردۇن،
مىنگەنلىرىڭ تامامى تۇلپار.
ئەمدى بىلدىم: تۇغۇپتۇ زامان،
تاغلار ئۇچۇن سىلەردەك شۇڭقار.

ئايرىماق تەس سىنى چۇغلۇقتىن،
جىلۋەڭ جەمدۇر لەيلىقازاقتا.
قىر قىزلىرى، يىڭى ھۆسىندە
يارىشىپسەن ئەجەبمۇ تاغقا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## قارىغايغا قاراپ

قارايمەن قارىغانچە قارىغايغا،
قانچە رەت كۆزلىرىمگە ئېلىپ قالدى.
ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ شۇ تاغلاردا،
كۆزۈمنىڭ قارچۇقىنى ئېلىپ قالدى.

قارىدىم، ئويغا پاتتىم: ئادەملەرمۇ،
دېدىم مەن، ــ قارىغايلاردەك يېشىل بولسا.
بېشىغا جۇدۇن بىلەن قىش كەلسىمۇ،
رەڭگىدىن كەتمەيدىغان ئېسىل بولسا.

## باقساڭ باق، ھەر نەرسىنى جۇپ بىلەن

باغلاپسەن ئاق زەنجىردە بىر بۇغىنى،
كەڭ دالا قەپەس بوپتۇ بىچارىگە.
قاققىنىڭ تۆمۈر قوزۇق غولاچچە بار،
خۇمار ئۇ ئۆز يارىنىڭ گۈل ھۆسنىگە.

ئېيتقىنا، جۇپىنى ئايرىپ ئاساسلاندىڭ
قانداق سۆز ياكى قانداق ئىبارىگە؟
قارايدۇ ئاسمانلارغا ئۇيۇققچە،
ئەركسىز بىر يۈرەكنىڭ ئەرزى بىلەن.

ئەزەلدىن دۈشمەن ئەمەس، ياۋ ئەمەس ئۇ،
قەست قىلغان ساڭا ياكى قىلىچ ئېلىپ.
ئازابتىن ئىسكەنجەڭنىڭ ئاز دېگەندەك،
ھىجراندىن تېگىپ تۇرار قىلىچ كېلىپ.

يۈرسەن ئۆزۈڭ ئازاد تاغ ئەركىسى،
تۇتۇپسەن، ئەمما ئۇنى ئاسارەتتە.
مۇھەببەت ۋىسالىنىڭ بېشى ھۆرلۈك،
قاقشاتما ئۇنى، شۇڭا ئەلەم ـ دەردتە.

بىلمەيسەن ئۇنىڭ مىسكىن يۈرىكىنى،
يار دېسە تېپچەكلىگەن، ئويناپ تۇرغان.
غېرىب ئۇ ئىسكەنجەڭدە ئەلەم چېكىپ،
كۆنبويى مۇھەببەتنى ئويلاپ تۇرغان.

تاغلارغا قويۇۋەتكىن ئۇنى، دوستۇم،
ئۆرتىمە ئەمدى سۆيگۈ ئوتى بىلەن.
يارىنى تېپىپ كەلگىن ياكى تاغدىن،
باقساڭ باق، ھەر نەرسىنى جۇپى بىلەن.

1984 ـ يىلى 8 ـ ئاي، غۇلجا، يالغۇز قارىغاي



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئەخلاق

(مۇخەممەس)

تىرىكلىكتە جىمى ئىنسان ئۈچۈن گۈل ـ لالىدۇر ئەخلاق،
كىشى جىسمىغا ھىد چاچقان ھايات گۈلزارىدۇر ئەخلاق،
پەزىلەت ئىزدىگەنلەرنىڭ تامام ئۆز يارىدۇر ئەخلاق،
بۇگۈن بىزلەر ئۈچۈن گويا گۈزەل بىر غايىدۇر ئەخلاق،
دېسەم ھەقلىق ئېرۇرمەنكىم: گۆھەر، دۇردانىدۇر ئەخلاق.

نومۇس، شەرمەندىلىك بىزگە ئاتالماق ئەلدە ئەخلاقسىز،
سەۋەب: ئەخلاقى يوقلار دەل ياغاچتۇر مېۋىسىز، شاخسىز،
ئۇ ئەبجەق شوتىدۇر ياكى مىسالى تۇرقى بالداقسىز،
ئۇنى گەر بولسىڭىز سۆيگەن، جاھاندا مىسلى ئەخمەق سىز،
ئۆزى ھاتەم كەبى گويا سېخىي ـ مەردانىدۇر ئەخلاق.

قىمارۋاز قەلبىگە باقسام، گويا قىغدەك قېلىن كىر بار،
تالاي كاززاپقا زەڭ قويدۇم: ئۇنىڭدا ھەم يامان سىر بار،
ئۇلارغا كۆپ يىراق ئەخلاق، ئارىدا قانچە تاغ ـ قىر بار،
خۇيى مەلئۇنغا مايىلدۇر، خىرىستا خۇددى مىلىڭ شىر بار،
كىمىكى سۆيسە پاكلىقنى ئاڭا مەستانىدۇر، ئەخلاق.

ھاقارەت ـ تىل يامان ئىللەت، ئەدەپ ـ ئەخلاققا يات نەرسە،
ئۇ كۆپ جېدەلگە ھامىلدار، ھەمىشە ئىككى قات نەرسە،

زۇغۇيلۇق ھەم ھەسەت، غەيۋەت ئۇلارمۇ ئەمدى دات نەرسە،
تېپىلماس ئەسلا ئەخلاقتەك جاھاندا ئەھلى پاك نەرسە،
كېلىپ ئىچ شەربەتىن، دوستلار، ئەقلىنىڭ جامدۇر ئەخلاق.

جىمى بەتبەشرىلەر ئىچرە خوتۇن يەڭگۈشلىگەن سەتتۇر،
يۇرۇپ ئەر تاللىغانلاردا سەتەڭلىك مۇددىئا نەپتۇر،
دېمەك، ھەر ئىككى شۇ رەسۋا جاھاندا مىسلى مەينەتتۇر،
قېچىلىڭ ئۇنداق مەرەزلەردىن، مەرەزلىك مىڭ تاغار گەپتۇر،
قازاندىن ئەتىۋار سەنچۇن ئۆيۈڭنىڭ شامدۇر ئەخلاق.

بۇ يىل يېزامدا بىر دوستۇم قوغۇن تەرسە مۇشەققەتتە،
كىرىپ تۆت ـ بەشلىگەن ئوغرى قويۇپتۇ مىڭ ئەلەم ـ دەردتە.
يۇلۇپتۇ قالغىنى يىغلاپ، ئۆزى ھەم داغۇ ھەسرەتتە،
دېدىممەن: ياتقىنىڭ، دوستۇم، دۇرۇس بولماپتۇ غەپلەتتە،
ئېسىلغاي بارچىسى بىر كۈن، شۇلارنىڭ دارىدۇر ئەخلاق.

1984 ـ يىلى 9 ـ ئاي، غۇلجا



## ياش ۋۇجۇدۇم يايرىدى

ساڭا تەلمۇردۇق، «قۇتاتغۇبىلىك»، ئۇزاقلاردىن بېرى،
بولمىدى ئەس ـ يادىمىز شۇ ئارزۇ ـ ئارماندىن نېرى.
ياخشىلىقتا سەن ۋەسىيەت ئەيلىگەن گويا خىزىر،
ھەم ئۆزۈڭ مىڭ ـ مىڭلىغان داستان، كىتابلارنىڭ پىرى.
ھەددى يوقتۇر ھەق دېمەي ھېكمەتنى ھەركىم سەندىكى،
ھەر قۇرۇڭ، بابىڭ سېنىڭ خۇددى ئادالەت شەمشىرى.
ھەق ئېرۇرمەن سېنى بۇ تۇپراق ئۇچۇن قامۇس دېسەم،
بويلىرىڭدا ئەسلا يوق ئىللەت، رەزىللىكنىڭ كىرى.
ئاچقىنىڭدا سەن بۈگۈن خەلقىمگە ھىممەتلىك چىراي،
چۆمدى شادلىقتا ۋەتەننىڭ كەڭ دالا، تاغۇ قىرى.
ئېھ، دېدىم، ئالدىم شۇ ئان، باستىم سېنى باغرىمغا، بەس،
ياندى ھۆرمەتنىڭ ۋۇجۇدۇمدا ساڭا گۈلخانلىرى.
ھەر سەھىپەڭ بولغۇسى پۈتمەس ئەقىل ـ ئىدراك ماڭا،
ئۇندا پارلايدۇ يۈسۈپ ئاتلىق ئۇلۇغ ئالىم پىرى.
مېنى بەند قىلدىڭ ئۆزۈڭگە، ھېچقاچان قادىر ئەمەس،
بۇ سېھىر خىسلەتكە بارچە قىسسە، داستانلار قۇرى.
ئاپىرىن ئېيتساق زامانغا بىزگە يەتكۈزگەن سېنى،
توختىماي ياڭرايدۇ تىللاردىن تەشەككۈرلەر خورى.

1984 ـ يىلى 10 ـ ئاي، غۇلجا

# ئاتلار ئەجرى

ئاتلار ھەققدە داستان پۈتكەنلەر،
نەزەر سال قەلەمدە ئاتلارغىمۇ.
ئاتلار ئەجرى دەپ يازغىن قەسدە،
تۇلپارلار پۈتىدا تاقلارغىمۇ.

تارىخقا تۆھپىكار ئاتلار، بىلسەڭ،
دەۋرلەر شۇلارسىز ئالماشقان ئەمەس.
شۇلاردۇر مەپلەر سۆرىگەنلەرمۇ،
بىنالار شۇلارسىز قاملاشقان ئەمەس.

ئەۋلادلار قەلبىگە ئاتلار ئۇستاز،
كېلىدۇ ئىزىدا مىليونلاپ پەرزەنت.
ئىنسانلار ئالدىدا ئاتلار ماڭغان،
تۇتقۇنغا ھەم شۇلار بولغان نەزەربەند.

ئاتلار تەرىدەك مۇقەددەس تەر يوق،
مۇبارەك ئىزلىرى تامام چىمەنزار.
جاھاندا ئادەملەر ئۆزى بىر قوشۇن،
ئاتلار قوماندان، ئاتلار سەردار.

تارىخنىڭ قايسىبىر سەھىپىسىنى،
ئېيتقىنا، قان بىلەن شۇلار يازمىغان؟

چۆرەڭدە قايسى كان، قايسىبىرخاڭنى،
قولدا مېتىنلار، شۇلار قازمغان؟

ئاتىلار قەدىدىدۇر ئىگىز بىنالار،
ئەجرىدىن تۇن بولماس شەھەرلەرمۇ ھەم.
پەرزەنتلەر كېلىمىز شۇلار ئىزىدىن،
بۇ ھايات يولىدا تۇتۇپ تۇغ - ئەلەم.

تالاي ئىش شۇلاردىن مىراستۇر بىزگە،
ئاتىلار ئۆگەتكەن يەر ھەيدەشنىمۇ.
سوغۇققا ئوت ئۇلار، تومۇزغا سالقىن،
ئاتىلار قىزدۇرغان ئاددىي مەشنىمۇ.

ئاتىلار ئىزىدا نىجاتلىق گۈلى،
ئاتىلار ئويغاتقان تەبىئەتنىمۇ.
ئاتىلار قەلبىدىن بىلدۇق، ئۆگەندۇق
بۇ ئۇلۇغ ھاياتقا مۇھەببەتنىمۇ.

ئاتىلار ئاغزىدىن قالدى كۆپ ھېكمەت،
ئاڭلىساڭ بىرسىدىن - بىرسى تەسىرلىك.
ئاتىلار ئەجرىسىز نەدە گۈلىستان،
بولمايدۇ دۇنيامۇ باغلىق، قەسىرلىك.

زېمىندىن يۇكسەكلىك تالاشقان تاغلار
بولالماس ئاتىلار ئەجرىگە تەڭداش.
پارلايدۇ ئالەمدە شۇلارنىڭ ئەجرى،
كائىنات سۇلتانى — قۇياشقا رەڭداش.

ئانىلار ھەققىدە داستانلار يازساق،
ئاتىلار ئۈنىڭدىن زوقلىنار شۇنچە.
ئاتىلار ئەجرىگە يازساق قەسىدە،
ئانىلار شادلىنىپ، روھلىنار شۇنچە.

1985 - يىلى 2 - ئاي، غۇلجا



# كۆلكەمنى ئەۋجگە كۆتۆرگەن شۇلار

بولغانلار سەن بلەن تاۋاقتا بلله،
بولغاي هەم سەن يېگەن تاياقتا بلله.
پۇتەركەن جسمڭغا شۇنداق دوستلۇقتن،
بولغاننىڭ هۇزۇرى راۋاقتا بلله.

ياخشى دوست بللكەن بارچە تەقدرگە،
تەڭ توۋلاپ مەرىكە، قاۋاقتا بلله.
مەردلكى ئۆمرۈڭگە ئۆچمەس خاترە،
بېشڭغا كۇن چۇشسە قاماقتا بلله.

دوستلرىم بار مېنىڭ جۇملەئى شۇنداق،
گوياكى بۇغدايدەك چاناقتا بلله.
مەن چەككەن ئەلەمدىن يۇرىكى زەرداپ،
مەن چىققان مۇنبەردە چاۋاكتا بلله.

كۆلكەمنى ئەۋجگە كۆتۆرگەن شۇلار،
هاياتتن مەن ئالغان ساۋاقتا بلله.
ئۆتەرمەن تىرىكلىك ئىمتىهانىدىن،
سەۋەبى — شۇلار بار جاۋابتا بلله.

شۇلاردۇر مېنى هەم شائىر قىلغانمۇ،
كېلىدۇ شۇڭا هەر ۋاراقتا بلله.

تەڭ ئېشىپ بۇ ئۆمۈر داۋانلىرىدىن،
بارىمىز يىل ناملىق ئۇلاغدا بىللە.

1985 ـ يىلى 6 ـ ئاي، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئادەملەر ئىلھامى

ئىككى كور شەھىرىمىزدە ئىززەتتىندۇر،
ئادەملەر ئىھساندا نىسۇسى.
باسقىنى ھايات ئەمەس، قوقاس بىراق،
تەمتىرەپ دەسسىگىنى پىچاق بىسى.

قارىساڭ، بىرى ئاكا، بىرى سىڭىل،
بەند ئۇلار بۇ دۇنيادا بىر زۇلمەتكە.
نە چارە، يارىلىشتا تەقدىر شۇنداق،
تەگرىدىن تاشلىنىپتۇ بىر خىلۋەتكە.

جانغۇ ئۇ جەبرائىلنىڭ قىلىچىدا،
نىچۇندۇر، دەيسەن تولۇق چانالمىغان؟
يۈرگۈچە كۆزدىن جۇدا، دەيسەن ئۇنداق،
ئەۋزەلغۇ بۇ دۇنياغا يارالمىغان.

شۇڭغۇيسەن خىياللاردىن - خىياللارغا،
ئۆرتىنەر يۈرەك - باغرىڭ ئويلىغانچە.
سەن بىر رەت ئاھ ئۇرغۇچە ئۇلار ئۆزى —
بىلمەيسەن، بۇ قىسمەتنى ئويلار قانچە؟

شۇندىمۇ ئەر يېتىپتۇ ئوغۇل ئەنە،
ھالقىپتۇ ئون ئالتىدىن يېشى ئۇنىڭ.

ئاپىرىن، رەڭ تۈزەپتۇ سىڭلىسمۇ،
تۇرىدۇ ئايدەك ئەگمە قېشى ئۈنىڭ.

ئايلىناي، ئادەملەرنىڭ ھىممىتىدىن،
تېگىپتۇ شۇلارغىمۇ مەرھەمىتى.
دەرگاھى سېخىيلىقتا ساراي گويا،
ئاسراپتۇ ئاپەتلەردىن يۈرەك قېتى.

بىرسى نان، بىرسى ئەنە پۇل تەڭلەيدۇ،
ئېھسانىنىڭ يامغۇرىدا كۆكلەتكىلى.
ئادەملەر قادىر شۇنداق: سۇ ئۇلغايتىپ،
توختىغان تۈگمەنلەرنى چۆگىلەتكىلى.

شۇلارغا يېقىپ قاپتۇ بۇ شەھەرمۇ،
بىر كۈنمۇ قونالغۇسىز قالدۇرمىغان.
خىزىركەن يۈرىكىمدە مويسىپىتلەر،
شۇلارنى ئەسلا قۇرۇق ياندۇرمىغان.

ئادەملەر، ئېھسانلىرىڭ بوپتۇ قۇدرەت،
كور بىلەن ئاجىزلارغا ھايات بېرىپ.
چۇشەندى شۇنى ئوغلۇڭ: تائەبەدىي
ئەمەسكەن سەن بار يەردە ھېچكىم غېرىپ!

1985 ـ يىلى 6 ـ ئاي، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# جەنۇب تەسراتلىرى

(چاتمىلار)

## قۇتلۇق سەپەر

يول ئالدىم خانتەڭرىنىڭ جەنۇبىغا،
گاھ تۇرنا، گاھ تۇلپارمەن ئۇچۇپ بارغان.
مېھمانمەن ھەر ئۆتەڭگە شائىر ئاتلىق،
قولدا قەغەز، قەلەم تۇتۇپ بارغان.

قىلغىنىم قۇتلۇق سەپەر تارىم تامان،
ئاتلىنىپ چىقتىم ئىلى تاغلىرىدىن.
ئاپىرىن، ئوقۇپ ئۆتتۇم باغۇەنلەرگە،
گۈل پۇراپ بەشكېرەمنىڭ باغلىرىدىن.

ئۆتكەندە ئاغىبۇلاق تاغلىرىدىن،
تاش ئەمەس، ئالتۇن بولدى دەسسىگىنىم.
ئاق تۆشەك ئۈزرە ماڭا بەردى ھۇزۇر،
كۆن پېتىپ شىكەركۆلدە كەچلىگىنىم.

باقمەن ھەر گىياھقا مۇھەببەتلىك،
ھەر تاشمۇ مېنىڭ جۇپتۇم بولۇپ قالدى.

ياپيېشىل تاللار تامام ئېھتىرامدا،
ئۇستۇمدە قۇشلار چاۋاك ئۇرۇپ قالدى.

## يوللار ئۇلۇغ، يوللار ئەزىز

بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار، ئاۋات يوللار،
چۆل دېسە ھەقتۇر، كۆڭلۈم ئاغرىغىنىڭ.
ئەجدادلار ئىزلىرىدىن باشلانغان ئۇ،
كۆيدۇ شۇ يوللارغا باغرىم مېنىڭ.

شۇلارنىڭ بۇ يولدىكى تۇنجى ناخشا،
شۇلار ھەم بۇ چۆللەردە تۇنجى قونغان.
ئاز بەلكى ئۇ تارىخقا مىڭ يىللارمۇ،
شۇلاردۇر بۇ يوللاردا تۇنجى قۇربان.

شۇلار دەل بۇ يوللاردا تەنھا تۇنەپ،
تۇنجى ئوت، تۇنجى گۈلخان ياندۇرغانلار.
قېنى شۇ ياياق ھالقىپ داۋانلاردىن،
يول ئېچىپ بىزگە شەرەپ ياغدۇرغانلار؟

بىز ئۆتكەن ئەگىملەردە ھە، شۇلارنىڭ
مۇبارەك ئىزى بىلەن زارى قالغان.
تەمتىرەپ تاغ كەينىدە ئۆزى غېرىب،
ياد ئېتىپ، ئۆز يۇرتىدا يارى قالغان.

گۈزەلدۇر، چىرايلىقتۇر بۇگۈن يوللار،
ئادەملەر بارار گويا چىمەنلىكتە.
ئويلىسام تۇنجى ئىزنى، دېگۈم كېلۇر:
ئەجدادلار ئەجرى بار شۇ گۈزەللىكتە.

شۇ سەۋەب يوللار ئەزىز، يوللار ئۇلۇغ،
يوللارنى مەنچە بولسا دەسسىمىسەم.
مەن قانداق شائىر بولاي، شۇڭا ئاۋۋال،
يول ئاچقان ئەجدادلارنى ئەسلىمىسەم؟

بۇ يوللار بۈگۈن شۇنداق ئاۋات يوللار،
چۆل دېسە ھەقتۇر، كۆڭلۈم ئاغرىغىنىڭ.
بۇ يوللار خىياللاردەك ئۇزۇن يوللار،
كۆيىدۇ شۇ يوللارغا باغرىم مېنىڭ!

## شۇ يار بىلەن

مۇبارەك شۇ مۇھەببەت، شۇ ۋىسالغا،
ھەركىمنىڭ ئۆز يېنىدا بىر نىگارى.
بىر سۆيۈپ مىڭ تەمشىيدۇ لەۋلىرىنى،
كۇنۇ تۈن قانچە سۆيسە ئىختىيارى!

سىلايدۇ ئۇخلىغاندا ئۇچىسىنى،
ئويغانسا ئويغىنىدۇ بىللە يەنە.
سورىساڭ رۇخسارىنى شۇ گۈزەلنىڭ،
تۇرىدۇ ساھىب ھۆسنى گۈلدە ئەنە.

دېھقاننىڭ شادلىقىغا شادلىق قوشار،
تۈيۈلار باغۋەنلەرگە باھار بولۇپ.
ئۆمۈرلۈك مەشۇقى ئۇ كارۋانلارنىڭ،
كېلىدۇ ئۆتەڭلەردە بىللە قونۇپ.

راھەتكە ئايلىنىدۇ مۇشەققەتمۇ،
يەڭ تۇرۇپ يۆلەك بولغاچ شۇ نىگارى.

مەيلى لوپ، مەيلى ئاتۇش... قايدا بارسام،
شۇ ئىكەن يۈرەكلەرنىڭ لالىزارى.

ياشلارغا يارىشىپتۇ ئاشۇ جۇپلۇك،
زوقلىنار پۈتۈن ئالەم مۇرادىغا.
شۇ گۈزەل يارى بىلەن ھەربىر كۆڭۈل
يېتىدۇ سۇلتانلىقنىڭ قۇرامىغا.

خوتەنلىك دەستىگاھ شۇ ئىپتىخاردا،
شۇنداق بىر يار تۇتۇپتۇ كاۋاپچىمۇ.
ۋىسالنى جاكارلايدۇ كۈيلىرىدە
ئاددىيسى، باققال تۇگۇل، راۋابچىمۇ.

ئادەملەر شۇ يار بىلەن دالالاردا
يېڭىچە بوستانلارنى قىپتۇ پەيدا.
جاراڭلاپ شەھەرلەردە يېڭى كۈلكە،
ئالەمنى ئۆزلىرىگە قىپتۇ شەيدا.

تۇيۇلار ئاڭلىماققا بىر مۆجىزە
ھەركىمنىڭ سۆيگەن يارى بار، دېگىنى.
ئۇمۇ ھەق، لېكىن ئۇقسام ئاشۇلارنىڭ
يېڭىچە ھۆرلۈك ئىكەن يار دېگىنى.

## بادام دوپپا

قەشقەرنىڭ بازىرىغا كۆيۈپ قالدىم،
كىيگىنى بادام دوپپا يىگىتلەرنىڭ.
قارىسام ئوخشاپ كەتتى شۇ دوپپىغا
رەڭگىمۇ غوزا ئىچرە چىگىتلەرنىڭ.

زەن قويۇپ بولدۇم گويا شۇ دوپپىدىن
مىڭ يىللىق بىر تارىخنى ئوقۇغاندەك.
تۇيۇلدى ئۇنده بوۋام چىراغ تۇتۇپ،
ئۇخلىماي مومام ئۆزى توقۇغاندەك.

كۆزۈمنىڭ گۆھىرىنى ئېلىپ قالدى
شۇ بادام گۈزەللىكى مىڭ گۈل ئارا.
يازالماي ئاڭا لايىق شېئىر ئەمما،
قەشقەردىن ياندىم، دوستلار، باغرىم يارا.

## قايتىدىن ھاياتقا كەپتۇ شۇلارمۇ

باغ بىلدىم ھەر كۆڭلۈك قارارگاھىمنى،
پاياندىز تۇيۇلۇپ باسقان يوللىرىم.
سېغىنىش ئوتىدا ياندۇ يۈرەك،
كېلىمەن كۆكسۈمدىن چۇشمەي قوللىرىم.

ئېيتقىنىم ھۆرمەتنىڭ ئۇلۇغ ناخشىسى،
قەلبىمنىڭ دەللى قىلغان سالامىم.
ھاياجان ۋەجدىن كۆزلىرىمدە ياش،
شۇ ھۆرمەت، شۇ ناخشا دەستۇر كالامىم.

شەھەرلەر قەددىدە يۈكسەك بىر قامەت،
ھەر قۇببە ــ ھەيكىلى قەدىمكىلەرنىڭ.
قەشقەردە كۆردۈم مەن مەھمۇد بوۋامنى
ئۆزىدىن ھەر قۇببە، ھەربىر مۇنارنىڭ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سۆيدۈم پېشىگە،
شاگىرتلىق مىڭ تەزىم كەلتۈرۈپ بەجا.

تىرىلىپ بېشىمنى سىيلىدى بىر ـ بىر،
ئالەمدىن كەتكەنلەر ئېيتىپ ئەلۋىدا.

زەللىي قولىدىن چۈشمەيتۇ قەلەم،
داستانلار پۈتەركەن يەنە نىزارىي.
ياشاركەن ئادەملەر قەلبىدە لوتۇن،
ئاقسۇدىن نۇر چېچىپ قەبرە ـ مازارى.

ھاياتكەن ياركەندە ئامانىنىسامۇ،
ئاڭلىدىم ئاجايىپ مۇقاملىرىنى.
قوشۇپتۇ غەزەلگە بايدا نىمشېھىت
ئۆمرىنىڭ زىمىستان دوقاللىرىنى.

ئەقلىدىن شام يېقىپ شائىرلىقىمغا،
نەۋبەتىي خوتەندە بولدى مۇدەررىس.
تۇيۇلۇپ قىممىتى ئالتۇندىن ئەلا،
تۇگىمەس بايلىقىم بولدى شۇ دەرس.

ئۆمرىدە قانمىغان تەشنالىقلىرى
قىنىپتۇ شۇ قەدىم قەلەمكەشلەرنىڭ.
كىتابلار يازاركەن بۈگۈن يېڭىچە
يېنىدا ئولتۇرۇپ ئالتۇن چەشلەرنىڭ.

قايتىدىن ھاياتقا كەپتۇ شۇلارمۇ،
تەبرىكلەپ قەلەملەر ئازادلىقىنى.
گۇۋاھى: ئىزىدا مىڭلىغان شائىر،
كۈيلەيدۇ بۇ يۇرتنىڭ ئاۋاتلىقىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uygharkitap.com

## ياڭاق تەسىراتى

ئالتە يۈز ياشقا مېڭىپ بىر تۈپ ياڭاق،
تۇرۇپتۇ يەنە كۆكلەپ مېۋە بېرىپ.
يېنىدىن يازدا مېھمان ئۈزۈلمەيدۇ،
بالىلار كۈزدە يۈرەر ياڭاق تېرىپ.

بىھۇدە چېقىلمىغاچ پالتا ئاڭا،
تۇرۇپتۇ شاخلىرىمۇ غۇلاچ كېرىپ.
ئەسىرلىك ئۆمۈردىنغۇ تەمەيىم يوق،
ئۆتسەمتىم مەنمۇ شۇنداق تىنىچ قېرىپ.

## پەرەنجىلىك پەرىزاتقا

ھۆسنۈڭگە قۇياش ئاشىق، ئاي ئىنتىزار،
كۆرگىلى تەلمۈرىدۇ باغدا گۈللەر.
بىر كۆرەي، ئاچ پەرىزات، پەرەنجەڭنى،
ئۆتمىگەي شۇ سەۋەبتىن داغدا كۈنلەر.

يۇممايدۇ تۈندە ماراپ پەنجىرەڭدىن،
يۇلتۇزلار ئۇيقۇ قاچقان كۆزلىرىنى.
كۆك تېرەك ياپراقلىرى دەرد ـ ئەلەمدە
كۈندە بىر كاچاتلايدۇ ئۆزلىرىنى.

تۇيۇلدى پەرەنجە بوپ پەنجىرەڭ ھەم،
تاڭ سەھەر شۇلار تۈگۈل چولپانغىمۇ.
ئىشقىڭنىڭ گۈلدۈرى بار يۈرەكلەردە،
ئوخشايدۇ ئوتى يۈز مىڭ ۋولقانغىمۇ.

باقدۇ ئەپكەش ئېلىپ سۇغا چىقساڭ،
بۇلاقلار كۆزلىرىڭنى كۆرمەك بولۇپ.
قايرىيدۇ تاڭ شاملى پەرەنجەڭنى،
مەڭزىڭدىن ئۆزى ئاۋۋال سۆيمەك بولۇپ.

كائىنات ساڭا ئاشىق، ساڭا خۇمار،
دەريالار سېنىڭ ئۈچۈن شارقىرايدۇ.
مەرۋايىت بىر سەن ئۈچۈن يارالغاندۇر،
ئالتۇنمۇ سېنىڭ ئۈچۈن پارقىرايدۇ.

تەشنادۇر ساڭا ئايسىز كېچىلەرمۇ،
بىر كۆرۈپ كۈندۈز كەبى يورۇتساق، دەپ.
گۈزەللىك نەدىن كەلگەن شۇ پەرىگە،
توز يۈرەر: يۈزتۇرانە سورىساق، دەپ.

بىر كۆرسە جامالىڭنى قانار ئىكەن،
قۇم يۈزلۈك چۆللەرنىڭمۇ تەشنالىقى.
ئېيتىدۇ، باشلانغان دەپ بۇ زېمىننىڭ
مىڭ ئەسىر ئاۋۋال ساڭا ئاشنالىقى.

تەسەددۇق ساڭا جېنى تىرىكلىكنىڭ،
سەن ئۈچۈن تىلغا كىردى تەبىئەتمۇ.
دۇنيادا قانچە بولسا، شۇنچە بولار،
بىرىگە بىرى بەرگەن مۇھەببەتمۇ.

شۇ ھۆسنۈڭ، بىراق سىڭلىم پەرەنجىدە،
سولۇپتۇ ئاسارەتكە ئەسىر بولۇپ.
قەلبىڭنى قامال قىلىپ كونا دۇنيا،
سېھىرلەپ ۋۇجۇدۇڭغا ساپتۇ قۇلۇپ.

كىملەر ئۇ ساڭا ئاشۇ پەرەنجىنى،
ئەخلاقىنىڭ مىزانى دەپ چۈشەندۈرگەن؟
كىملەر ئۇ ساڭا جەننەت ئەھدى قىلىپ،
ئۆزىنى ئەۋلىيا دەپ ئىشەندۈرگەن.

نەدىكەن بەخت دېگەن كائىناتتىن
سەن كەبى يوشۇرغانغا جامالىنى؟
ئۇلاردا مۇددىئا نە سولدۇرۇشتىن —
سەن ياڭلىغ تەڭدىشى يوق بىر لالىنى؟

چۈشەنسەڭ، ئۇلار مەككار، ئۇلار قاتىل،
سۆرەيدۇ سېنى غەپلەت ھارۋىسىدا.
ھېزى بول: دۇرۇت نامىلىق زەھەر باردۇر،
ئۇلارنىڭ ساڭا تۇتقان ھالۋىسىدا.

قۇياشنى كۆرسەتمەيدۇ ئۇلار ساڭا،
كۆرسەتمەس كۆكتە كۈمۈش شۇڭقارنىمۇ.
كۈنبويى ئۆيلىگىنى كونا دۇنيا،
سۆيمەيدۇ بىزنىڭ يېڭى گۈلزارنىمۇ.

سەن نەدە، زامان نەدە، ئويلىغىنا،
سېنىڭدەك غاپىللاردىن قالدى قانچە.
دوستلىرىڭ پەنگە يۈرۈش قىلدى تۈمەن،
سەن قالدىڭ پەرەنجىگە ئورانغانچە.

سەن ئۆتسەڭ، ئاغرار مېنىڭ پاك يۈرىكىم،
ھۆسنۈڭنى شۇ قامالغا زايە قىلىپ.
سولدۇرار ياش ئۆمرىنى سامان تەقلىد،
يۈرگەنلەر شۇ قۇللۇقنى غايە قىلىپ.

ئىشەنمە نادانلىقنى ئالتۇن بىلگەن
ئېزىتقۇ ـ شەيتانلارنىڭ گەپلىرىگە.
ئاچ، دېگەن گۇناھ بولسا، مەن يېزىلاي —
جازاكەش پەرىشتىنىڭ دەپتىرىگە.

خالىماس بىزنىڭ زامان پەرەنجىنى،
دۇشمەندۇر بىزگە زەررە نادانلىقمۇ.
گۈزەللىك ئاشىقىدىن ئۆزلىرىگە
شۇ دۇشمەن ئەمدى تاپماس ئامانلىقمۇ.

ھودۇقما، ئاچ، پەرىزات، پەرەنجەڭنى،
ھۆسنۈڭگە ئالەم كۆزى قېنىۋالسۇن.
يىغلىسۇن خۇراپاتنىڭ ھامىيلىرى،
شۇنداقلا بىزنى ئۇلار بىلىۋالسۇن.

1985 ـ يىلى 7 ـ ئاي، قەشقەر ـ غۇلجا



# خوتەن خاتىرىلىرى

(چاتمىلار)

## مۇبارەك، خوتەن

شەنىگگە شېئىرلار يازغۇم بار، خوتەن،
كۆلكەڭگە مەنداش، ھۆسنۈڭگە رەڭداش.
مىڭ نەزمە تۈزسەممۇ، لېكىن بەربىر،
بولماسكەن قۇرلىرىم قۇربىڭغا تەڭداش.

يېڭىچە جامالىڭ بوستانغا ئۆرنەك،
ئەمەسكەن مېنىڭدىن تەسۋىرگە موھتاج.
قەدىمىم پاياندار ئۈستىگە چۈشتى،
شائىرلىق قەلىمىم قىسىپ ھەم گۈل تاج.

لوتۇننى ئۆستۈرگەن ۋادىدىن كەلدىم،
تەڭ ئىچمەك بۇرچۇمدۇر سۆيگۈ جامىنى.
سەن سالغان داستىخان مەن ئۈچۈن غۇرۇر،
قەدەھ دەپ كۆتۈردۈم ھەر پىيالىنى.

ساڭىمۇ سادىرىنىڭ قوشاقلىرىدەك،
نەۋبەتتە بىر مىراس قالدۇرغان ئىكەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەسلىدە بىزدىكى بۇ مۇھەببەتنىڭ
ئوتىنى ئاشۇلار ياندۇرغان ئىكەن.

شايىڭغا شەيدادۇر ئىلىلىق دوستلار،
جۇۋانلار مەھلىيا ئەتلەسلىرىڭگە.
بىلمەيسەن قەدرىنى گىلەملىرىڭنىڭ،
مىڭ داستان ئاز كېلۇر تامچە تەرىڭگە.

ۋايىگە يەتمىگەن سېنىڭ نامىڭسىز
شەرھىسى قەدىمي يىپەك يولىنىڭ.
ئۆزگىلەر تاش قويسا، سەن يىپەك يايدىڭ
ئاستىغا شۇ ئۇزاق تارىخ ئۇلىنىڭ.

يوللاردا باراڭلار سايىۋەن بۈگۈن،
بىر كۆرۈپ داڭ قالدىم باغچى بازار[1]غا.
كۆردۈم ھەم بوزاق[2]تا باغى ئىرەمنى،
توساللا[3] بىر ئىلھام بەردى يازارغا.

كۆز يەتمەس دالىلار ئورمان دۇنياسى،
ھەر دەرەخ بىر پەرى يېشىل رومالىلىق.
ئادەملەر يۈزىدە كۆرۈنمەس تەشۋىش،
شۇنداقلا زامانغا باقماس گۇمانلىق.

ھويلىسى نەدىدۇر دېسەم دېھقانىنىڭ،
ئۆيىمۇ باغلارنىڭ ئىچىدە قاپتۇ.
بەختىڭگە مۇبارەك، ئەي سېخىي خوتەن،
ھاياتىڭ باغلاردەك يېڭى تۈس ئاپتۇ.

---

①②③ — جاي ناملىرى.

## قوينۇڭدا يۇرۇپ...

ئېھ، خوتەن، دىدارىڭ ئۆمرۈمدە بىر توي،
يايرىدىم تۆت ـ بەش كۈن قوينۇڭدا يۈرۈپ.
لاپ ئەمەس، كىتابخان، مىسرالار پۈتۈپ،
ياندىم دەپ خوتەندە بىر جەننەت كۆرۈپ.

ھەركىمگە ئەتىۋار ئۆزى ئۆسكەن جاي،
مەندىمۇ ئۇزاقتىن شۇ ئوي، شۇ پىكىر.
ۋە لېكىن جىمىدىن ئەتىۋار كۆرۈپ،
نامىڭنى شۇ تىلىم قىلدۇ زىكىر.

ئىلىنى سېغىنسام سۈندى باغلىرىڭ،
ئاپىرىن، ئالمىنىڭ سەرخىللىرىنى.
تۇرپاننى ئەسلىسەم قويدۇڭ ئالدىمغا
ياپپېشىل ئۈزۈمنىڭ ھەر خىللىرىنى

تۇتقاندا نەشپۈتنىڭ خۇمارى بەزەن،
ئايلاندىڭ نەشپۈتلۈك كورلىغا خۇددى.
قوغۇن يەپ، دېدىم مەن: كۆچۈرۈپ كەپتۇ
قومۇلنى خوتەننىڭ ئورنىغا خۇددى.

قاندىم مەن قەشقەرنىڭ توغاچلىرىغا،
ئاھ، خوتەن، قەشقەردەك قوينۇڭدا يۈرۈپ.
ۋايىگە يېتەركەن ئانارمۇ سەندە،
تاڭ قالدىم بېغىڭدا ئەنجۈرنى كۆرۈپ.

شاپتۇلۇڭ مەن ئۈچۈن بولدى مۆجىزە،
شۇ بولدى ئۆمرۈمدە قېنىپ يېگىنىم.

بىپايان ئورمانلار نامىغا تۇتاش،
مەن سېنى شېئىرىمدا جەننەت دېگىنىم.

گۈل ھۆسنى ھۆكۈمران گىلەملىرىڭگە،
ئەسىردۇر بىر باقسا ھەر كۆڭۈل، ھەر كۆز.
ھۆرلەرنى ئەسلەتتى، قالدىم بالاغا،
قىزلىرىڭ رۇخسارى ـ قىپقىزىل ھەر يۈز.

مەن ئۈچۈن دوپپاڭنىڭ ئۆزى بىر دۇنيا،
ھۆسنىڭنىڭ تەسۋىرى ئۇندا مۇجەسسەم.
شاھى دەپ بۇندىكى جىمى دىيارنىڭ،
ئەرزىيدۇ بىر سېنى قىبلىگاھ ئەتسەم.

شۇمىكىن مەن ساڭا باغلانغان رىشتە،
مەھلىيا بۇ قەلبىم يىپەكلىرىڭگە.
ئارمىنىم يوق ئىدى تەڭ بولالىسام،
ئۇن ئەمەس، ئەكسىچە كېپەكلىرىڭگە.

خوش، خوتەن، دىدارىڭ ئۆمرۈمدە بىر توي،
قايتتىم مەن تۆت ـ بەش كۈن قوينۇڭدا يۈرۈپ.
لاپ ئەمەس، كىتاپخان، مىسرالار پۈتسەم،
ياندىم دەپ خوتەندە بىر جەننەت كۆرۈپ.

## بايلار ئارا بىر بايغا

بىز سېنى ئاتايىن قىلدۇق زىيارەت،
يېڭىدىن بېيىدى، روناق تاپتى، دەپ.
كۈلپەتلىك چاغلىرى قالدى ئارقىدا،
پاراغەت يولىدا دۇلدۇل چاپتى، دەپ.

ئۇچاڭغا قارىسام ئاق يەكتەك، ئەمما
يۇرىسەن پۇتۇڭغا كېپىش ساپماستىن.
ئاڭلىسام، بېخىل دەپ نامىڭ بار ئىكەن،
قانداقچە چىدىدىڭ ئىزا تارتماستىن؟

تۆت نەۋرەڭ يۇرىدۇ چۆرەڭدە ئويناپ،
ئەجەبا، قولىدا يەنە شۇ زاغرا؟
جوزاڭدىن شۇ زاغرا يوقالماي تۇرۇپ،
بايلىقتا قانداقچە چالدىڭ سەن ناغرا؟

## قارىقاش

كۆرۈپ ياندىم تەۋەررۇك چىنارىڭنى، قارىقاش،
چىنار ئەمەس، مۇقەددەس مۇنارىڭنى، قارىقاش،
بىلمەيتمەن بۇنچىلىك نېمەت بىلەن چاي قويۇپ،
باغقا باشلاپ ساھىبخان بولارىڭنى، قارىقاش.

ھۇزۇر قىلدىم ياپيېشىل دالالارنى كېزىپ مەن،
شائىرلىقىم ئۇلغايدى يەنە شېئىر يېزىپ مەن،
قايتتىم سەندىن، تۈگمەس بەختىيارلىق سېزىپ مەن،
ۋەدە قىلدىم بىر كېلىپ قونارىمنى، قارىقاش.

ھاكىم ئوغلۇڭ چىلىك تۇتتى: بىرەر كېچە قونغىن، دەپ،
مۇڭدىشايلى بىر ئاخشام، سەنمۇ مېھمان بولغىن، دەپ،
داستانىڭغا دەستۇر كۆپ، بىرەر ھەپتە تۇرغىن، دەپ،
شاپتۇلاڭدا چىقاردىم خۇمارىمنى، قارىقاش.

خوش، قارىقاش، خوش يەنە ناغرا - سۇناي چالغانلار،
بىز بولىمىز مېھرىڭگە باغرى قانماي يانغانلار،

ئايان قىلغاي ـ بىلدۇرگەي ھۇزۇرۇڭغا بارغانلار،
سېنى دائىم ياد ئەيلەپ تۇرارىمنى، قارىقاش.

## لاسكوي

كەپتۇ دەپ ئالدىمغا چىققانمۇ ئۈزۈك،
كەتتىڭ دەپ كۆزۈڭگە ياش ئالغانمۇ ھەم.
سەن بولدۇڭ، ئاھ، لاسكوي، ئەقلىمنى ئالغان،
يار سۈپەت باغرىمغا ئوت سالغانمۇ ھەم.

سەن گۈزەل خوتەننىڭ ئالتۇن ئىشىكى،
مېھماندىن مىڭ ھەسسە ئۇلۇغ ساھىبخان.
قىممەتلىك ھۇزۇرۇڭ داستىخان بىزگە،
يايرايدۇ قوشۇلۇپ بىر جانغا مىڭ جان.

مىڭ ئانا سىماسى ــ سېنىڭ سۈرىتىڭ،
سەندە ھەر جانغا ياتتۇر يېتىملىق.
مېھرىڭدىن تاپقاچقا قەلبىم قۇۋۋەت،
ناخشامۇ باشقىچە بولدى رىتىملىق.

بىز ئۈچۈن سەدپارە بولدى شۇ باغرىڭ،
قىممەتلىك مېھمان دەپ تۆكتۈڭ بارىڭنى.
ئەپسۇسكى، تۈگىتىپ يازالماي كەتتىم،
جەننەتكە بەرگۈسىز چىمەنزارىڭنى.

تاپقاننى تاپقانچە، سۇندۇڭ جىمنى،
قاتتىقنى ئۈزۈك يەپ، يۇمشاقنى بىزگە.
سەن ئەزىز بىلگەچكە قەلەم ئەھلىنى،
بېشىڭدا كۆتۈردۇڭ بىزنى ئېگىزگە.

ئوت ئەمەس، ياندۇ بىز ئۇچۇن سۆيگۈ،
ھەر سەھەر گۈركىرەپ ئوچاقلىرىڭدا.
نە بىر گۈل، نە گۈلزار، ملكَ باغ ھىدى بار،
سېنىڭ شۇ مۇبارەك قۇچاقلىرىڭدا.

يۈزۈڭنى ئېھ، لاسكوي، ئاق نان دەپ بىلدىم،
شپكەرگە ئوخشاتتىم قوغۇنلىرىڭنى.
مەن ئۈچۈن ئىسلىرى تەۋەررۇك تۇرسا،
قانداقچە ئۇنتۇيمەن تۇرخۇنلىرىڭنى؟!

سۆيىمەن ئوت يەگلىغ مىسرالىرىمدا،
چاي سۇنغان قولۇڭغا ھەر كۈنى ملكَ رەت.
قەلبىمنى ئاختۇرساڭ تاكى ئۆلگۈچە،
تۇرىدۇ ئۆزۈڭگە بىر دەريا ھۆرمەت.

لېۋىڭنىڭ ئىسسىقى پېشانىمىزدە،
ئۇنتۇلماس سەندىكى مۇبارەك كۈنلەر.
ئايرىلساق باشلاندى يىگى سېغىنىش،
سېغىنىپ ئۆتمەكتە كۈندۈزلەر، تۈنلەر.

بال يېگەن بالىدەك لېۋىمنى تەمشىپ،
قايتتىم مەن ئايرىلغۇم كەلمەي سېنىڭدىن.
ئەجادىم بېغىنى سۇغارغان ئۆزۈڭ،
نېسۋەم ئايرىلماس ئىسسىق نېنىڭدىن.

## خوتەن قىزلىرى

زاۋۇتتا، ئېتىزدا، باغلاردىمۇ سەن،
بولمايدۇ رەستىلەر سېنىڭسىز ئاۋات.

شەپەقتەك مەڭزىڭگە ھەركىم مەھلىيا،
قىلىقىڭ تاتلىق زەپ، سۆزلىرىڭ ناۋات.

بېشىڭدا زەر دوپپا، ئۇچاڭدا ئەتلەس،
سىياقىڭ بەئەينى سىزغان بىر سۈرەت.
گۈل ئاتلىق گىياھلار ھىد ئالار سەندىن،
ياغاركەن باغلارغا سېنىڭدىن دۆلەت.

ھۇمكىنىمۇ شائىرنىڭ ئىلھاملىرىدا،
سەن ئۇچۇن دەريالار دولقۇن ئاتماستىن.
تىل تەگمەي قانداقچە يۇرسەن تىرىك،
ئېيتقىنا، بوينۇڭغا تۇمار ئاسماستىن؟

## خوش، خوتەن

خوش، دېگەنگۇ خوپ سۆز، لېكىن ئۇ
جۇدالىقنىڭ بەلگە - جاكارسى.
قاتتىق بولماس جۇدالىقتىنمۇ
بۇ دۇنيانىڭ جەبىر - جاپاسى.

خوش، ئېيتىمەن،
ئەلۋىدا، خوتەن،
دىدارىڭغا قانمىدىم بىراق.
مەلۇم ئەمەس، يەنە قانچە يىل
ئازابلايدۇ مېنى بۇ پىراق؟

1985 - يىلى 8 - ئاي، خوتەن - غۇلجا

## سىنىڭ ناخشاڭ

(ئاتاقلىق قازاق ئاقىنى تاڭجارىق توغولغانلىقىنىڭ 82 يىل-لىقى مۇناسىۋىتى بىلەن 1985 - يىلى 2 - دېكابىر كونى غول-جا ناھىيە 3 - ئوتتۇرا (قازاق) مەكتىپىدە ئۆيۈشتۇرۇلغان يە-غىندا ئوقۇلغان.)

تاڭجارىق، سەن تاغلارنىڭ شىرى ئىدىڭ،
مۇڭلىغان ئۆلەڭچىنىڭ پىرى ئىدىڭ.
ئەركىنلىك - ھۆرلۈك تامام كۆزلىگىنىڭ،
ئېزىلگەن تاغلىقلارنىڭ تىلى ئىدىڭ.

قورققانتى سەندىن زالىم زەڭگىلەرمۇ،
چۆچۈيتتى ئوغرى، رەممال، بەگگىلەرمۇ.
بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە يىغلاپ يۈردى،
سەن ئۈچۈن شۇڭا كەمپىر، يەڭگىلەرمۇ.

ئاۋازى تاڭدىن دېرەك بىر خورازدەك،
باھارغا ئەلچى بولغان تۇرنا، غازدەك.
بىر شائىر ئىدىڭ شۇنداق: ھەربىر سۆزى
تۈيۈلغان ئادەملەرگە باھار، يازدەك.

ئاۋۇل يوق سېنىڭ ناخشاڭ تارقالمىغان،
دەريا يوق ھاياجاندا چايقالمىغان.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىلىدىن سېنى ئاڭلاپ، جىلىق شۇرىنىڭ
رەڭگىدە قورقىنىدىن قان قالمىغان.

يول بەرمەي بىر قەدەممۇ ھاراملىققا،
ئابايدەك دەستۇر پۈتتۈڭ ھالاللىققا.
ئىنسانىڭ تاجى بىلىپ ياخشىلىقنى،
ناخشاڭدا كېپەن تىكتىڭ يامانلىققا.

ناخشاڭدۇر ساي سۇلىرى شارقىرىغان،
ناخشاڭدۇر كۈمۈش قارلار پارقىرىغان.
بۈگۈنمۇ قىرغا چىقسام سەن بار يەنە،
چوققىدىن يېڭى ناخشا ۋارقىرىغان.

قەبرەڭ بار قەلبىمىزدە، مۇنارىڭ بار،
شېئىرىڭ بار قۇلىمىزدا، شوئارىڭ بار.
قارىغىن: ۋادىمىزغا ئۆزۈڭ تىككەن،
ساناقسىز شائىر ناملىق چىنارىڭ بار.

تاڭ دېگەن مانا مۇشۇ تىلەكتىكى،
ئارزۇلار چىراي ئاچتى يۈرەكتىكى.
ھەر خامان ئالساق سېنى ئەسكە ئالدۇق،
قوغۇنلار پىشسا ياكى چۆنەكتىكى.

ئېھ، ئاقىن، سېنى ھەر كۈن سېغىنىمىز،
سېغىنساق، بۈگۈنكىدەك يىغىلىمىز.
نامىڭغا بىللە قوشۇپ بۇ زامانىڭ
كۈيلەيمىز بۇ بەختىيار چېغىنى بىز.

1985 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئەتە

بۈگۈننىڭ بەھرىدىن قەلبلەر مەمنۇن،
ئەتىنىڭ ئىشقىدۇر يازغانلىرىمىز .
گۈپۈلدەر توختىماي سەندەل ئۈستىدە
ئەتىنىڭ ئىشقىدا بازغانلىرىمىز .

ئەتىدىن ئۆزگىگە سۆيگۈ يوق بىزدە،
ئەتىنىڭ كۈيىدۇر چالغانلىرىمىز .
ئاغزىدا ئەتىدىن ئۆزگە ناخشا يوق،
قونسىمۇ ئۆتەڭدە كارۋانلىرىمىز .

ئەتىگە قىلىنغان يۈرۈشكە شاھىت
پەرزەنتلەر كۆتۈرۈپ بارغانلىرىمىز .
ئەتىگە مەنسۇپتۇر تىككەن ھەر كۆچەت،
ئىشلىسەك، سىزىلمەس ھارغانلىرىمىز .

ئەجىرلىك ئەتىلەر بولماي، قەددىگە —
گۈزەللىك ئالالماس ئايۋانلىرىمىز .
ئاددىيسى ئەتىكى ھايات ئۈچۈندۇر،
تونۇرغا بۈگۈن ئوت سالغانلىرىمىز .

يۈكسىلىپ بارىمىز سائادەتسىرى،
ئەتىسىز ھەل بولماس ئارمانلىرىمىز .

سادىقمىز شۇ مەنزىل مۇھەببىتىگە،
قالسىمۇ ئاداققى دەرمانلىرىمىز .

1985 ـ يىلى 12 ـ ئاي، غۇلجا



## ئاچ، سېخي ئالقىنىڭنى، مەن بىر سۆيەي

(ئۆز ئىقتىسادى بىلەن مەكتەپ سالدۇرغان
كېرەم ئىمىنگە بېغىشلايمەن)

مۇبارەك، ئىنىم سېنىڭ ھىممىتىڭگە،
يېزاڭغا يېڭى مەكتەپ سېلىپ بەرگەن .
شۇ تۆھپەڭ سېخىيلىقىڭ بولدى گويا،
ئاسماندىن ئاينى ئەلگە ئېلىپ بەرگەن .

خۇش سەندىن خانىۋەيرىچىلىق قېرىنداشلار،
قوللىرى قىزارغۇچە چالدى چاۋاك .
بىر سۆزنى ئۆزۈڭ يەشتىڭ «سېخىي» دېگەن،
بولدۇڭ ھەم مەردلىكنىمۇ ئۆزۈڭ جاۋاب .

ئاناڭنىڭ بېشى كۆككە يەتتى بۈگۈن،
سەن كەبى بىر چىراغنى ياققىنىغا .
ئىپتىخار، غۇرۇر سۆيدى ئاتاڭنىمۇ،
سېنىڭدەك مەرد ئوغۇلنى تاپقىنىغا .

خۇش خەۋەر يەتكۈزگەنتى يار - دوستلىرىڭ،
سېنىمۇ پۇلدىن خامان چەشلىدى، دەپ .
قىلغىنى راست بوپ چىقتى تەرپىڭنى،
پۇل تېپىپ ئۇلۇغ ئىشقا خەجلىدى، دەپ .

بارچىدىن ئەلا بىلدىڭ مەكتەپنى سەن،
چۈشەندىڭ مەرىپەتنىڭ بۇلىقى، دەپ .
جاكارلاپ ئۆتتۈڭ: بىزگە قۇچاق ئاچماس،
مەكتەپسىز پاراغەتنىڭ قۇچىقى! دەپ .

سەن ئەلگە ئالتۇن بەرسەڭ، بىلگەنىمدىڭ،
ئەلنىڭمۇ ساڭا گۆھەر بېرەرىنى؟
يا ئويلاپ باققانمىدىڭ ھىممىتىڭدىن،
ئۆزۈڭگە مۇنچە شەرەپ كېلەرىنى؟

شۇڭلاشقا ئۇيقۇ كۆرمەي، ھاياجاندا،
ئۆتكۈزدۈڭ قانچە تۈننى، تاڭلار ئاتتى .
ئەجرىڭچۈن خەلقىڭ ئۇرغان ئاشۇ ئالقىش،
ئۆمرۈڭگە يەنە يېڭى باھار قاتتى .

ئاپىرىن، ئىنىم سېنىڭ ھىممىتىڭگە،
مۇبارەك، سېنىڭ تۇتقان يولۇڭغىمۇ!
ئاچ سېخىي ئالقىنىڭنى، مەن بىر سۆيەي،
تىلەي ھەم بەرىكەتلەر يولۇڭغىمۇ.

1986 ـ يىلى 2 ـ ئاي، غۇلجا

# چىققۇم كەلمەس بۇ باغدىن

ئۆمۈردىمۇ بىر خاتىمە بار ئىكەن،
ياز كەيندىن كەلگەن كەچ كۈز، قىشلاردەك.
چىققۇم كەلمەس بىراق دوستلار، بىر باغدىن،
گويا ئاتا ئۇۋا سالغان قۇشلاردەك.

ياشلىقىمنى ئېلىپ قالدى ئاشۇ باغ،
چىشىم چۈشۈپ، ئاشۇ باغدا قېرىدىم.
ئەمدى مەنمۇ ئەرزىيدىغان ئۇستازمەن،
سالام بەرسە ئون بەش قەدەم نېرىدىن.

زامان مېنى ئەزىز ئەتتى بارچىدىن،
ئالتۇن بىلىپ ئاز بولسىمۇ ئەجرىمنى.
مۇنبىرىگە چىقىپ شۇندا شەرەپلىك،
ئاشۇ باغدىن تاپتىم بۈگۈن قەدرىمنى.

باغۋەن، دەيدۇ بۈگۈن مېنى ئادەملەر،
دېمەك شۇكى، مېنىڭ ئۇنۋان تاققىنىم.
ئۆتتۈپتىمەن ئۇلۇغ ئەمگەك ئىلكىدە،
مەرىپەتنىڭ شامى بولدى ياققىنىم.

مەكتەپ ناملىق ئاشۇ باغقا شەيدامەن،
ياشانسامۇ ئاشۇ باغدىن كەتمەيمەن.

يۇمۇلمىسا مېنىڭ كۆزۈم شۇ باغدا،
بۇ دۇنيادا مۇرادىمغا يەتمەيمەن!

1986 ـ يىلى 4 ـ ئاي، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## چىققىنىم چىققان ساڭا، تىك چوققىلار

كۆن بويى كۆزۈم سەندە، تىك چوققىلار،
ئۈزاقتىن قەلبىم مېنىڭ خۇمار ساڭا .
بىلمەيسەن بۇ كۆڭۈلنى،
كۈندە مىڭ رەت —
خىيالىم بۈركۈتلىرى قونار ساڭا.

ئەگسە ئاق پاختىدەك ئاق بۇلۇتلار،
تۇتىدۇ كۈنچىلىكىم پەستە تۇرۇپ.
ئەسىرمەن يەنە ساڭا، تۇرغان جايىم —
ياپيېشىل تاغلار باغرى — كەشتە تۇرۇپ .

ئالتۇندىن پۈتكەن گويا راۋاق ئۆزۈڭ .
جىسمىڭنى تاش دېگەنگە ئىشەنمەيمەن .
بارمىكىن مەندەك بىرى؟
ھەم باغرىدا —
شۇنداق ئوت كۆيەمدىكىن، چۈشەنمەيمەن .

بىرىڭدىن بىرىڭ ئېگىز ، بىرىڭ گۈزەل،
مۇقەددەس ئارزۇلىرىم تاغلىرىدەك .
كۆزۈمگە كۆرۈنسەن، ئىھ، چوققىلار،
دۇنيانىڭ ئەرشتىكى باغلىرىدەك .

هۆسنۇڭگە تەلپۈنمگەن بىرمۇ جان يوق،
قۇشلارمۇ ساڭا زوقمەن قارىشىدۇ .
يانسەن چولپان بولۇپ بەزەن يەنە،
قارىسام، شۇئان كۆزۈم قامىشىدۇ .

كۈن سۆيگەن ماڭلىيىڭغا مەن سۆيمىسەم،
يەتكىنىم مۇرادىمغا قېنى مېنىڭ؟
كۈن تۇگۈل ئايمۇ كۆرسۇن كېچىلىرى،
قۇچاقلاپ تۇرغىنىمنى سېنى مېنىڭ.

ئاستىڭدا تالاي ئورمان، توقايلىقلار،
يەتمەسمۇ ئويناپ ـ كۈلسەم شۇمۇ ماڭا؟
پېشىمدىن تارتقاندىمۇ گۈلستانلار،
چوققىلار تەلپۈنمەن يەنە ساڭا .

ئوخشايسەن، گاھى باقسام بىزنى گويا،
تۆھپىلەر ئېلىپ چىققان مۇنبەرلەرگە .
ھە، شۇڭا يامغۇر يۇغان قاپتاللاردەك،
بارىمەن چىلىق ـ چىلىق چۆمۈپ تەرگە .

قال، دەيدۇ ئۆز يېنىدا بۇلاقلارمۇ،
مەن ئەمما ياقتۇرىمەن ئۆرلىگەننى .
ئېيتقىنا، كۆرگەنمىدىڭ بىر ئۆزۈڭگە،
ئىشقىنى مەندەك ئۇزاق سۆزلىگەننى؟

چىققىنىم چىققان ساڭا، تىك چوققىلار،
لاپ ئۇرۇپ ئالدىمايمەن ئۆز ئېلىمنى .
چىققۇم بار بۇلۇتلارنىڭ ئۈستىگىمۇ،
ئوخشىتىپ ماڭدىم ساڭا مەنزىلىمنى .

1986 ـ يىلى 5 ـ ئاي، غۇلجا

## دىدار ئۈچۈن ...

چەت ئەل دېسە بىزگە بىر چاغلار،
«بارسا كەلمەس» سېزىلگەن ئىدى .
چېگرا دېسە گويا ئۇ يېقى،
ئۇ دۇنيادەك بىلىنگەن ئىدى .

كەتكەن ئىدىك، كەلدىك، جان ئاكا،
ئايرىلغانلار يەنە تېپىشتۇق .
قۇچاقلاشتۇق تىرىكلىرىمىز،
ئۆلگەنلەرگە هازا ئېچىشتۇق .

چارەك ئەسىر كۆرۈشمەي ئۆتتۇق،
خەت ـ خەۋەرمۇ قالدى ئۈزۈلۈپ .
بىراق، ئاكا، بۈگۈن چىرايىڭ
ھەپتە ئۆتمەي قالدى بۇزۇلۇپ .

چۈشۈپ كەتتىڭ سۈرۈشتۈرۈشكە
ئاتىمىزدىن قالغان مۈلۈكنى .
ئۆيىمىزدە قوزغىدىڭ غوۋغا،
تىنچ ياتقۇزماي گۆردە ئۆلۈكنى .

بىزنىڭ باشقا نە ئىشلار كەلدى،
بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە سالدىڭ .

كۆنىمىزمۇ ئەمدى ئوڭشالغان،
كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالدىڭ .

ئىشىڭ بولدى مىراس دەۋاسى،
ئەرز قىلىپ باردىڭ سوتقىمۇ .
تارتتىڭ بىزنى مۇشكۈل ھېسابقا،
يىپ - يىڭنىنى سالدىڭ چوتقىمۇ .

كېلىۋىدىڭ، خۇش بولغان ئىدۇق،
جاق تويدۇردۇڭ قايتىپ كەتكىچە .
دىدار ئۈچۈن كەلمەپسەن ئەسلا،
دۇنيا ئۈچۈن ئىكەن ئەكسىچە!

1986 - يىلى 6 - ئاي، غۇلجا



## قەلبىمنى لەۋھە قىلىپ...

(ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى سابىق بىلىم يۇرتى ئوقۇغۇچىلىرى-نىڭ غۇلجا ناھىيە جېلىلىيۈزى بازىرىدىكى ئۆچرىشىشىدا ئوقۇلغان.)

قۇچاق ئاچ، جېلىلىيۈزى گۈلباغلىرى،
ئەخمەتجان بوستانىنىڭ قۇشلىرىغا .
كەلگەن گۈل ياشلىقنى تاشلاپ ئۇلار
ھاياتنىڭ قانچە كەچ كۈز، قىشلىرىغا .

كىشىنىشىپ تېپىشقاچقا بۇگۈن ئۇلار،
سىيلىشىپ ئولتۇرىدۇ بىر - بىرىنى .
شۇ دىدار ھەر كۆڭۈلنى مەست قىلىپتۇ،
تاپقاندەك گويا ئاشىق دىلبىرىنى .

ئۇلارنىڭ بېشىدىكى ئاق ئوخشىماس
بىزنىڭ بۇ باشلاردىكى ئاق چاچلارغا .
ئاق ئەمەس، شەرەپشانىنىڭ سۈرىتى ئۇ،
رۇخسارى گۈزەل ئۆرنەك نەققاشلارغا .

مەرىپەت ئەھلى ئۇلار ئۇزاقلاردىن،
قەدرى بار ھەر كۆڭۈلدە، ئىززىتى بار .
ھەر كۆنلۈك تۆھپىسىدە ھەر بىرىنىڭ
شەھەر ئالغان قەھرىمانىنىڭ خىزمىتى بار .

كېلىدۇ قۇلىقىدا بىر قوڭغۇراق،
جاراڭلاپ: خەلق دېگەن، مىللەت دېگەن .
تاغ ھالقىپ كەلگەن گويا كارۋان ئۇلار،
يوق ئەسلا زەررىچىمۇ مىننەت دېگەن .

باغ ئۇلار، قەسىر ئۇلار تەرىپلىسەك،
تەڭدىشى ئالەمدە يوق ئۇلۇغلۇقتا .
تاغ ئۇلار، مۇنبەر ئۇلار يۈكسەكلىكتە،
ۋە لېكىن جايى ئۇنىڭ ئورۇندۇقتا .

چاي دېسەك چاي توشۇغان چاكار ياكى،
دانالىق تەختىگە شاھ، ۋەزىر ئۇلار .
ۋادىمىز ئەقىل تاپقان شۇلار بىلەن،
گۈدەكلەر تەقدىرىگە خىزىر ئۇلار .

قوينۇڭغا كەلدى ئۇلار ئۇچۇپ بۈگۈن،
تالايلاپ ئۆتەڭلەرنى بېسىپ ـ كېزىپ .
چۈشەنسەك، شائىر ئۇلار تالاي يىلنى
ئۆتكۈزگەن قەلبىمدە داستان يېزىپ .

قويۇپ بەر، دىدارلاشسۇن بۈگۈن ئۇلار،
مۇڭداشسۇن، بىر ـ بىرىگە قېنىۋالسۇن .
غەنىيمەت سورۇنلار بۇ قەدرىنى بىلسۇن،
رەسساملار سۈرىتىنى ئېلىۋالسۇن .

قەلبىمنى لەۋھە قىلىپ شۇلار ئۈچۈن،
بىر شېئىر يېزىپ كەلدىم مەنمۇ ساڭا .
مېنىمۇ ئېھ، باغلىرىم، چەتتە قويماي،
شۇلارنىڭ قاتارىغا قوشۇپ سانا .

1986 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، غۇلجا

## قەلەمگە

(شائىرلىق ئىزلىرىمدىن)

قەلەم، سېنى بۇگۈن يەنە ئالدىم قولۇمغا،
ئېگەرلىدىم ئۇلاغ تارتىپ گويا ئېتىمنى .
كەلمەكتىمەن غەزەلخانلار ئارا چاپتۇرۇپ،
ناخشام بىلەن تۆكۈپ ئەلگە مۇھەببىتىمنى .

خۇشاللىقتىن كىرپىكىمنى سۇغاردى يېشىم،
بايرام بولۇپ سېنىڭ بىلەن دىدارلاشقىنىم .
سېلىپ ئۆتتى جىق ئىشلارنى بىراق يادىمغا
شائىرلىقنىڭ ئىشىكىگە قەدەم باسقىنىم .

ساڭا ھېرىس بىر ئوغۇلنى تۇغۇپتۇ ئانام،
كىچىكىمدىن قىلدىم سېنى كەتمەنگە يانداش .
«ئىشق» دېگەن شۇمكىنىتاڭ ئادەملەردىكى،
بولامدىكىن تىنىققا ئۇ رىتىمداش، قانداق؟

مەن باشلىدىم شائىرلىقنى، شۆھرەتتىن ئەمەس،
بەلكى بۇندا ھەر گىياھنى قايناق سۆيۈشتىن .
ۋۇجۇدۇمغا قۇۋۇەت بەرگەن شۇ مۇھەببەتتۇر،
سېنىڭ ئىشقىڭ مەۋجۇت مەندە شۇنداق كۆيۈشتىن .

تاشلار يېرىپ چىققان سۈزۈك بۇلاق سۈيىدەك،
ئۇچقۇپ چىقتى مېنىڭ قايناق ئىلھاملىرىممۇ.
يىگىرمىگە يەتمەي تۇرۇپ، ئىجاد بېغىدىن،
شېئىر بولدى ئەلگە بەرگەن ئىنئاملىرىممۇ.

مەن كۈيلىدىم بۆلجۈرگەنلىك باغلارنى، تاغنى،
يازدىم سۆيۈپ قويۇق ئۆسكەن سۆگەتلەرنىمۇ.
مەن كۈيلىدىم ئەقەللىيسى ئاق قەغەز تۈگۈل،
ئالدىمدىكى ئاددىي چىراغ، دۇۋەتلەرنىمۇ.

«بۇلبۇل تىللىق ئوغۇل بوپسەن» دېدى جىمى يۇرت،
مەدەت بەردى ئېيتىپ ماڭا تەبرىك - مۇبارەك.
باسالمىدىم كۆزلىرىمدىن شادلىق يېشىمنى،
يېرىلماستىن چىدايدىكەن ھېلىمۇ يۈرەك.

تۆت پەسلىنى ئايرىمىغان قۇش بولدۇم گويا،
تەبىئەتنىڭ ھەر پەسلىنى بىلدىم باھار، دەپ.
ساڭا، قەلەم، شۇ يىگىتلىك يىللىرى يەتسە،
بىلدىم ئاۋۋال قىزنى ئەمەس، سېنى مەن يار، دەپ.

سەندە، قەلەم، تالاي تۈنلەر ئۇيقۇسىز ئۆتتۈم،
يەتمىگەندەك كۈندۈزدىمۇ گىرەلەشكىنىم.
شائىرلىققا قەسەم بېرىپ بەل باغلىغانمەن،
يوقتۇر مېنىڭ شۇ كەمەرنى بەلدىن يەشكىنىم.

باققىن، قەلەم، باققىن بۈگۈن بىزنىڭ ھاياتقا،
تۈزەپ ئېيتقان ناخشىلاردەك رەتلىك، رىتىملىق.
ئانا ئەلنىڭ باغلىرىدا بېھىشنىڭ ھۆسنى،
دۆڭدە ئاددىي شۋاقلارمۇ پۈرايدۇ ئىللىق.

1983 - يىلى 7 - ئاي، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
www.uyghurkitap.com

## تۈنده يازغان خېتىمنىڭ سىرى

ياستۇقۇڭدىن كۆتۈرسەن بېشىڭنى ئاستا،
ياتساڭچۇ دەپ ھەر ئاخشىمى ئانا قانچە رەت.
كۈنده ياغقان يامغۇر كەبى بۇ گۈنمۇ شۇ سۆز،
يازغانلىرىم نەزىرىڭدە خەتەرلىك بىر خەت.

دۇرۇس، دەيمەن تەشۋىش، غەممۇ ئانا بۇرچىنىڭ —
پەرزەنت ئۈچۈن يەنە ئالتۇن بۆلىكى ئىكەن.
ئانا قەلبى ئۇلۇغ دەيدۇ، بىلدىم: ئۇ گويا،
ھەسەل بەرگەن مىڭ ھەرىنىڭ كۆنىكى ئىكەن!

ئەر يەتكۈزدۇڭ شۇ ھەسەلدە چايقاپ ئاغزىمنى،
كەۋسەر يەتمەس لەززىتىگە شېرىن سۈتۈڭنىڭ.
مېغىز دېدىم سوقۇپ بەرسەڭ قاتتىق نانىمنىمۇ،
كۆتۈرمىدىم غوۋغاسىنى «يۇمشاق، پۈتۈن» نىڭ.

«ئىسيان» يىلى بىر خەت بىلەن تۇتقۇن بولغىنىم،
سېنىڭ دەردىلىك خاتىرەڭدىن چىقماپتۇ تېخى.
ئاغرار ئىكەن شۇلار ئەسكە چۈشسە، يۈرىكىڭ،
كەچۈر، ئانا، بۇنى ئوغلۇڭ ئۇقماپتۇ تېخى!

سەپەرلەردە كارۋان قونغان ئۆتەڭ ئۇ ماڭا،
گۈلخان ياققان دالالاردا ياكى بىر تۈنەك .
قاتارىنى تاپماق ئىكەن،
سەپتىن ئايرىلىپ —
يالغۇز ئۇچقان تۇرنىدەكى بىردىنبىر تىلەك .

چاڭ - توزاننى قىقشتۇردى يېڭى تاڭ ئەلدىن،
يىغلىغاننىڭ ھەسرىتىگە تېپىلدى داۋا .
سىقىلمايدۇ ئەل يۈرىكى ئەركسىزلىكتىن،
تىرىلدۈردى ئىمجانلارنى يېڭى بىر ھاۋا .

ئادەملەرنىڭ يۈرىكىنى تىڭشايمەن ھەر كۈن،
شۇ يۈرەكلەر دەل زامانىنىڭ بارومېترى .
شۇ يۈرەكلەر گويا ئەينەك، گويا نۇرلۇق كۆز،
بايقىلىدۇ بارچە ئىشنىڭ ئوڭى - تەتۈرى .

دوستلىرىمنى كۆردۈم، چۈنكى گېزىت بېتىدىن،
«شەرەپ» دېگەن قىزىل خەتنىڭ ئاستىدا نامى .
ئىشەن، ئانا، خەتتىن ئاۋۋال ئىچكەن بىر قەدەھ،
يوشۇرمايمەن، شۇ شەرەپنىڭ قۇتلۇق بىر جامى.

شۇلار ئۈچۈن ئىچتىم ئۇنى، يازدىم بۇ خەتنى،
ئۇلار تولا، ئۇلار يەتكەن ئۇتۇقلار تولا .
قۇياش يەرگە، ئەمما ئۇلار ئوتلۇق ئەجرىدىن،
يۈرەكلەرنىڭ ئەڭ تېگىگە چاچىدۇ شولا .

مەن شۇلارغا خەت يازىمەن قۇتلۇقلاپ ئانا،
تەبرىكلىرىم ۋەتەن ئۇرغان ئالقىشقا تەڭكەش .

ئەجەب يۈكسەك ئادەملەر ئۇ، تاغدەك ئەجرىنى،
دەپتۇ: ئۇلۇغ دەريادىكى ئاددىي بىر ئۆركەش .

ھە، دېگەنمۇ بىر مەدەت دەپ بىكار ئېيتمىغان،
مەدەتكارمەن، خەتلىرىمنىڭ تولىسى رىغبەت .
سالام بىلەن باشلىنىدۇ تۈنجى جۈملىسى،
قۇرلار ئارا تولۇپ ياتار ئېھتىرام ـ ھۆرمەت .

خەتلەر يېزىپ ئاشۇلارغا تەبرىكلەر ئېيتقان،
ئىشەن، ئانا، ئوغلۇڭ تېخى مىليونىنىڭ بىرى .
مەن كېزىمەن تاغلىرىنى چەكسىز ئىلھامنىڭ،
بولۇپ گويا شۇ كۆنلەردە تەپەككۇر شىرى .

يۇلتۇز كۆزلۈك ئاسمان بىلەن زاۋۇتلار گۇۋاھ،
شۇ خەت ئۈچۈن قىلماقتىمەن ئۇيقۇمنى قۇربان .
ئاشالمسام قايسى قۇرلار داۋانلىرىدىن،
كېچىلەرنىڭ گۇدۇكىدىن ئالارمەن دەرمان .

شۇلار ئانا، ئىلىم ـ پەندە تاۋلاپ، سۇغىرىپ،
تەبىئەتكە ئۇرغان بىزنىڭ زۇلپىقارىمىز .
شۇلار — بىزنىڭ ئەقلىمىزنىڭ نۇرى، جەۋھىرى،
شۇلار — بىزنىڭ قاشتاقلىقنى ئاسقان دارىمىز .

ئۇلار چىققان ھۇنبەر بۈگۈن بۇلۇتتىن ئېگىز،
باشلىرىدا كۆتۈرۈشتى خەلقىم ئۇلارنى .
ئەزىزلىكتە ئورۇن تۇتتى بارچىدىن يۈكسەك،
نەدە بولسۇن سۆيمەيدىغان كۆڭۈل شۇلارنى؟

بۈگۈن ھايات گويا گىلەم، ئۇلار دەستىگاھ،
ئوغلۇڭ يازماي باسالامدۇ ھاياجاننى؟

تاغ سۈيدەك چوققىلارنى لەرزىگە سالغان،
شۇلار كېلۇر چېلىپ زەپەر بارابانىنى .

دەلىل قىلىپ يۈرىكىمنىڭ چاۋاكلىرىغا،
مەن يازىمەن شۇ خەتلەرنى ئىپتىخارىمدىن .
پەخىرلىنەر ئانا ۋەتەن شۇنداق مەردلەردىن،
گۈل كۆرىمەن مەنمۇ يەنە ئۆز باھارىمدىن .

ئۇخلا، ئانا، تىنىچ تۈندىن تىنىچ ھۇزۇر سۈر،
مەن بۇ تۈننى خەتلەر يېزىپ شۇنداق تۈنەيمەن .
دوستلىرىمنىڭ ئەتىسگە ئۇلۇغ غەلىبە،
سەن ئۈچۈنمۇ يەنە تاتلىق چۈشلەر تىلەيمەن .

1983 ـ يىلى 12 ـ ئاي، غۇلجا



# گۈلخان

گۈلخان، گۈلخان، ئۇيغا پاتتىم قاقلاپ ساڭا مەيدەمنى،
ئىسسىت ئۆمرۈم، شۇنچە ياشاپ بولماپتىمەن سەنچىلىك .
ئارمان يەتتىم ياشلىقىمدىن تەمشىپ مۇنچە لېۋىمنى،
بولسام كاشكى ھۇجرىلاردا يانغان بىر تال شامچىلىك .
لاۋۇلدايدۇ يۈرىكىمدە گويا بىر ئوت ئۇھ دېسەم،
يېنىپ كەلمەس كەتكەن ئۆمۈر ئۆكۈنسەممۇ قانچىلىك .
ئىنسان دېگەن ئارماندىنمۇ خالىي ئەمەس، ۋە لېكىن
ھېچكىمنىڭمۇ ئارمانلىرى كۆپ ئەمەستۇر مەنچىلىك .
ئەلگە لەززەت بېغىشلىماس قۇرۇق ۋەدە، قۇرۇق گەپ،
سەبىلەرنىڭ ئاغزىدىكى ھەتتا بىر تال قەنچىلىك .
قۇراقلارغا ھۆسن قوشقان پۇرۇچ مەندىن مىڭ ياخشى،
بولالمىدىم ئاياغلاردا غاچىلدىغان چەمچىلىك .
باھار كەلسە ئۇرۇقلارنى يەر ئاستىدىن ئۇيغاتقان،
تۆككەن تەرىم بولالمىدى تۇپراق ئارا نەمچىلىك .
قونداق بولسام توخۇلارغا تاڭ سەھەردە چىللىغان،
نېمە ئارمان ياكى بولسام شۇلار يېگەن دانچىلىك؟
بوران بىلەن كەتتى ياشلىق ئادەملەرنى خۇش ئەتمەي،
گويا رەمبال نادانلارنى ئالداپ ئاچقان رەمچىلىك .
چۇقچىلايمەن سېنى، گۈلخان، شۇڭا، پېتىپ خىيالغا،
ئىسسىت ئۆمرۈم، شۇ ياشلىقتا بولالمىدىم سەنچىلىك .

1984 ـ يىلى 4 ـ ئاي، غۇلجا

# قۇلۇلە ۋە مەن

يۈرەر ئىكەن، ئەجەب مەخلۇق قۇلۇلە،
ئانىسىنى ھاپاش ئېتىپ بالىسى .
توۋا دەيمەن، ئۆمۈر شۇنداق ئۆتسىمۇ،
قالار ئىكەن شۇ بۇرچىنىڭ چالىسى .

ئادەملەردە پەرزەنتىدىن ياخشىلىق —
كۆردى شۇنداق قېنى كىمنىڭ ئانىسى؟
ئەتتەڭ، دەيمەن بۈگۈن مېنىڭ ئانامۇ،
شۇ سەۋەبلىك بوپتۇ يۈرەك يارىسى!

1984 ـ يىلى 4 ـ ئاي، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئىشقىم

قىلدى دەپ، ئەقلىنى شېئىرغا زايە،
كىملەردۇر ئارقامدىن قىپتۇ كىنايە.
مىسرالار كەينىدىن بارىمەن ھەق - راست،
بىلمىدىم، شۇمىكىن مەندىكى غايە؟

ھەر شېئىر پۈتكەندە گويا بېشىمغا،
بۈككىدە بىر دەرەخ سالىدۇ سايە.
بىلمەيمەن، ئۇ ئالدى كىملەردىن قارغىش،
شۇنداقلا كىملەردىن تاپتى ھىمايە؟

مىسرالار كەينىدىن تىزىلار مىسرا،
توختاشقا مىلىڭ چېكىت بولماي كۆپايە.
كايىماڭ، دوستلىرىم، كايىماڭ، چۈنكى،
مەنمۇ ھەم ئىشقىمغا قىلدىم رىئايە.

1984 - يىلى 4 - ئاي، غۇلجا

## شۇ يولدىن ئۆتسەم...

كېلىدىكەن دۇنياغا ئىنسان،
ياشايدىكەن هاياتنى سۆيۈپ .
ئۆتىدىكەن تالايلار بۇندىن،
بىر ئارماننىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ .

شۇلار بىلەن هايات بىناسى،
ئۆز تەكتىگە ئالاركەن ئۇل تاش .
شۇ تاشلاردىن پۈتۈپ كۆۋرۈكلەر،
ئەسىرلەرگە بېرەركەن بەرداش .

ئۇلار چاپقان ئۆستەڭلەردىمۇ،
ئاقار ئىكەن سۇلار يۈز يىللاپ.
تۇرار ئىكەن هەر ياز تومۇزدا،
چاڭقىغاننى بويىغا چىللاپ .

قالىدىكەن شۇلاردىن ئىزلار —
قالىدىكەن ياخشى نامىمۇ.
تۇرىدىكەن ئەبەدىي ئۆچمەي،
ئاشۇلارنىڭ هايات شامىمۇ .

هەر يازلىقى شۇ يولدىن ئۆتسەم،
شۇ خىياللار چۇلغايدۇ مېنى .

ئۇيلار تەگسىز، ئۇيلار پايانسىز،
ئۇيلار تىنىچ قويمايدۇ مېنى .

«شۇ يول» دەيمەن،
كۆپ يىل مۇقەددەم —
بىر باھارنى ئالىمەن ئەسكە .
قالدىكەن ئىنساندىن ئەجىر،
كەتكەندىمۇ ئۆمۈر كەلمەسكە .

كۆزۈم يۇمدۇم، كەلدى ئالدىمغا،
شۇ باھارنىڭ قايناق بىر كۈنى .
خىيال ئەمەس، دوستۇم ياكى چۈش،
قايتا يەنە كۆردۈم مەن ئۇنى .

كۆردۈم ئەنە، بىر مۇھەببەتنى،
بوستان ئۈچۈن ئىنسان نەسلىدە .
مىڭلاپ پەرھاد ئىشلەيتتى گويا،
بوستانلارنىڭ كۆيۈپ ۋەسلىدە .

گۈرجەكلەرنىڭ تاراق - تۇرقى،
تۇيۇلغانتى چاۋاك چالغاندەك .
بولۇپ كەلدى شۇ چاغدىن بېرى،
مېنىڭ كۆڭلۈم شۇندا قالغاندەك .

بېرىشىمدا تۇمەنلەپ ئورەك،
يېنىشىمدا كۆچەتلەر رەت - رەت .
ئالغان ئىدى تەبىئەت ھۆسنى،
شۇ مېھنەتتىن ئۆزگە زىننەت .

ئۆتتۇم بۇگۈن شۇ يولدىن يەنە،
بىر پاراتتىن ئۆتكەندەك گويا .
كۆك تېرەكلەر تۇرىدۇ قاتار،
مېنى ئۇزاق كۈتكەندەك گويا .

مەن كېلىمەن، كىملەر بىلەندۇر،
غايىبانە بولۇپ سۆھبەتتە —
مەن كېلىمەن، شۇلاردىن قالغان،
ھەر تېرەككە بېقىپ ھۆرمەتتە .

سۇمباتىدا ھېكمەت ئۇلارنىڭ،
ھەر شېخىدا گۈلدەك گۈزەللىك .
رۇخسارىدىن ھەربىر ياپراقنىڭ،
ئالدىم ئىلھام تۇمەن غەزەللىك .

ئاشۇ يىللار كەلدى ئالدىمغا،
كەلدى ئاشۇ ئادەملەر يەنە .
ئۆزلىرى يوق، لېكىن تىكلىگەن،
ھۇنارلىرى تۇرىدۇ ئەنە!

بۈگۈن قېنى شۇ مېھنەت ئەھلى!
مەن كېلىمەن سېغىنىپ ـ ئەسلەپ،
شۇلار كېلۇر شۇ يولدىن ئۆتسەم،
خىيالىمغا مېنىڭ ئەڭ دەسلەپ .

ئارزۇلايمەن بۈگۈن شۇلارنى،
يەنە بىر رەت كۆرۈپ ئۆتسەم، دەپ .
قاتار قىلىپ شۇ تېرەكلەردەك،
قوللىرىغا سۆيۈپ ئۆتسەم، دەپ .

ئۇلار كەتتى، ئەمما ئەجرىدىن،
بۇ يوللاردا بىر بوستان قالدى .
ئادەملەردىن قىممەتلىك ھېكمەت،
مېنىڭ ئۈچۈن بىر داستان قالدى .

كۆلكىسىنى كۆردۈم شۇلارنىڭ،
كۆك تېرەكلەر يېشىللىقىدىن .
كەلمەكتىمەن ئىنسان ئەجرىنىڭ،
زوققا تولۇپ ئېسىللىقىدىن .

كوندە ئۆتەر مىڭلاپ يولۇچى،
يولدىن ئەمەس، خۇددى بوستاندىن .
سايىلىرى تومۇزنى يەڭگەن،
جىلغىلىرى گۈزەلدۇر ئاندىن .

قاتار كەتكەن شۇ سۇۋادانلار،
بىلسەڭ، تۆھپە شۇلاردىن قالغان .
گۈزەللىكنى بۇ ئۇزاق يوللار،
ئۆز ھۆسنىگە شۇلاردىن ئالغان .

ئەسلىمەمدۇ ئەۋلادلار ئۇنى،
ياد ئەيلىسە سۆيۈنمەمدۇ جان؟
بۇ دۇنيادا ياشىغانلارغا،
ئۇندىن ئارتۇق بولغايمۇ ئۇنۋان؟

1984 ـ يىلى 6 ـ ئاي، غۇلجا

## سالام، ئاربوز

(مەشرەپ سورۇنىدا ئوقۇلغان)

سالام، ئاربوز، ساڭا تەبرىك ئېيتىپ كەلدۇق،
مەشرىپىڭگە يېڭى قوشاق قېتىپ كەلدۇق.
بەزمە نېمە، مەشرەپ نېمە، بىلىپ ئەمدى،
ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتىگە يېتىپ كەلدۇق.

سېغىنغانلار يېڭىباشتىن سالاملاشتۇق،
ئايرىلغانلار دىدارلاشتۇق، ئامانلاشتۇق.
ئاياغلىشىپ قانچە يىللىق جۇدالىقلار،
ئاخىر مانا بىر سورۇندا پاراڭلاشتۇق.

رەھمەت، ئاربوز، كاتتا مەشرەپ بەرگىنىڭگە،
سېخىيلارچە قۇچىقىڭنى كەرگىنىڭگە.
يىغلىۋەتسەم ئەيىب كۆرمەڭ، ئەھلى مەشرەپ،
خۇشاللىقتىن ئۆز يۇرتۇمغا كەلگىنىمگە.

مەن كېلىمەن، ئاربوز، ساڭا مۇھەببەتتە،
يەك تىز، دېسەڭ ئولتۇرىمەن ئىتائەتتە.
تۇزۇككىنە ئويۇن كۆرمەي ئۆتمىدۇقمۇ،
ئەل قاقشىغان ئاشۇ ئون يىل ئەلەم - دەردتە.

www.uyghurkitap.com

كەچرەك كەلدىم، ۋاقتىم بۇگۈن زىقراق بولدى —
ئىش ـ ئوقتىم شۇ كۆنلەردە جىقراق بولدى .
ئەپۇ قىلغىن، ئوتتۇز ئوغۇل، بۇ مەشرەپتە
سۆزلىگىنىم ھەممە جايدىن جىقراق بولدى!

1984 ـ يىلى 8 ـ ئاي



## قوبۇل قىلىڭ قەلبىمىزدىن تۇتقان گۈللەرنى

(1986 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئىلىدا ئېچىلغان ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنىغا قاتناشقان يازغۇچى، شائىرلار شەرىپىگە بېغىشلايمەن.)

### خۇش كەپسىلەر

قەلەمداش مېھمانلىرىم، خۇش كەپسىلەر،
مەرھەمەت ئۆيىمىزنىڭ تۆرلىرىگە .
مەرھەمەت، شائىرلار، قوشۇلۇڭلار
جەننەتتەك ۋادىمىزنىڭ ھۆرلىرىگە .

ئەزىزلەپ تەمشىلىدۇ ئاۋرال ئەنە،
سىلەرنى ئۆز بېشىدا كۆتۈرمەككە .
قولىدا ئالتۇن قوشۇق، تەقەززا ھەم
ئىلقىلىق ساھىبخانىمۇ بال بەرمەككە .

بارچىدىن ئالدىرايدۇ سىزنى، دوستۇم،
كۇنەسنىڭ يايلاقلىرى قۇچاقلاشقا .
كەتسەڭلار ئېغىز تەگمەي، قالار كۆڭلى،
جىلىلىۋزى ھومايلىرى ئەتكەن ئاشقا .

قوندۇرماي قويۇپ بەرمەس قورغاسلىقلار،
كۆزى تۆت كۈندە بېقىپ يولۇڭلارغا.
ئىچكىلى سۇ دېسەڭلار چاڭقىغاندا،
سۇ ئەمەس، قىيام بېرەر قولۇڭلارغا.

مېھماندوست شۇنداق بىر جاي ئىلى دېگەن،
ھەربىر باغ ساھىبخاندۇر سىلەر ئۈچۈن.
چۈشسەڭلار قىز قۇۋارغا، ئېگەرلەكلىك —
ئوقتىن تېز تۇلپارلىرى مىنمەك ئۈچۈن.

قايتىدىن روزىكامنى كۆرسىلەر،
بېرىلىپ تىڭشىساڭلار تەمبۇرنى.
قازاقنىڭ ئاقىن ئوغلى تاڭجارىقمۇ
كېلىدۇ تۇتۇپ يېڭى دومبىرىنى.

كۆرمىگەن بۇلبۇلنىمۇ ئۆمرۈڭلاردا
شۇ يەرنىڭ باغلىرىدىن كۆرسىلەر.
بولغۇڭلار كېلىپ شۇنداق كۈيچى بۇلبۇل،
ئىجادقا باشقىدىن يەڭ تۈرسىلەر.

ئاسماننىڭ مەرھەمىتى ئاندىن ئۇلۇغ،
چېلەكلەپ يامغۇرلىرى قۇيۇپ تۇرار.
چاڭ قونسا بويلىرىغا گىياھلارنىڭ،
بىر تۈندە يامغۇر ئۆزى يۇيۇپ تۇرار.

كۆرسەڭلار قوشۇلغۇڭلار كېلەر بەلكى —
ئۇچقاندەك چېپىپ بارغان بەيگىلەرگە.
باشلايدۇ ئوغۇل - قىزنى خۇش كەپسەن، دەپ،
سىلەرنى بوستانلارغا، سەيلىلەرگە.

سۇ ئەمەس، سۆيگۈ ئاقار دەرياسىدا،
باغلارغا قوشۇپ سۆيەر سىلەرنىمۇ .
بىلىدۇ يىگىتلىرى ياردىن ئاۋۋال
زامانىنى چىن يۈرەكتىن سۆيەرنىمۇ .

لوتۇنىنىڭ ئىزى بىلەن ماڭغانلار دەپ،
سىلەرنى ئەزىزلەيدۇ، قەدىرلەيدۇ .
بىرىڭلار كۆز يۇمساڭلار بۇ ئالەمدىن،
يەر ئەمەس، يۈرىكىگە قەبرىلەيدۇ .

سىزىڭلار سۈرىتىنى يۈرىتىمىزنىڭ،
كۈيلىسۇن، توختىمىسۇن قەلىمىڭلار .
قالدۇرغاي ئالتۇن تومىلار ۋادىمىزغا
مۇبارەك ئىزلىرىدىن قەدىمىڭلار .

## هەر دەرەخ قىياسىمدا بىر قىز گويا

(خەنبىڭ يېزا باغۋەنلىرىگە)

بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ كىرىپ كەلدۇق
كۆرگىلى بېغىڭلارنى، گۈلۈڭلارنى .
قۇشلارنى بېسىپ چۈشتۇق شەيدالىقتا،
باغ ئىكەن دەپ ئاڭلىدۇق ئۆيۈڭلارنى .

پۈكۈلگەن قەددىڭلاردىن گۈل تۆۋىدە
بىز كۆردۇق بۇ هاياتقا مۇهەببەتنى .
بىز كۆردۇق شۇ سۆيگۈدىن بىر مۆجىزە،
بوستانغا ئايلانغان مىڭ مۇشەققەتنى .

ھېكمەت بار باغۋەن دېگەن نامگىلاردا،
تومۇزنى توسۇپسىلەر سايە بىلەن .
ھەر دەرەخ قىياسىمدا بىر قىز گويا،
ئورالغان خۇددى يېشىل شايى بىلەن .

سىلەردىن كىينگەن ئۇ، يۇيۇنغان ئۇ،
بويىنغا سىلەر ئاسقان مونچاقنىمۇ .
تاپماق تەس ھىممەت سۇنماي بېغىڭلاردا،
قىزىرىپ خىجىل بولغان بىر شاخنىمۇ .

يېشىللىق بەرگەن باھار تەبىئەتكە،
باغۋەنسىز ئەمما نېمەت بېرەلمەيدۇ .
سىلەرسىز، ئەقەللىيسى، باغلار ئۈچۈن،
مېنىڭدىن شۇ شېئىرمۇ تۆرەلمەيدۇ .

## ئاسقىلى بولسا ئەگەر تۇمار ساڭا

ئىلقىلىق ئاغىنىلەر، ئامانمۇ سەن،
كۆرۈشمەك نېسىپ بولۇپ كېلىپ قالدىم .
ئۇندەيدۇ شېئىرلارغا ئىلھاملىرىڭ،
ھە، شۇڭا مەنمۇ قەلەم ئېلىپ قالدىم .

ئۇلاستاي چۇقانلىرى سىنىڭ تۆھپەڭ،
كەتمەيدۇ ئوق ئاۋازى قۇلىقىمدىن .
ئاسانمۇ سەندەك شەرەپ ئەھلى بولماق،
لۇتپۇللا چىقتى ئەۋلاد ئۇرۇقۇڭدىن .

ھەسەلمۇ ئۇقسام سىنىڭ ھىممىتىڭكەن،
ھېكمەلەر مىڭ كېسەلگە شىپا دېگەن .

ئالدىدا تاغ گۈللىرى چاچقان ھىدىنى،
خىجىلكەن بۇندا ئەتىر، ئىپار دېگەن .

كۆپ، نىلقا، ئاشىقلىرى كۆمۈرۈگىنىڭ،
ھەربىر مەش، ئوچاقلارمۇ خۇمار ساڭا .
بوينۇڭغا ئاسار ئىدىم ئاۋۇال سېنىڭ،
ئاسقىلى بولسا ئەگەر تۇمار ساڭا .

ئاسماننىڭ يامغۇرىمۇ سېخىي ساڭا،
بەرىكەتنىڭ بەلگىسىدۇر بىنەملىرىڭ .
قوينىغا چىللاپ مېنى ئېلىپ كەلدى،
گىلەمگە ئۆرنەك بەرگەن چىمەنلىرىڭ .

دان بەرگەن دالالارنى دېھقانلارغا،
ئوخشاتتىم بىر مەرۋايىت دۇنياسىغا .
ئايلىناي، توقايلىرىڭ گۈزەل ئىكەن،
ئايلىنىپ قالدىم شۇڭا شەيداسىغا .

قەلبىمدە جىق قەسىدە قايناپ تۇرغان،
بىرسى مەن شۇنداق يۇرتلار ئاشىقىنىڭ .
ياخشى، دەپ خىتاب قىلدى يۈرىكىممۇ،
نىلقىدىن نېرى كەتمەي ياشىغىنىڭ!

## مەھەللەڭگە مېھمان كەلدى

مەھەللەڭگە مېھمان كەلدى، جىلىلىيۈزى،
ئەرزىيدۇ تۆگە سويساڭ شەرىپىگە .
تاي سويدى نىلقىلىقلار تۆگە تۈگۈل،
سۆز ئىزدەپ ئولتۇرماستىن تەرىپىگە .

باشلىغىن باغلىرىڭغا ئاشۇلارنى،
ئىرغىتىپ بەرگىن ئۆزۈڭ ئۆرۈكۈڭنى .
چېقىپ بەر مېغىزىنى ئۆز قولۇڭدا،
يېرىپ بەر لازىم بولسا يۈرىكىڭنى .

ئاستىدىن ئايرىلمىسۇن يۇمشاق كۆرپە،
ئۆيۈڭنىڭ تۆرىدىمۇ شۇلار بولسۇن .
باشلىغىن يېڭى سالغان ئۆيلىرىڭگە،
ئۆزۈڭدىن ئاۋۋال كىرىپ شۇلار قونسۇن .

ئالتۇن بار دەرگاھىدا گۆھەر بىلەن،
قەدرىنى بىلگەنلەرگە قەسىر ئۇلار .
كۆڭلى باغ، كۈيى كەلكۈن يامراپ تۇرغان،
قىلىدۇ تاشلارغىمۇ تەسىر ئۇلار .

ئەجدادى مەھمۇد بەرگەن قەلەم بىلەن،
ئۇنتۇلماس قامۇسلارنى پۈتكەن ئۇلار .
ئۇزىتىپ قانچە قىشنى ناخشا بىلەن،
باھارغا ناخشا بىلەن ئۆتكەن ئۇلار .

ئاختۇرساڭ ئاددىي دېھقان كۆڭلىدىمۇ،
شۇلارنىڭ ھۆرمىتى بار، ئىززىتى بار .
ۋەتەن دەپ قەلەم تۇتقان قوللىرىنىڭ،
بۈگۈن ھەم ئالەمشۇمۇل خىزمىتى بار .

قوينۇڭغا مېھمان كەلدى، جىلىلىيۈزى،
ئەرزىيدۇ تۆگە سويساڭ شەرىپىڭگە .
ئۆزۈڭگە ئەپسۇس شۇ: شائىر تۇرۇپ،
ئاز قوشاق توقۇپ قالدىم تەرىپىڭگە .

1986 ـ يىلى 7 ـ ئاي، غۇلجا

## كەچ كۈز شاملى

كۈز شاملى، كەچ كۈز شاملى،
سەنمۇ چېچىپ ـ قىيغىتىپ ئۆتتۈڭ .
نېمىنىدۇر شاخلاردىن ئىزدەپ،
دەرەخلەرنى ئىرغىتىپ ئۆتتۈڭ .

كېزىپ چىقتىڭ تالاي باغلارنى،
تۇرنىلارنىڭ كەينىدىن چاپتىڭ .
ئاخشام يېنىپ ئۆچكەن گۈلخاننىڭ
كۈللىرىنى سورۇدۇڭ ـ چاچتىڭ .

سېنىڭ سەھنەڭ ــ سەرەمجان دالا،
ئاق شۋاقلار سەن ئۈچۈن چالغۇ .
خامانلارنى تۈندە يوقلايسەن،
لازىم ئەمەس ساڭا قونالغۇ .

قالتىس ئىكەن، كەچ كۈز شاملى،
دەرەخلەرنى سۆيۈپ ئۆتكىنىڭ .
دەرەخ بولغۇم بار ئىدى، بىراق ــ
يامان ئىكەن غازاڭ تۆككىنىڭ!

1986 ـ يىلى 11 ـ ئاي، غۇلجا

# نامىك

(ئىلى 2 ـ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ئۇيۇشتۇرغان
ل. مۇتەللىپنى خاتىرىلەش يىغىنىدا ئوقۇلغان)

ناخشىلار قالدى سەندىن بىزگە مىراس،
ئايلىنىپ نامىڭمۇ ھەم بىر ناخشىغا .
نېچۇندۇر سۆز ئېچىلسا ئەزىزلەردىن،
سەن تۇرۇپ بارمايدىكەن تىل باشقىغا .

سۆيىمىز ئىزلىرىڭنى تەۋەررۇك دەپ،
ئىزىڭنى ئۇلگە قىلدۇق ئىزىمىزغا .
بىلدۇردۇق ناندىن ئاۋۋال كىملىكىڭنى
تۇغۇلغان ھەربىر ئوغۇل، قىزىمىزغا .

قەلەمنى سەندىن ئالدى، دېمەك، ئۇلار
قەلبىدە ئۆلمەس ئەجداد بولۇپ قالدىڭ .
دىل ـ قەلبى ياد ئەيلىسە، بولدۇڭ ھازىر،
يىنىدا تالاي ئاخشام قونۇپ قالدىڭ .

ئاۋازىڭ ياڭراپ تۇرار ۋادىلاردا،
ئۆچمىدى تېخى سىنىڭ تىنىقىڭمۇ .
ھاياتىڭ قەيسەرلىكىنىڭ يىلنامىسى،
ئۆچمەيدۇ ئەسلى ئارزۇ ـ تىلىكىڭمۇ .



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاغلارغا ئوخشاپ يانار مسرالرىك،
ۋاراقلار بۇ زېمىندا مليون يىللىق .
قۇياشنىڭ خاسىيتى پىكرىڭگە جەم،
كۆپلىتلار ئەلگە ئاپتاپ چاچار ئىللىق .

ھەر خوراز ئاۋازىدا سۇبھىدىكى
ئالەمگە سېنىڭ تونۇش ئاۋازىڭ بار .
كۆكتۇللەر ئاسمىنىدا لاچىن ئۆزۈك،
زېمىننى ھاڭ ـ تاڭ قويغان پەرۋازىڭ بار .

ئوخشايسەن تونۇرلاردىن ئۆرلەپ چىققان
ئۇچقۇنغا ياكى قىزىق يالقۇنلارغا .
دەريادا ئىلھامىڭ مەۋجى بار، دەپ،
سالىمەن ھەردەم قۇلاق شاۋقۇنلارغا .

نامىغا ياندىش قالدى سېنىڭ نامىڭ
سادىردەك باتۇرلارنىڭ، ياخشىلارنىڭ .
بىر تۇتۇپ، ئۇستاز تۇتۇپ، مىراسخورى —
بىز بولدۇق سەندىن قالغان ناخشىلارنىڭ .

ئات سالدۇق سەن كۆزلىگەن داۋانلارغا،
دۇچ كەلسەك مۇشكۇللەرگە ئىگىشمەيمىز .
قالغانلار قېلىۋەرسۇن بۇندا زارلاپ،
بىز ئۇنداق ئىگىشىشنى تىگىشمەيمىز .

بىر گۈلسەن بۇ دۇنيادىن غۇنچە كەتكەن،
بىمەھەل غازاڭ بولغان بىر باغ ياكى .
ئۆچمەيدۇ سېنىڭ نامىڭ يەر يۈزىدىن،
ھاياتلىق توختىسىمۇ سوۋۇپ تاكى .

1986 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## قارنى كۆرۈپ

قارنى كۆرۈپ خىيالغا كەتتىم،
قايتقۇم كېلىپ باللىقمغا .
قىستۇرۇلدى قىرانلىق بىراق
شۇ قار بىلەن ئارىلىقىمغا .

ئەتتەك، دېدىم ھەسرەت ئىچىدە،
قاراپ قالدىم قارلىق كوچىغا .
ئاللىقاچان تارتىلىپتىمەن
مەنمۇ مانا يىللار سوتىغا .

ئۆمۈر كەتتى، ئارمانلار قالدى،
بىللە كەتتى ئەجەب باللىق؟!
بالا بولسام چىقار ئىدىم مەن
شۇ كوچىغا بۈگۈن چانلىق .

دېرىزەمگە چېكىلگەن گۈلنى
ئولتۇرىمەن ئوينىغۇم كېلىپ .
ئەنە كۆپكۆك مۇز تۇتقان دەريا،
تەلپۈنىمەن تېيىلغۇم كېلىپ .

قارنى قېقىپ ئاۋۇ شاخلاردىن،
بالا بولسام سىلكىمەيتتىممۇ.

تۈنجى قارنى يۇملاپ ياكى،
دوستلىرىمغا سۇركمەيتتىمۇ .

قارنى كۆرۈپ تەمشەلدىم يەنە
پۇتلىرىمغا كانكى باغلاشقا .
ئاق كۈچۈكۈم ئالدىمدا ياكى،
قارنى كېچىپ توشقان قوغلاشقا .

قالدى نەدە گۆدەكلىك چاغلار
قش بوۋايلار ياساپ ئوينىغان .
بۈگۈن بوۋاي بولارىمىزنى
ئۇ چاغلاردا كىممۇ ئويلىغان؟

قارنى كۆرۈپ، باللىققا مەن
يانالمىدىم، يانغۇم كەلسىمۇ .
قويمايدىكەن يىللار مەيلىڭگە،
باللىقتا قالغۇڭ كەلسىمۇ!

1986 ـ يىلى 11 ـ ئاي، غۇلجا

## بىز سىنىڭ ئەركە بالاڭ، ئېھ، دالالار

قىش ئاتلىق مېھمان كەپتۇ بۈگۈن مانا،
سۆيگىلى بىزدىن نۆۋەت ئېلىپ سېنى .
ھەر پەسىل قۇچاقلاشقا خۇشتار شۇنداق،
جىمىدىن ساھىبجامال بىلىپ سېنى .

بىز سىنىڭ ئەركە بالاڭ، ئىھ، دالالار،
گۈلزارغا شاھلىق قىلغان كېپىنەك بىز .
ئاز كۆرۈپ سەندە ئۆتكەن كۈندۈزنىمۇ،
قانچە ئاي سەندە يورۇق كېچىلەپ بىز .

شۇندىمۇ كۈمۈش قارلىق قۇچىقىڭدا،
بىز ئېيتقان ناخشىلارنىڭ ساداسى بار .
مەڭزىڭگە مۇھەببەتتە سۆيۈپ ئۆتكەن،
قانچە ياز تاڭلىرىنىڭ ساباسى بار .

دان دېسەك، زور زەر بەردىڭ ئەجرىمىزگە،
سېنىڭسىز نەدە بىزنىڭ بەركىتىمىز؟
جان ـ دىلدىن سېنى سۆيۈش بولۇپ كەلدى،
يارىلىپ بۇ دۇنيالىق ھەركىتىمىز .

بىز سىنىڭ ئەركە بالاڭ، ئىھ، دالالار،
چايقىدىڭ ھەسەل بىلەن ئاغزىمىزنى .

ۋايىگە يەتتى سەندە ياشلىقىمىز،
بىز، شۇڭا مەڭگۇ ياقتۇق مەڭزىمىزنى.

سۆيگۈمىز، بۇرچىمىز بار ساڭا شۇنداق،
بىز ئەمما ئەجرىمىزنى داملىمايمىز.
ئىنسانىمىز تەقدىرىمىز ساڭا تۇتاش،
تەييارنى سەندە قۇش بوپ دانلىمايمىز.

گۈل ـ گىياھ قامىتىگە سەن سۇ بەردىڭ،
خۇرسەندۇر سەندىن ئاددىي شىۋاقلارمۇ.
ئاق بۇغداي باشاقلىرى ماختار سېنى،
باغرىڭغا قويۇپ بېشىن قىياقلارمۇ.

گۈل باھار سەندىن ئايان ئادەملەرگە،
سېنى دەپ قۇشلار كېلەر يىراقلاردىن.
سېنىڭسىز ياز ۋايىگە يەتكەن ئەمەس،
سۇ بېرىپ چاڭقىغانغا بۇلاقلاردىن.

سەن كۆزنى جاكار قىلدىڭ تەبىئەتكە،
ئۆزۈڭ ھەم قۇياش رەڭلىك بولۇپ قالدىڭ.
بىز سېنىڭ ئەركە بالاڭ، ئېھ، دالالار،
سەن بىزنىڭ ئۆز ئانىمىز بولۇپ قالدىڭ.

1986 ـ يىلى 11 ـ ئاي

www.uyghurkitap.com

# بىللە بولساق

(دوستلارغا)

ھارساقمۇ ھاردۇق يەتمەس بىللە بولساق،
ھەر كۆڭۈل ساراي بولسا، بىللە قونساق .
تەڭ ئىشلەپ، تەڭ يېگەننىڭ تەمى باشقا،
توي بىزگە بىللە مېڭىپ، بىللە تىنساق .
دۇچ كەلسە مۈشكۈل ناملىق تىكەن بىزگە،
ھەددى يوق يۇلۇنماسقا بىللە يۇلساق .
ئوخشاشتۇر تۆر، پەگاسى بىر سورۇننىڭ،
ئوخشاشمىز نەدە ئىشلەپ، نەدە تۇرساق .
بىزگىمۇ يارىشىدۇ شەرەپ بولسا،
ئايىماي چاۋاكىنىمۇ بىللە ئۇرساق .
ۋە ياكى ھازا بولسا بىللە يىغلاپ،
ھەر جايدا بەزمە بولسا، بىللە قۇرساق .
بىر بولساق، بىللە بولساق داۋانلاردا،
توي تۆگۈل قايغۇدىمۇ بىللە بولساق .
ھەققى بار، نېسۋە بار ھەركىمنىڭمۇ،
گۈل كۆرسەك قولىمىزنى بىللە سۇنساق .

1986 ـ يىلى 11 ـ ئاي، غۇلجا

## بىز ۋە يىللار

بارىدۇ بىز كەبى سەپەردە يىللار،
بىرىدە خۇشاللىق، بىرىدە ئەپسۇس.
تۇمەن خىل بىز ئۇچۇن ئىلتىپاتىمۇ،
بىرىدە تەنتەكلىك، بىرىدە ئەس ـ ھوش.

بىرىدە ئاسايىش، بىرىدە غوۋغا،
كېلىدۇ ئۆمۈردە ئۇلار ئېگىز ـ پەس.
بىرىگە باققاندا ئۆرۈلەر ئۆپكەڭ،
بىرىگە قوزغىلار مۇھەببەت ـ ھەۋەس.

بىرىدە ۋەھىمە، بىرىدە تەشۋىش،
قايغۇدا ئۇزاتتۇق ساناقسىز ئاينى.
بىرىدە غەمكىنلىك، بىرىدە سۈكۈت،
سۈكۈتتە سۈمۈردۇق ھەر چىنە چاينى.

كېكىردەك سىقىشتۇق قايسىبىرىدە،
ئۆز تۇرۇپ قان بولدۇق — ئەقلىدىن ئازدۇق.
خاتالار كەينىدىن يۈردۇق تەمتىرەپ،
بىلمىدۇق كىملەرگە خەندەكلەر قازدۇق.

ئەقىدە باغلىدۇق لاپقا، يالغانغا،
لاپ بىلەن «سالدۇق» ھەم دەرياغا تۇغان.

ئاجايىپ ئادەملەر ئىدۇق ئۇ چاغلار،
ئۆزىمىز ئاچ قورساق، سۆزىمىز يوغان.

گۆدەكلىك چېغىدەك ئىنسان ئۆمرىنىڭ،
ئۇ يىللار بىزلەردىن قالدى يىراقتا.
بىر چۆكۈپ، بىر لەيلەپ يۈرۈپ ئاخىرى،
ھە، مانا بىز چىقتۇق گۈزەل قىرغاققا.

تارىختىن تەربىيە ئالدۇق ساناقسىز،
قالدى ئۇ بىزلەرنىڭ مەنمەنلىكىمىز.
چىنپۇتكەي يەر يۈزى، كەتتى كەلمەسكە
يىللارنى ئالدىغان سەۋەنلىكىمىز.

زاماندىن زارلانماس بولدى خەلقىمىز،
يىللار خۇش، دىللار خۇش، قەدەھلەر قوش ـ قوش.
يىللارنى ئارىلاپ يول تاپتۇق ئاخىر،
ياشىسۇن ئادەملەر! ياشىسۇن تۇرمۇش!

بارىدۇ سەپ تارتىپ سەپەردە يىللار،
بىرىدە خۇشاللىق، بىرىدە ئەپسۇس.
ۋە لېكىن كۆلكىنىڭ نۆۋىتى بۈگۈن،
يىللار خۇش، دىللار خۇش، قەدەھلەر قوش ـ قوش!

1986 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ھايات دېگەن سىلەر ئەمەسمۇ

(ئوقۇغۇچىلىرىمغا)

سىلەر بىلەن ياشىرار دۇنيا،
سىلەر بىلەن تىرىكلىك ئۆلمەس.
سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئۈمىدلەر
ناخشىلاردەك مەڭگۈ كۆمۈلمەس.

قەلبىڭلاردىن قوشاق تىڭشايدۇ،
ئۆتكەن يىللار، ئايلار سىلەرنىڭ.
يەرۇ ئاسمان مەنسۇپ سىلەرگە،
تاغۇ دەريا، سايلار سىلەرنىڭ.

سىلەردە كۈچ، سىلەردە قۇدرەت،
قولۇڭلاردا ھەر كۈن تىزگىنى.
ۋارىس سىلەر ئۇلۇغ سۆيگۈگە،
سۆيمەيسىلەر ئەلدىن ئۆزگىنى.

ئاق قىشتىمۇ يېشىل بىخ سىلەر،
ئاراڭلاردىن باھار پۇرايمەن.
ئېيتىڭلارچۇ، شۇنداق باھارنى
مەدھىيەلىمەي قانداق تۇراي مەن؟

www.uyghurkitap.com

ھايات نېمە؟ — سورار بەزىلەر،
ھايات دېگەن سىلەر ئەمەسمۇ؟
سىلەر ئۇلۇغ، مۇقەددەس ھەمدە
سىلەردىكى ئارزۇ - ھەۋەسمۇ!

قۇتلۇق بولسۇن، مۇبارەك بولسۇن،
كۈلۈپ كەلگەن يېڭى يىللار.
يېڭى يىلغا يېڭىلىق كىرەك،
يېڭى بولسۇن شۇڭا ئېڭىلار!

1986 - يىلى 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

# باهار سۇلىرى

ئوخشىتىمەن شاۋقۇنۇڭنى، باھار سۇلىرى،
كۆرەكلەردە كۆپىنىڭ چالغان چاۋاكلىرىغا.
ئوخشىتىمەن ساڭا مەنزىل — ئېتىز - دالانى،
ۋادىمىزنىڭ خۇددى كۈمۈش تاۋاقلىرىغا.

قەدىمىڭگە ئاشىق كەبى باغلار تەقەززا،
چۈنكى چىمەن ئالار ئىكەن رەڭنى سېنىڭدىن.
ئېرىقلارنىڭ شادلىقىنى ئەيلەشكە ئىزهار،
تالاي ئالبوم ناخشا - قوشاق كۈتەر مېنىڭدىن.

ئانا يەڭلىغ ۋادىلارغا باھار كەلدى، دەپ،
يىراقلاردىن تۇرنىلارنى چىللىغان ئۆزۈڭ.
ناخشا ئېيتسا يۈگرەپ چىققان قىزلاردەك تۈندە،
باھار كېلىپ جىرالاردا قونىمغان ئۆزۈڭ.

يارى كەلگەن يىگىتلەرنىڭ يۈرەكلىرىدەك،
شاماللارمۇ ئۇچار تىنماي سېنى كەلدى، دەپ.
يەرنى تەشكەن مادارىنى داڭلايدۇ مايسا،
ئۆز بويىغا شۇ قۇدرەتنى باھار بەردى، دەپ.

سېنى بارچە ئۆستەڭلەرنىڭ بەركىتى، دەيدۇ،
ئۇلغايتسەن دەريالارنىڭ زۇمرەت سۈيىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆكلەم پەيتى ناۋا كۈتۈپ قۇشلارغا باقسام،
قۇشلار، ئەمما تىڭشار سەندىن باھار كۈيىنى.

ئىپار ھىدلىق ۋادىلارغا ھۆسن بەرگەن سەن،
دەرەخلەرگە ئالىيشىل جالالار ئېسىپ.
ئۆزۈڭ بەردىڭ ئورمانلارغا يېشىل قامەتنى،
ئېدىر - دۆڭلەر مەيدىسىگە كەشتىلەر بېسىپ.

كۆللەردە سەن، ئايدىڭ كېچە شۇ كۆل بويىغا،
كەلگەن جۈپلەر شولىسىنى سەندىن كۆرۈشتى.
يۈرەكلىرى ئاۋۋال ساڭا ئالقىش ياغدۇرۇپ،
مۇھەببەتنىڭ قىيامىدا ئاندىن سۆيۈشتى.

باھاردىكى تاشقىنلارمۇ سېنىڭدىن ھاسىل،
گۈزەللىكتۇر تەبىئەتكە تامام ياپقىنىڭ.
گۈل - گىياھلار سەندىن مەمنۇن، باھار سۇلىرى،
شۇ ئەمەسمۇ باھار كېلىپ مۇراد تاپقىنىڭ.

ئوخشىتىمەن شاۋقۇنۇڭنى باھار سۇلىرى،
كۆرەكلەردە ئەلنىڭ چالغان چاۋاكلىرىغا.
ئوخشىتىمەن ساڭا مەنزىل — ئېتىز، كۆللەرنى،
خەلقىمىزنىڭ خۇددى كۈمۈش تاۋاقلىرىغا.

1987 - يىلى 2 - ئاي، غۇلجا

## ئۆزۈڭ تاج، ئۆزۈڭ خەزىنەم

دۇنياغا كېلىشىم ئاتا ـ ئانامدىن،
سەن بولدۇڭ ئەقلىمگە كاپالەت، خەلقىم.
رىزقىمغۇ نان بىلەن ئاق سۈت ۋە لېكىن،
سېنىڭدىن تاپقىنىم كامالەت، خەلقىم.

دانالىق خىزىرغا خاس خىسلەت، دەيدۇ،
ئەكسىچە سەن جىمى خىزىرغا ئۇستاز.
ئۆمرۈڭنىڭ چېكى يوق، ئەقلىڭنىڭ تېگى،
سەن ئۈچۈن كۆز نېمەت، باھار پايانداز.

كىتابلار بېشىغا يېزىپتۇ شۇڭا
ئاقىللار: ئالدۇق، دەپ ئەقلىنى سەندىن.
ئېيتقىنا، خانلارغا نەدە ئېسەنلىك،
شەھەرلەر ئالمىسا سېپىلنى سەندىن؟

ھەيۋەتلىك شەھەرلەر، گۈلباغلار سېنىڭ،
تەئەللۇق بىز ئېيتقان ناخشىلار ساڭا.
يامانلار سىغمايدۇ ئەسلا قوينۇڭغا،
يارىشۇر ھەر جايدا ياخشىلار ساڭا.

ئالقىنىڭ سېخىيلىق دېڭىزى گويا،
ئالىمىز ھەر كۈنى سۆيگەننى سەندىن.

جۇدالىق ئازابى كېلەر مىڭ يىللىق،
سېنىڭدىن ئايرىلغان ھەر نەپەس ـ دەمدىن.

سېنىڭدىن بەزگەندە بايلىق توختىماس،
سېنىڭدىن ئايرىلغان قەلب جاھالەت.
شۇ ماڭا دۈشمەندۇر: كىمكى قەلبىمنى،
ئۆزۈڭدىن ئۆزگىگە قىلسا دالالەت.

يىقىلسام يۆلىدىڭ، قاقتىڭ ئۇچامنى،
بېشىمغا كۈن چۈشسە بولدۇڭ پاناھىم.
جاھانغا جۈت كەلسە ھەققىم يوق، شۇڭا،
ئەڭ ئاۋۋال سېنىڭدىن قىلماسقا ۋايىم.

پەزىلەت مەكتىپى ئۆزۈڭ سەن خەلقىم،
مىليونلاپ تالىپقا ئۆزۈڭ مۇدەررىس.
مىڭ شەھەر، قەلئەنى قىلغانلار ۋەيران،
تەھقىقكى، ئۆزۈڭگە قىلالماس خىرىس.

گۆھەردىن ئەتىۋار ئادەتلىرىڭ بار،
مەن سەندىن ئۆگەندىم سالام ـ ساھەتنى.
سۆيگۈڭنىڭ ۋەجىدۇر شائىر بولغىنىم،
ئىشەنسەڭ: سەن ئۈچۈن سۆيدۈم ھاياتنى.

ھالاللىق ئۆزۈڭدە يېتىلگەن خىسلەت،
شۇنداقلا مەردلىككە لەۋزىلەر قىلماق.
ئارزۇيۇم: ھاياتتا ئۆزۈڭدەك ياشاپ،
ئۆلگەندە قەلبىڭنى قەبرىگاھ قىلماق.

بىر غالىب قوشۇنسەن ھايات جېڭىدە،
سەندىكى پەزىلەت — سەبرە - سۈكۈتمۇ.
تۈگەتمەك تەس، خەلقىم، تەرىپلىرىڭنى،
شائىرلىق كۈندە بىر داستان پۈتۈپمۇ.

دۇنيادا قىبلەيۇ — تاۋابگاھىمسەن،
دېمەككى، سەن مېنىڭ مەككە - مەدىنەم.
سەن بىلەن بەختىم بار شاھلىقتىن يۈكسەك،
ئېھ، خەلقىم، ئۆزۈك تاج، ئۆزۈك خەزىنەم.

1987 - يىلى 3 - ئاي، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# باھار سۆيگۈسى

مەن خۇشتار گۈزەللىككە، گۈلگە دېسەم،
سەندىكەن گۈزەللىكمۇ، گۈلمۇ، باھار.
ئاشىقلىق بولۇپ قالدىم شۇندىن بېرى،
ئىشقىڭدۇر قەلبىمدىكى كۈيمۇ باھار.

بەرگۈچە ئۇچۇرۇڭنى قۇشلار ماڭا،
قانچە رەت كىرىپ قالدىڭ چۈشۈمگىمۇ.
ئۆزۈڭگە مەپتۇن قىلىپ كىچىكىمدىن،
بىر چوغنى سېلىپ قويدۇڭ ئىچىمگىمۇ.

باھار دەپ ئېيتىڭ چىقسا قىش پەسلىمۇ،
شۇ ئوتتا ياغ چاچقاندەك كۆيۈپ كەلدىم.
تارىخىڭ ئۇزۇن سېنىڭ، ياشلىقىمدا،
ئۆزۈڭنى ياردىن ئاۋۋال سۆيۈپ كەلدىم.

ئۆزۈمنى تۇتالمايمەن «باھار» دېسەم،
ۋەيرانە باللىقىم چۈشۈپ ئەسكە.
ئاپتىپىڭ قۇتقۇزغانتى مېنى تالاي،
تۇرغاندا قىشتىن ئۆتمەك چۈشۈپ تەسكە.

بۈگۈننىڭ ھۆكمى باشقا، شۇڭا باھار،
مەن سېنى تويۇم بىلەن كۈتۈۋالدىم.

شادلىقنىڭ ۋەجمىكىن، ئەلدىن ئاۋۋال —
سەن ئۈچۈن بىر قەدەھنى ئىچۋالدىم.

يىغلىدۇق بۇگۈن مانا كۆيچىلىرىڭ،
نورۇزدا سېنى يەنە كۈيلىگىلى.
كەل، باھار، ئۈزاق بوپتۇ سېنى مۇنداق،
قانغۇچە تەمشىپ تۇرۇپ سۆيمىگىلى.

سانى يوق مەمنۇنلارنىڭ سەندىن، باھار،
باغلارنى سەن كىمخاپقا ئورىغۇچى.
دەرەخلەر قىياسىمدا كۈتەر ئېھسان،
دالالار سەندىن ھۆسن سورىغۇچى.

مەن خۇشتار گۈزەللىككە، گۈلگە دېسەم،
سەندىكەن گۈزەللىكمۇ، گۈلمۇ، باھار.
ئاشىقلىك بولۇپ قالدىم شۇندىن بېرى،
ئىشقىڭدۇر قەلبىمدىكى كۈيمۇ، باھار.

1987 - يىلى 3 - ئاي، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## كۆك چۆچۈرىسى

كۆڭلۈمدە جىق ئىشلار، كۆك چۆچۈرىسى،
ئېيتاي مەن ئۇلاردىن قايسىبىرىنى؟
كۆكلەمدە سەن كەلدىڭ ئاۋۋال يادىمغا،
قوزغىتىپ قەلبىمنىڭ ئىلھاملىرىنى.

نادانلار ئۆيىدا ئەرزىمەس بىر ئىش،
تۈيۈلار قەلەمگە ئالماقمۇ سېنى.
ئاڭلىسام، ئانچىكى بىر ئىش ئىكەن ھەم،
تائام دەپ ئاغزىغا سالماقمۇ سېنى!

ئەكسىچە مەرتىۋەڭ مەن ئۈچۈن يۈكسەك،
مەڭزىڭدە قىزلارنىڭ گۈزەللىكى بار.
ياپيېشىل بوستانلار ۋۇجۇدۇڭغا جەم،
تۇرقۇڭدا كۆكلەمنىڭ ئەۋزەللىكى بار.

قايتىدىن قايناپتۇ بېدىلىك باغلار،
يۈرىدۇ كۆك تېرىپ تالاي قىز - چوكان.
ئاھ، قانداق چىرايلىق چىمەنلەر، دېسەم،
ياشلىقىم قايتىدىن سالىدۇ چۇقان.

ھەر ئۆيدە قازانلار سېنىڭ بىلەن بەخت،
ئانىلار ئاغزىدا سېنىڭ تەرىپىڭ.

ئۆزگىلەر نە دېسە دېسۇن، ۋە لېكىن
ئانىلار تەرىپى — سېنىڭ شەرىپىڭ!

1987 - يىلى 5 - ئاي، غۇلجا



www.uyghurkitap.com

## دېھقىنىم، قەلبىڭنىڭ سۈرىتى نان

دان سېنىڭ ھىممىتىڭ، نان سېنىڭ تۆھپەڭ،
دېھقىنىم، قەلبىڭنىڭ سۈرىتى ھەر نان.
دالىلار تەقدىرى قولۇڭدا گۈلزار،
دىللاردا يەنە بىر نامىڭ قەھرىمان.

جۈپ قولۇڭ ئەجرىگە تەرىپلەر تولا،
كېلىمىز ئەزىزلەپ ئالقانلىرىڭنى.
سەن بەرسەڭ، ئەرزىيدۇ، كاپ ئەتسەك شۇڭا،
شېكەرگە ئوخشىتىپ تالقانلىرىڭنى.

بوستانلار، ئېتىزلار سېنىڭ ئىجادىڭ،
قەلبىڭنىڭ سۈرىتى ئۈندىكى ئۈزلۇق.
كېلىدۇ خامانلار نامىڭغا تۇتاش،
شۇنداقلا ئايلىنار گۈپۈلدەپ تولۇق.

كۆرۈنمەس بىر كەمەر بېلىڭدە سېنىڭ،
كېلىسەن ھەرقاچان مۈشكۈلدىن غالىب.
ئالدىڭدا مۇشەققەت تاغچە بولسىمۇ،
بولمايدۇ جىسمىڭدىن ئىرادەڭ غايىب.

ھەركىمگە سۆيۈملۈك بۇ ئانا تۇپراق،
ۋە لېكىن ھېچ كىشى سۆيمەس سېنىڭدەك.

ئاپتاپقا ئۆزىنى تۇتقانلار تولا،
تۇتسمۇ لېكىن ئۇ كۆيمەس سېنىڭدەك.

رازى سەن ئاغزىڭدا سۇ توشۇشقىمۇ،
ھەر مايسا، ھەر داننىڭ ئىشقىدا ھامان.
مەيدەڭدە ئاسرايسەن ھەر غېرىچ يەرنى،
ئۆتىدۇ جۇتلاردىن شۇڭا ئۇ ئامان.

ياغدۇ ئاسماندىن سەن ئۇچۇن يامغۇر،
گويا جور بولغاندەك تۆككەن تەرىڭگە.
كىم چىگكەن جاسارەت كەمەرلىرىنى،
ئېيتقىنا، دېھقىنىم، سېنىڭ بېلىڭگە؟

قولۇڭدىن نان يەيمەن، دېھقىنىم ھەر كۈن،
كۆكەرگەن مايسا مەن سەن بەرگەن سۇدا.
گەر بىراۋ قىلسىمۇ سېنىڭدىن مەھرۇم،
ئىشەنگىن، ئىشقىڭدىن قىلالماس جۇدا.

پاكلىقنى ئاق نانغا ئوخشاتقانلارنىڭ،
ئاختۇرساڭ، قەلبىدە ئەڭ ئاۋۋال سەن بار.
رىزقىمغا ھەرقاچان ئۆزۈڭ كاپالەت،
ئېيتقىنا، سەن تۇرۇپ، ماڭا نە غەم بار؟

دان سېنىڭ ھىممىتىڭ، نان سېنىڭ تۆھپەڭ،
دېھقىنىم، قەلبىڭنىڭ سۈرىتى ئاق نان.
دالالار تەقدىرى قولۇڭدا گۈلزار،
دىللاردا يەنە بىر نامىڭ قەھرىمان.

1987 ـ يىلى 6 ـ ئاي، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئالتۇن ئالساڭ، ئال مېنىڭدىن

ئالتۇن ئالساڭ، ئال مېنىڭدىن، ۋاقتىمنى ئالما،
سەۋدايىمەن «ۋاقت» ئاتلىق شۇ يار ئىشقىدا.
توۋا، دەيمەن، سەن ئىشرەتكە كۆڭۈل بېرىپسەن،
مەن ئەكسىچە، مىنۇتلارغا قىلدىم ئىقتىدا.

خۇشال ئۆتكەن كۈنلىرىڭگە مۇبارەك، دوستۇم،
تىل تەگمىسۇن ھەمداستىخان ئۇلپەتلىرىڭگە.
قۇرۇق سۆزنىڭ غوۋغالىرى ئارىلاشتى، ئەپسۇس،
ياش ئەقلىمگە ئەقىل قوشقان سۆھبەتلىرىڭگە.

كۆرگىنىڭدىن ئاڭلاي دېسەم، سۆزلىرىڭ ئۇزاق،
كىملەرنىڭدۇر رۇخسارى ۋە خۇلقىدىن قىسسە.
بېسىلمايدۇ داۋراڭلارغا ئۆگەتكەن ئاغزىڭ،
ئۆزۈڭ بەرگەن زىياپەتنى ماختاشقا چۈشسە.

داڭلاپ بەردىڭ مال - مۈلۈكنى ھاياندىن تاپقان،
سەن ۋاقتىمدىن ئەۋزەل كۆردۈڭ ھارام پۇلۇڭنى.
شۇ كۈنۈمدىن كەم دېگەندە كەتتى ئون مىنۇت،
كۆرستىشكە ئالتۇن ئۈزۈك سالغان قولۇڭنى.

قالغىنى يوق ئاخشام ئىچكەن شارابلىرىڭمۇ،
بىر سائەتچە ماختاپ بەردىڭ مىنگەن ئېتىڭنى.

بايقىغانسەن، تىڭشىغانلار قىلالماي تاقەت،
بەدەر قاچتى ئىككى مىنۇت ئاڭلاپ گېپىڭنى.

يىغىن ئاچساڭ سۆزلىرىڭمۇ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن،
شۇ يەردىمۇ قىلدىڭ تالاي ۋاقتىمنى بەربات.
نېمە ھەددىم ئولتۇرماسقا ئۇندا تېپچەكلەپ،
جۇپتى قازا قىلغان قۇشتەك ئۇرۇپ مىڭ پەريات.

ھەر مىنۇتقا بۇ ئۆمۈردىن بىھۇدە كەتكەن،
مەن ئۆتمەن يۈرىكىمدە سائەتلەپ يىغلاپ.
ئۆرتەلمەمدۇ ئوتلىرىدا روھىم نومۇسىڭ،
تاڭلا نەۋرەم دەپتەرلەردىن قالسا ئىنقلاپ.

قالغۇم كەلمەس كەتكەن كۈنۈڭ كەينىدىن قاقشاپ،
مەن ۋاقىتقا يۈگەن سېلىپ يېتەكلىگۈم بار.
قۇرۇق باراڭ بولغۇم كەلمەس ھايات بېغىدا،
ئېگىزلەرگە ئۈچ تارتقۇم بار، چېچەكلىگۈم بار.

ۋاقىت ــ بېغىم، ۋاقىت مېنىڭ مۇنبەت دىيارىم،
توسما مېنى، ئاڭا قىزىلگۈللەر تېرىيمەن.
ۋاقىت ــ دىلبەر، ۋاقىت مېنىڭ مەڭگۈ مەشۇقۇم،
ئايرىلغانغا ئايرىلماستىن بىللە قېرىيمەن.

كۆيگۈم كېلۇر ئۇنىڭ كۆيۈك ئاپتاپلىرىدا،
تۈنلىرىدە ناخشا بولۇپ ياڭراپ تۇرغۇم بار.
قۇمچاق ئۈزگەن توختام سۇغا يوقتۇر ئوخشىغۇم،
پورۇقلىغان قازانلاردەك قايناپ تۇرغۇم بار.

uyghurkitap.com

بولسا تۇتقۇن قاۋاقلارغا ئۆمرۈمدىن بىر كۈن،
كەتتى دەيمەن قولۇمدىكى تىللاردىن بىرى.
قەلىمىمنى شۇ تىللاغا بىلەپ كېلىمەن،
شائىر بولۇپ تالاي ـ تالاي يىللاردىن بېرى.

مىسرالىرىم مۇھەببەتتۇر ھاياتقا، ئەلگە،
ئۇن قاتىمەن شېئىر بىلەن ئىجاد خورىغا.
ئاز گەپ قىلغىن، ئالدىرايمەن كىرىپ بارماققا،
تۆھپەم بىلەن كېلەچەكنىڭ سورۇنلىرىغا.

ئالتۇن ئالساڭ، ئال مېنىڭدىن، ۋاقتىمنى ئالما،
پەرۋانىمەن «ۋاقىت» ئاتلىق جانان ئىشقىدا.
توۋا، دەيمەن، سەن ئىشرەتكە كۆڭۈل بېرىپسەن،
مەن ئەكسىچە، ھەر مىنۇتقا قىلدىم ئىقتىدا.

1987 ـ يىلى 6 ـ ئاي، غۇلجا



# گۈلى سەن، گۈزىلى سەن تەبىئەتنىڭ

دەرەخلەر، رەھمەت ساڭا، سايەڭدە بىز،
ياز بويى يەلپۈپ تۇرار ياپراقلىرىڭ.
گۈلى سەن، گۈزىلى سەن تەبىئەتنىڭ،
ئۇسسۇلدىن توختىمايدۇ كۆك شاخلىرىڭ.

سەن تۇرۇپ بەرگەن تەبىر دۇرۇس بولماس،
باغدىكى گۈزەللىكنى گۈلدە دېسە.
مىڭ باھار كەلگەندىمۇ ئىشەنمەيمەن،
سېنىڭسىز ۋادىلارنى گۈلدى، دېسە.

سەن بەردىڭ كوچىلارغا گۈزەللىكنى،
بۇلاقلار بويىدىمۇ ئۆزۈڭ ھەقدا.
ھاساڭدىن ئالدى مەدەت، بولدى مەمنۇن،
ئالەمدىن بوۋايلارمۇ كېتەر چاغدا.

چۆل بىلەن قەبرىستانغا ھايات بېرەر،
ئادرېسى، ھۆسنىدىنمۇ بىر توپ كۆچەت.
ئانىلار تۇتقان كۆسەي غۇرۇرۇڭدۇر،
ئاتىلار قولىدا ھەم ياغاچ گۈرجەك.

ئۆزۈڭ بار ئىشكىمنىڭ ئالدىدىمۇ،
تېگىڭدە، دېمەك، ھەر كۈن سەيلىگاھىم.

ئاتامغا ئوخشتىمەن قامىتىڭنى،
ئانامدىن قالساڭ، ئۆزۈڭ قىبلىگاھىم.

باھاردا تەلمۈرىمىز بىخلىرىڭغا،
سەندىندۇر يازنى جەننەت دېگىنىمىز.
باغلاردا سەن تۇرمىساڭ قۇچاق ئېچىپ،
كىرەمدۇق ئۇندىن نېمەت يېگىلى بىز؟

تاغ سىزساق ئاق قەغەزگە سەن بار يەنە،
نەدە نام سەن بولمىساڭ «ئورمان» دېگەن؟
بويۇڭدىن بىر خەت كۆردۈم غايىبانە،
— بۇ جىسمىم ئادەملەرگە قۇربان! — دېگەن.

يەر تۇگۈل سايەڭ چۈشەر سۇلارغىمۇ،
قانچىلاپ دەريا، ئۆستەڭ قىرلىرىدىن.
بىر سۆيگۈ ئېلىپ قالدىڭ ھەر ئاخشىمى،
ئاستىڭدا ئەلنىڭ ئوغۇل - قىزلىرىدىن.

قۇچاقلاپ يىغلىغانلار سېنى تۇنلەپ،
يوق دەمسەن ھىجران ئوقى تەگكەنلەردىن؟
دەرەخلەر، قانچە تاتلىق سۆيۈشلەرنى،
كۆردۈڭ ھەم مۇرادىغا يەتكەنلەردىن!

ئالەمنىڭ كارۋىنىكەن ئىنسان دېگەن،
ھەركىمنىڭ ئۆيى ئەمما، ھەر سەنەمدە،
ئىشەنسەڭ، مەن ئۇزاقتىن سۆيۈپ كەلدىم،
تۆھپەڭنى تۇمەن ئويلاپ ھەر قەدەمدە.

ئۇستۇڭدە قۇشلار خۇشال، ئاستىڭدا بىز،
ئايرىلماس ھاياتىمىز نېمىتىڭدىن.
كېلىدۇ جاھان بەزەن سۆز - چۆچەكتە،
لېكىن ئۇ خالىي سېنىڭ غەيۋىتىڭدىن.

*　　　*

گۈلى سەن، گۈزىلى سەن تەبىئەتنىڭ،
ئۈسسۈلدىن توختىمايدۇ كۆك شاخلىرىڭ.
تىلەك ۋە ئەجرىمىزگە تەبرىك سەندە،
چاۋاكقا يارالغاندۇر ياپراقلىرىڭ.

1987 - يىلى 7 - ئاي، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئېرەنلىك ئىلھاملىرى

(چاتمىلار)

## ئېرەنلىك

ساڭا كەلدىم سەيلىگاھىم، ئېرەنلىك،
تالللىرىڭنى بىر - بىر تۇتۇپ سۆيۈشكە.
ئىشقىڭدىنكەن سۆيۈپ تۇرساق يالقۇنلاپ —
يۈرەكلەرنىڭ باشلىغىنى كۆيۈشكە.

قازان ئاسساق بويلىرىڭغا دەريانىڭ،
كەلمەيدىكەن ياققان ئوتنىڭ ئۆچكۈسى.
ئېرەنلىرىڭ بولۇپ بىزگە ساھىبخان،
شاخلىرىدىن كەلدى نېمەت تۆككۈسى.

تۆكمە بولغان ئۆرۈكلەرنى ئىرغاتتۇق،
ھۇزۇر قىلدۇق ئۈجمەڭنىمۇ تېرىپ يەپ.
ئۆز بېغىمىز بولدۇڭ گويا ئېرەنلىك،
كۆزدە كەلسەڭ جىگدەڭنىمۇ سىيرىپ يەپ.

سەنئەتچىگە سەھنە بولدۇڭ ياپپېشىل،
زەپ ياراشتى ناخشا بىلەن ساز ساڭا.

ۋادىمىز نىڭ باغچىسىغا ئايلاندىڭ،
ھەر يازلىقى كەلمىگەنلەر ئاز ساڭا.

چىمەنلىكنىڭ سورۇن بولدى بىز ئۈچۈن،
نەغمە قىلدۇق قاش سۈيىگە جور قىلىپ.
شېئىر تىزىپ كەتتىم ساڭا، ئېرەنلىك،
يۇلغۇنلارنىڭ ئارىسىغا قۇر قىلىپ.

## بۇلبۇل ئاۋازى

مەن تىڭشايمەن ئاۋازىڭنى، بۇلبۇللار،
ئېرەنلىكنى كۈيلەپ ئېيتقان ناخشا، دەپ.
دۇنيادىكى يۈكسەكلىكنى، راھەتنى،
مەن چۈشەندىم بۇلبۇل قونغان شاختا، دەپ.

شۇ شاخلاردا تۈمەن ياپراق تەۋرىنەر،
شۇ بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىغا مەست بولۇپ.
ئېرەنلىككە كېلىپ قويۇپ شۇ سەۋەب،
ئولتۇرىمەن ئەمدى كەتمەك تەس بولۇپ.

## قاش دەرياسى

ئۆزۈڭ ئۈچۈن دەپتەر ئېچىپ شېئىرغا،
ئولتۇرىمەن قاش دەرياسى لېۋىڭدە.
گۈلدۈرلەيدۇ قورام تاشلار نەدىندۇر،
تۈگمەن بارمۇ ياكى سېنىڭ تېگىڭدە؟

ئويغا پاتتىم كۆرگىنىمدە سەندىكى،
ئۆركەشلەرنى بىر - بىرىگە مىنگەشكەن.

باللىقىم تەكتى شۇئان بويۇڭدا،
توشقان قوغلاپ تىزىمغىچە قار كەچكەن.

دولقۇنلىرىڭ ئوخشار تۇمەن يولۋاسقا،
شارقىرىشىڭ ئاۋازى ھەم شۇلارنىڭ.
نىمە قىلغاي يولۋاس دەيمەن بىر تۇرۇپ،
قۇچىقىدا دەريالارنىڭ، سۇلارنىڭ؟

سۇ ئىچمىگەن جان يوق ئىكەن سېنىڭدىن،
چۆرەڭدىكى ئورمانلىقتىن سورىسام.
دەريا بولسا ئىلھاملىرىم مەيلىدى،
قاش دەرياسى مەنمۇ سېنى دورىسام!

## ئەپۇ قىلغىن، ئانا تاغ

قاراپ تۇرغان ھويسىپىتتەك ئېگىزدە،
كۆزەتكەنچە بىر بەڭباشنى پەستىكى،
بېقىپ تۇردۇڭ ماڭا تېغىم ئۇپۇقتا،
تاكى شەپەق قىزارغۇچە كەچتىكى.

ئازلىق قىلدى بىراق ماڭا شۇ بىر كۈن،
كىرەلمىدىم ئالمىلىققا سەندىكى.
ئۇستۇڭدىكى باراڭلىقنى[1] ئويلىسام،
يالقۇنلايدۇ يەنە ئوتۇڭ مەندىكى.

قاراپ بىر ھال تۇرۇپ قالدىم چوققاڭغا،
تەمشەلگەندەك بىر قۇش بولۇپ ئۇچقىلى.

---

① ئاۋرال ئىچىدىكى تەبىئىي گۈزەل بىر جاينىڭ نامى.

بوينۇڭ قايسى كۆرسەتكىنە، ئانا تاغ،
تەلپۈندۈ سېنى بالاڭ قۇچقىلى.

ئالدىراشمەن، ئاۋرال تېغىم، ئەپۇ قىل،
بۇ قېتىممۇ كېلىپ كەتتىم ئالدىراپ.
ئىشەن، تېغىم، تويۇڭ بولسا تەبرىكلەپ،
ئاپەت بولسا كېلەرمەن ھال سوراپ.

## ئۈچ كۆۋرۈكتە ئۈچ مىنۇت

ئۈچ كۆۋرۈكتە توختاپ ئۆتتۈم ئۈچ مىنۇت،
ئۈچ ھەپتىلىك زىيارەتتە بولغاندەك.
تونۇشلىرىم قونۇپ ئۆتكىن، دېگەندە،
قونمىساممۇ، بولدۇم خۇددى قونغاندەك.

يەلپۈنگەندەك شاماللىرى ئاۋرالنىڭ،
ھۇزۇر قىلدىم بىر راۋاقتا تۇرغاندەك.
كەلگۈسىنىڭ بۇ چىرايلىق شەكلىنى،
پەخىرلەندىم مەنمۇ بىللە قۇرغاندەك.

1987 ـ يىلى 8 ـ ئاي، غۇلجا

## بەزىلەر

كۈندە كۈلۈپ خۇشۋاق ئۆتمەك ئۇلۇغ ئىش، ئەمما
ھايات دائىم سىزگە ئۇنى تەقدىم قىلماسكەن.
ئەپۇ قىلىڭ، بۇ ھېكمەتنىڭ سەۋەبلىرىنى
سۆزلەي دېسەم، ئاز سۆز بىلەن يېشىپ بولماسكەن.

مىليونلىغان ئادەملەرگە شەرەپ - شان مەنسۇپ،
لەنەتتىنمۇ خالىي ئەمەس، بىراق بەزىلەر.
نەدە تەگسۇن تۆرەلگەنگە تۇگەل مۇكاپات،
جەڭگاھلاردىن يۈرەر چۈنكى يىراق بەزىلەر.

ئات ئېگەرلەپ چىقتى دېمەك ئۇلارنى يولغا،
تارتىلمىغان چۈنكى ئۇلاڭ، قوشقۇنلىرى چىڭ.
جەڭ كۈنلىرى قىلىچلىرى چىقماس قىنىدىن،
دۈشمەن كەلسە قاچماق ئۈچۈن قولاقلىرى دىڭ.

چاشقان بىلەن ئۇلپەت ئۇلار، تۈلكە بىلەن دوست،
قۇيۇنلارغا ھەمدەم ئۇلار، تىكەنلەرگە گۈل.
دەريالاردىن ئۇلۇغ كۆرەر تۆككەن تەرىنى،
تۆھپىسىگە ئەلدىن ئالغان نومۇرلىرى نۆل.

بىز قىينالغان داۋانلاردا كۆرۈنمەس ئۇلار،
ئۇينار ئەمما بىز ياسىغان ئارامگاھلاردا.

كۈندە ئەگىپ كەتمەس ئۇلار قازان بېشىدىن،
ئورۇن ئالغان تۆردىن ياكى قارارگاھلاردا.

جاي تالىشار ئالتۇن بىلەن گاڭنىڭ يېنىدىن،
ئۆزلىرىنىڭ تەكتى بىراق تامام قەلەي، مىس.
يارالغاندەك تاشتىن گويا يۈرەك - باغرىمۇ،
ئۇلاردا يوق ئادەملەرگە قىلچە سۆيگۈ - ھېس.

پۈتۈن ئۆمرى ئەلگە يورۇق بەرمەس جىنچىراغ،
پۈتۈن ئەقلى ئۆز ھۆسنىنى بېزەش بىلەن بەند.
مېھنىتىدىن مىننەتلىرى مىڭ ھەسسىلەپ مول،
خاتا دېگەن ئۇندەشلەرگە قىلمايدۇ پىسەنت.

كەلكۈن باسقان ئېتىزلارغا ئېچىنماس ئۇلار،
ئەلدىن ئەلا بىر ئۆزىنىڭ نەپسىنىڭ غېمى.
تۈندە كىرىپ ئالما قاقاچ شاخلاردىن تالاي،
شورا بولدى تەستە سوققان باغلارنىڭ تېمى.

«مەن» نى مىنگەن بىراۋلار بار، تىرىكلەر تۈگۈل،
ئۆلگەندىمۇ پايلاپ يۈرەر پايدا ۋە نەپنى.
تولغىنىدۇ ھەسەت بىلەن تۈندە ئۇيقۇدا،
نېمە قىلاي بۇ خۇسۇستا ئۇزارتىپ گەپنى!

بۈك ئاينىغان تەكلەردىكى ھارام شاخ ئۇلار،
باراڭلاردا مېۋە بولماس پۈتاپ تۇرمىسا.
ئېتىزلاردا بۇيا، كەكرى، ھارام چۆپ ئۇلار،
زىرائەتكە ئارام بەرمەس ئوتاپ تۇرمىسا.

ئادەملەرگە بەخش ئەتمەس ئۇلار خۇشاللىق،
ئۇلار ئۇچۇن دىلدىن بەرگەن مۇھەببەت زايە.
ئۇلاردا يوق جەڭچىلەرگە مەنسۇپ جاسارەت،
چىنپۈتمەگلار، ئۇلاردا يوق بىزدىكى غايە.

كۆلۈپ باققۇم كەلمەس مېنىڭ شۇلارغا ھەرگىز،
مەن ئۇلارغا شۇ سەۋەبتىن بۇلۇت چىراي مەن.
قەلىمىمنى ئوقلىمسام شۇلارغا دەللەپ،
ئېيتىڭلارچۇ، قانداقسىغا شائىر بولاي مەن؟

ئۇنداقلارنى خوپ كۆرمەيدۇ مېنىڭ خەلقىمۇ،
ئېقىنلىرى ئاخىر بىر كۈن چايقايدۇ چەتكە.
تەييار ناننى تىمسقىلاپ يۈرسە كىم، شەكسىز —
ئۆزى قالۇر شۇ تۆپەيلى ئەلەمگە، دەردكە.

ئۇنداقلارغا چىراي ئېچىپ كۆلۈپ باقمايمەن،
بىلسېپ قىلىڭ: ئۇنداقلارغا قۇچاق ئاچمايمەن.
قانچە سېخىي گۈل بولسامۇ يۈرىقى چەكسىز،
ئۇنداقلارغا زەررىچىمۇ يۇراق چاچمايمەن!

1987 ــ يىلى 8 ــ ئاي، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## مەھەللەم

باللار چۇرقىراپ چىقتى ئالدىمغا،
ئاھ، نېتەي، ئەسلىتىپ باللىقىمنى.
قايتۇرۇپ بەرسەڭچۇ، ئانا مەھەللەم،
مېنىڭمۇ شۇلاردەك بالا چېغىمنى.

ئوت كەتتى جىسمىمغا كۆيدۈم قومۇشتەك،
سەندىكى ياشلىقىم چۈشكەندە ئەسكە.
ئەسلەيمەن شۇلارنى لەززەتتە بۈگۈن،
بىر تاغنىڭ ئۈستىدىن قايرىلىپ پەسكە.

مۇھەببەت خورىغا ئايلىنار، تەھقىق،
قوشۇلۇپ تاغ، دەريا، مەھەللەم دېسەم.
ئۈياتقۇ ئىشقىڭدىن كۆي يازماي تۇرۇپ،
بۈگۈنمۇ قولۇڭدىن يەنە قەنت يېسەم.

قولۇمدىن قان ئاقسا توختاتقان ئىدىڭ،
ئەتۋار توپاڭدىن بىر چىمدىم بېسىپ.
كېلىمەن سەندىكى تالاي ھېكمەتنىڭ،
بېرەلمەي شۇڭغىچە سىرلىرىن يېشىپ.

قول سېلىپ تالاي قۇش ئۇۋىلىرىغا،
مەن تالاي تاملارغا ياماشقاندىمۇ؟

ئېچىقلار بېشىدا كىملەر بىلەندۇ،
بوي بەرمەي، تالاي سۇ تالاشقاندىمۇ؟

لەيلەكنى تاشلىسام، خوراز قولۇمدا،
ئوينىسام ۋە ياكى ۋاللەي قىچقىرىپ.
سەن ئېغىر ئالمايتتىڭ بەگباشلىقمنى،
كۆرۈنگەن بىراۋغا يۈرسەم ئىسقىرتىپ.

قوينۇڭدىن ئايرىلسام تۆت كۈن مۇبادا،
تۇيۇلار تۆت پەسىل ئۆتكەندەك سەنسىز.
سېغىنىش ئوتىغا چىداپ ياشىماق،
تەس ئىكەن، مەھەللەم، ماڭا ئۆزۈڭسىز.

بىلمىدىم، سۆيگۈڭنىڭ خاسىيىتىمۇ،
يېتىلدىم سەندە مەن بىر كۆچەت بولۇپ.
ۋەتەنگە چاچقىنىم ئۆزۈڭنىڭ ھىدى،
ئېچىلدىم قوينۇڭدا بىر چېچەك بولۇپ.

سەنچىلىك ئەمەستۇر ھەرەملىرىمۇ
شاھلارنىڭ رىۋايەت - قىسسىلەردىكى.
تەڭ قىلماي كېلىمەن ئاۋاتلىقنى ھەم
ئۆزۈڭگە، مەھەللەم، مىڭ شەھەردىكى.

بەلكى بۇ مەن ئۈچۈن تۇيغۇدۇر شۇنداق،
شۇ دەيمەن ۋە لېكىن مەندىكى جاننى.
ھاياتقا مۇھەببەت — سەن بەرگەن دەرس،
سېنىڭدە بىلگەنمەن ئۇشبۇ جاھاننى.

ئىس چىققان تۇرخۇنلار سەندىكى نەپەس،
ئوت سالغان تونۇرلار گويا يۈرىكىڭ.
ئىنتىلەر مېھمانغا ئۆزۈڭدىن ئاۋۋال،
ياز كەلسە باغلاردا ئالما، ئۆرۈكۈڭ.

ئۆگزىلەر ئۈستىدە ئوت - چۆپ دۆۋىسى،
ئۇ — خامان كۆچكەن چاغ ئېتىزدىن ساڭا.
مەن تېخى يازمىدىم سەندىكى كۈزنى،
ئېيتقىنا، قانچە بەت ئاجرىتاي ئاڭا؟

كوچاڭدىن كۈنبويى ئۈزۈلمەس ئادەم،
قارىساڭ، بىرىدىن بىرى ئالدىراش.
تىڭشىساڭ، سۆز بېشى سالام ئۇلاردا،
ئۇلىنار يا تەبرىك، ياكى ھال سوراش.

ئايلىناي ئالتۇندەك ئادەتلىرىدىن،
تاشلىماس قوشنىلار كىرىش - چىقىشنى.
ھەر مېھمان شەنگە بەرگەن چاينى ھەم،
بىلمەيدۇ ئەزەلدىن يالغۇز ئىچىشنى.

چوكانلار بارىدۇ سەھەردە سۇغا،
ئېھ، نېتەي، ئۇينىتىپ چېلەكلىرىنى.
ئەسلىمەي بولامدۇ: مەھەللەم دېسەم،
سەندىكى ئانىلار چۆچەكلىرىنى؟

ئۇزايدۇ توي تويدەك، ھازا ھازىدەك،
قىزىيدۇ سېنىڭدە توي ۋە مەشرەپلەر.
كىم بىلسۇن، شۇ يەردىن ئەخلاق گۈلىنى،
كۆچۈرۈپ كەلگەندۇر، بەلكى مەكتەپلەر.

ئارىلاپ چىققۇم بار قوينۇڭنى بۈگۈن،
سىغىنغان ھەر يول، ھەر كوچاڭنى يوقلاپ.
كۆرگۈم بار ھەر ئۆينىڭ قازانلىرىنى،
شۇنداقلا تۇرغىنى قايناپ ـ پورۇقلاپ.

مەن ئۆمۈر تىغىنىڭ ئۈستىدە مانا،
ئاز قالدىم، ھە، ئەنە چوققىلارغىمۇ.
يۈكسەكلىك ساڭا خاس، ئەمما مەھەللەم،
ئەرزىيسەن ئاسمان مىڭ تىلتۇمارغىمۇ.

1987 ـ يىلى 8 ـ ئاي، غۇلجا



## باغۇەن بىز بارچە تىلنىڭ تەرىپىدە

ئەھلى بىز ئالەمدە بىر ئۇلۇغ ئىشنىڭ،
گۇدەكلەر ۋۇجۇدىنى يورۇتقۇچى.
ئاپتاپ بىز، ئاسمان ئەمەس، زېمىندىكى،
ئالەمدىن نادانلىقنى قورۇتقۇچى.

ئۇۋا بىز، قىران قۇشلار ئانىسى بىز،
يېتىلەر تۇمەنلىگەن بۇركۇت بىزدىن.
بۇلبۇللار ئېجىل بىزگە، ئاشىق بىزگە،
قۇزغۇنلار قاچار قورقۇپ، ئۇركۇپ بىزدىن.

كەڭلىكى كۆك ئاسماندەك كۆڭلىمىز بار،
مۆجىزە چولپانلىرى چاقناپ تۇرغان.
ئىنسانىمىز، ئۆلسەك ئەگەر پەرىشتىلەر،
جەننەتنىڭ ئىشىكىدە ساقلاپ تۇرغان.

مەشئەل بىز مەنزىلىگە مەسۇملەرنىڭ،
ئەلەمگە تۇندە ياققان چىراغ ياكى.
باغۇەن بىز بارچە تىلنىڭ تەرىپىدە،
چاڭقىغان قەلبلەرگە بۇلاق ياكى.

ئۇسسىغان ئېتىزلاردەك ئالدىرىتار،
ئەتىكى ئەۋلادلارنىڭ تەرەددۇتى.

بىر پەرزەنت نادان كەتسە بۇ دۇنيادىن،
قىينايدۇ ئۆزىمىزنى ۋىجدان سوتى.

قولىغا بايراق قىلدۇق ئاشۇلارنىڭ،
ئەڭ ئاۋۋال «ئا»نى ئەمەس، ئەخلاقنى بىز.
ئۆگەتتۇق ئاۋۋال پەسكە تەزىم قىلىپ،
ئاسماندا ئاندىن قانات قاقماقنى بىز.

مۇشكۇلنى راھەت بىلدۇق مۇشۇ يولدا،
راھەتلىك بۇلاقلارنىڭ كۆزى بولدۇق.
ئۆمرىمىز مەكتەپ بىلەن قارار تېپىپ،
چىن ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ئۆزى بولدۇق.

قەلبىدە ئاق قەغەزدەك پاكلىق تامام،
ئىلىمگە ھېرىسمەنلەر بىز بولىمىز.
شاگىرتى بىزمۇ ئەسلى ئۇستازلارنىڭ،
بىز يەنە شاگىرتلارغا ئىز بولىمىز.

ئەھلى بىز ئالەمدە بىر ئۇلۇغ ئىشنىڭ،
گۆدەكلەر ۋۇجۇدىنى يورۇتقۇچى.
ئاپتاپ بىز، ئاسمان ئەمەس، زېمىندىكى،
ئالەمدىن نادانلىقنى قورۇتقۇچى.

1987 - يىلى 9 - ئاي، غۇلجا

## شاخلىرىدا قاق بوپتۇ ئۆرۈك

شاخلىرىدا قاق بوپتۇ ئۆرۈك،
كۈز كەلسىمۇ قىقىلماي ئەجەب؟
قايتار جىمجىت باغقا كىرگەنلەر،
بىر تال قاقنى چېقىلماي ئەجەب؟

ئايان بولدى سورىغانلارغا،
بۇ هال ۋەجى ئانىدا ئىكەن.
بالا كۆڭلى، بىلمىدۇق نەدە،
ئانا كۆڭلى بالىدا ئىكەن.

قۇشقا قاراڭ: ئانا مىسالى،
هەلقۇمىدا ساقلايدۇ داننى.
نان چاينايدۇ ئانا ۋە لېكىن،
بالا تويماي، يۇتمايدۇ ناننى.

ئەنە ئۆرۈك شاخلىرىدا قاق،
ئاشۇ شاخلار — ئانا هەلقۇمى.
كۆردى شۇنى، پاتتى ئويلارغا،
ۋاراقلاندى شائىر ئەلبومى.

باهار ئىدى دۆڭلەر كۆكەرگەن،
كاككۇك كەلدى باغلارغا يەنە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بوۋاي، موماي بولدى قايتقاندەك،
ياشلىقدەك چاغلارغا يەنە.

چېچەكلىدى ئۈچ تۈپ ئۆرۈكى،
غورا تۇتتى گويا بەسلىشىپ.
يىراقتىكى باللىرىنى
قالدى ئۇلار يەنە ئەسلىشىپ.

يۇرتقا قاتتى يەتتە بالىنى،
ئۈچى ياندا، تۆتى يىراقتا.
بوۋاي، موماي خۇددى جۈپ يانغىن،
بالا دېسە كۆيەر يىراقتا.

ئاشۇلارسىز ھېيت قىلماس ئۇلار،
شۇلارنىڭدۇر تاپقان ـ تەرگىنى.
ئون بالىنىڭ ئوتى ئون، باشقا،
تەييار ئۇلار جاننى بەرگىلى.

تەمى بولماس، تاتلىقى بولماس
ئاشۇلارسىز يېگەن تائامنىڭ؟
نە قىزىقى، لەززىتى بولغاي،
ئاشۇلارسىز ئۆتقان جاھاننىڭ؟!

شۇلار ئۈچۈن كېلىدۇ گويا
ھەربىر يىلدا قوغۇن پىششىقى.
چۇرۇقلىشىپ كېلىدۇ بەرى:
بالا، نەۋرە — چوڭى ـ ئۇششىقى.

ئېچىلمايدۇ ئانىنىڭ كۆڭلى،
ئاشۇلاردىن بىرى كەلمىسە.
بوۋاي يۈرەر چىۋىن يۇتقاندەك،
ئۇنى قانچە چاندۇرماي دېسە.

پىشتى ئۆرۈك، كەلدى باللار،
مېھمان بولۇپ قايتتى ئالتىسى.
نەۋرىلىرى تويدى نېمەتكە،
تولدى سېۋەت، تولدى خالتىسى.

كېلەلمىدى نېچۈندۇر بۇ ياز،
يىراقتىكى بىر قىزى بىراق.
ئۇنى يەتمەس ۋارقىراي دېسە،
باراي دېسە ئارلىقى يىراق.

ئۈزۈلگەيمۇ ئانا ئۈمىدى،
ئۈزۈلگەيمۇ رىشتى بالىدىن؟
كۈن ئۆتكەندە سېغىنىش بىلەن،
ئاي ئۆتكەندەك بولدى ئارىدىن.

شالاڭلىدى شاخلاردا ئۆرۈك،
ئانا تۆكتى كۆز ياشلىرىنى.
بۇ سېغىنىش ئۇلغايتتى يەنە،
بىچارىنىڭ ئاق چاچلىرىنى.

قىزىلقاچا — بەرگى چىلىڭ ئۆرۈك،
ئەھدە قىلدى شالاڭلىماسقا.
ئەھدە قىلدى شاخلار شىۋىرلاپ،
بەركىتىنى تاماملىماسقا.

شۇندىن بۇيان شۇ بىر تۇپ ئۆرۈك،
نېسىۋىسى بولدى قىزىنىڭ.
شاماللارمۇ تەگمىدى ئاڭا،
ئۆتتى قىرىن سالماي كۆزىنىڭ.

ھېچكىم ئۇنى ئىرغاتقىنى يوق،
تاياق ئېلىپ قاقمىدى ياكى.
جۇپ تاش ئېلىپ ئۇنىڭ تېگىدە،
ئۇچكە چېقىپ باقمىدى ياكى.

قوش قارانچۇق بولدى موماي‌مۇ،
شۇ ئۆرۈكنى ساقلاپ قىزىغا.
چاقتى مېغىز ئۇمۇ كۈنبويى،
قىزى ئۈچۈن سالدى كوزىغا.

شاخلىرىدا قاق بولدى ئۆرۈك،
كۈزمۇ كەلدى گۈزەل ياز كېتىپ.
قاچان كېلۇر، بىلمەيدۇ، قىزى،
ئانا يۈرەر ھەر دەم ياد ئېتىپ.

ئون باللىنىڭ ئوتى ئون، باشقا،
ئانا باغرى ياناركەن ئۇندا.
ئاددىي كۆرمەڭ ئاشۇ قاقلارنى،
ئانىلارنىڭ ھېكمىتى شۇندا.

1987 ـ يىلى 10 ـ ئاي، غۇلجا

## نيفتلىك ناخشىلىرى

(نەمۇنىلەر)

### سالام، قاراماي

كەچ كۈزنى كەچ دېمەي كەلدىم، قاراماي،
قايتاردا قالارمەن، بەلكى جۇدۇنغا.
دىدارنى بارچىدىن ئەتىۋا كۆرمەك،
ئايلانغان بىز ئۈچۈن چۈنكى ئۇدۇمغا.

تەلكىدىن ئۆتكۈچە تۇردۇم تۆت سائەت،
قار سالغان تەھدىتنى يەڭدىم ئاخىرى.
ئەسسالام، قاراماي، ئۇشبۇ سەپەرنىڭ،
دېمەككى، مەن ئەمەس، ئۆزۈڭ باتۇرى.

قايت، دېدى يول بويى كەينىمدىن شەيتان،
قايتمىدىم، شۋىرغان كەلسىمۇ قوغلاپ —
يەتتىم مەن ئاھ، ساڭا، يەتتىم ۋىسالغا،
كەلگەچكە جۇتلاردىن چىن سۆيگۈڭ قوغداپ.

### ياش شەھەر

ياش شەھەر قاراماي، ساڭا مۇبارەك،
ياش دېگەن سۆز بىلەن قۇتلايمەن سېنى.

بىر كېلىپ كەتكەنگە قانماس يۈرىكىم،
ھە، تېخى قانچە رەت يوقلايمەن سېنى.

بىر كۆردۈم، ياشلىقىم يەتتى يادىمغا،
ھۆسنۈڭ ياش،
بەختىڭ ياش،
قۇرامىڭمۇ ياش.
تۇرسەن تۆنۈگۈن تىككەن كۆچەتتەك،
گۈزەللىك پەرىسى قويۇپ ساڭا باش.

سۆيگۈنى ياشلىقنىڭ يالقۇنى، دەيدۇ،
شۇ يالقۇن سېنىڭدە، شۇ ئوت سېنىڭدە.
قاقلىدىم مەيدەمنى ئاشۇ يالقۇنغا،
قوزغىدى يېڭىچە سۆيگۈ مېنىڭدە.

رەڭ تۈزەپ سۇمباتىڭ ئاپتۇ گۈزەللىك،
بەلگە يوق قەددىڭدە ياشلىقتىن ئۆزگە.
ئۆرگۈلەي، چىرايلىق يارىشىپ قاپسەن،
ھەيۋەتلىك شەھەر بوپ بۇ دالا ـ تۈزگە.

غۇنچىلار تەسۋىردۇر زىبالىقىڭغا،
ئوخشاتتىم تۇرقۇڭنى چىمەنلەرگىمۇ.
كوچايۇ، باغلىرىڭ تۇرىدۇ ئوخشاپ،
يېڭىچە توقۇلغان گىلەملەرگىمۇ.

ناخشىلار ياشلىقنىڭ بەلگە ـ مىزانى،
ئالدىدۇ ئۈنىڭدىن ئالەم گۈزەللىك.
ئېيتقىنا، كەم ئۆزۈڭ قايسى ناخشىدىن،
تىڭشارغا پەيزىڭ بار تۈمەن غەزەللىك.

سەن ئاۋات بوستانى نېفت شەھرىنىڭ،
جۇڭغارغا يېقىلغان يېڭى بىر چىراق.
نەۋقىران شەھەرسەن، كەلدىم شەنىڭگە —
تاپالماي مۇناسىپ تەبىرلەر بىراق.

## بىنالار

بىنالار، قوينۇڭدا ياپرايدۇ كىملەر،
سەندىكى بەختنى بىلەمدۇ ئۇلار؟
پېشانەڭ نۇرلىنار نە ئۇچۇن شۇنچە،
ھەربىرىڭ قامىتى بىر يىگىت گويا.

ھەربىرىڭ قامىتى بىر يىگىت گويا،
جۇڭغاردا زەبەردەس قەد كېرىپ تۇرغان.
ياكى سەن مۇنارى مېھنەت ئەھلىنىڭ،
مۇزارتقا تەگلىشىپ كۆك يېرىپ تۇرغان.

ئۇزلۇقۇڭ تەرىپى مەن بىلەن پۈتمەس،
ئوخشايدۇ قىزلارغا شۇ زىبا گەۋدەڭ.
ئوخشايدۇ روجەكلەر ئاغزىڭغا خۇددى،
چىراغلار مارجاندۇر، بالكونلار مەيدەڭ.

بىنالار، قوينۇڭدا تالايلاپ ھېكمەت،
ئۆزىدەك كۆرۈندۇڭ ئىلى بېغىنىڭ.
ئاجايىپ ئەتىۋار ئادەملەر ئىكەن،
شۇ ئىسسىق باغرىڭدا قۇچاقلىغىنىڭ!

## بارچىدىن شۇلار بۈيۈككەن

قاراماي، جىق سەندىن تەسرات مەندە،
بىلمىدىم، يازايىكىن قايسىبىرىنى؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاجايىپ مەنزىرەڭ مەڭدىتىپ قويدى،
مەڭدىمەس قىرىقچە قەلەم شىرىنى.

شۇ سەۋەب ماۋزۇسى ئاپىرىن، بولدى،
سىنىڭدە مەن يازغان تۇنجى قوشاقنىڭ.
سىنىڭدە ئاڭلىدىم، قىممىتىن كۆردۇم،
بىر تامچە نېفتتە ئون تال باشاقنىڭ.

تىزلاندۇق ئەڭ ئاۋۋال سىلىم بوۋايغا،
نېفتچى مەردلەرنىڭ تۇنجى پىرى، دەپ.
نام بەردۇق بىرىمىز، قوشۇلدۇق ھەممە،
بۇ چۆلنىڭ ئەڭ تۇنجى ئىنژېنېرى، دەپ.

يول ئالدۇق ئالدىراپ جەرەنبۇلاققا،
ۋىشكىلار يېنىدا تالاي توختىدۇق.
ماختاندى ئاقبۇلاق ئاھۇ كۆزلىرى،
ئاپىرىن، قوشۇلۇپ بىزمۇ ماختىدۇق.

قۇدۇقلار ئۈستىدە بولدۇق قانچە رەت،
قىسسەلەر تىڭشىدۇق ئۇلۇغدىن - ئۇلۇغ.
يازساقمۇ تەسۋىرلەر،
كاچالكىلارنىڭ —
بولمىدى تەرىپى زادىلا تولۇق.

چىققاندەك چوققىلار ئۈستىگە خۇددى،
تاغ كەبى باكلارنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق.
ئۈستازلىق ئەجرىڭگە ئاپىرىن، مەڭگۈ،
جىق ئىشنى قاراماي سىنىڭدىن ئۇقتۇق.

يۇرىدۇ يايرىشىپ ھۇزۇر قىزلىرى،
ئارىلاپ سەندىكى ئارامگاھلارنى.
كۆردۈم ھەم ئەتەڭدىن، خانتەڭرى ئوغلى،
ئات چېپىپ بارغۇسى قارارگاھلارنى.

ھەر كۈنى مىڭ رەھمەت ياغدۇرۇپ يۇردۇق،
ساھىبخان بالاڭغا (بارىنى تۆككەن).
سەندىكى نېفىتنى ماختاشقا دۇرۇس،
ۋە لېكىن بارچىدىن شۇلار بۇيۈككەن.

## نەملەندى كىرپىكىمىز ھاياجاندا

ئۆز كۆرۈپ كۈتۈۋالدىڭ بۇرادەرلەر،
يەر ئەمەس، كۆكتە كۆردۇق ئۆزىمىزنى.
تۆرىدىن ئورۇن بەردىڭ يۈرىكىڭنىڭ،
قانماستىن باغاشلىدىڭ كۈندە بىزنى.

نەملەندى كىرپىكىمىز ھاياجاندا،
بولىدۇ «يالغان» دېسەڭ ئۇۋال بىزگە.
كەلمەكتە باشلىرىدا كۆتۈرگۈدەك،
تۆھپىمىز نېمە، دېگەن سوئال بىزگە.

كۆپ بىزگە رەنجىشلار، راستنى ئېيتساق،
بىز چۈنكى كۆڭلۈڭلارنى يازالمىدۇق.
ئادەملەر ۋۇجۇدىدىن سىلەر كەبى،
ئەڭ چوڭقۇر قۇدۇقلارنى قازالمىدۇق.

بىز كەلدۇق قەلەم بىلەن ئۇزۇن يولدىن،
كۆپ بولدى، ئېغىر بولدى كەچمىشىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇشكۈلدە تېپىپ يېدۇق بۇردا نانىنى،
ئۈزۈلمەي شېرىن جاندىن تەشۈنىشمىز.

ئۇلتۇرۇش تۆرىڭلاردا مانا بۈگۈن،
بىزگىمۇ يېڭىباشتىن بوپتۇ نېسىپ.
بىرىمىز بېسىپ كەلدۇق ئۇزۇن يولنى،
بىرىمىز كەلدۇق يەنە تاغلار ئېشىپ.

قورۇنما، يېقىن ئۇلتۇر بىزگە، دوستۇم،
بىز بىللە شۇ دەملەرنى قەدىرلەيلى.
شادلىنىپ ھۇزۇرىدىن بۇ كۆنلەرنىڭ،
قېرىساق ئارمىنىنى بىللە يەيلى.

ئىچكىنىم شۇنىڭدىندۇر قەترە قويماي،
سەن تۇتقان چايىنى بۈگۈن، مەينى بۈگۈن.
ئىچمەيتتىم، ئىچىپ قويدۇم سېنى كۆرۈپ،
مەست بولسام كۆڭلۈك ئۈچۈن مەيلى بۈگۈن.

## سۆيگەنچە سۆيۈملۈك تۇيۇلماقتىسەن

سۆيگەنچە سۆيۈملۈك تۇيۇلماقتىسەن،
ئانامدەك ئەتىۋا ئانا دىيارىم.
شېئىرلار يازمىقىم ئىشقىڭدىن تامام،
يوق مېنىڭ ئۇنىڭدىن ئۆزگە ئىزھارىم.

سۇ ئەمەس، دۇر ئاقار دەريالىرىڭدا،
ھېكمەت بار باياۋان ـ چۆللىرىڭدىمۇ.
ئاستىڭدا كۆۋرەيدۇ نېفت دېڭىزى،
چىراغلار ياندۇرۇپ تۈنلىرىڭگىمۇ.

سۆيگەنچە سۆيۈملۈك تۇيۇلماقتىسەن،
سەن بىزنىڭ ئەزەلدىن قىبلىمىز، چۈنكى.
قاراماي، ئەتەڭگە قوشاقلار تۈزدۇق،
ئۆتكەندە بەختىڭنى قۇتلاپ بۈگۈنكى.

## خوش

خەير ـ خوش، قارامايلىق قېرىنداشلار،
ياخشى قال گۈزەل شەھەر، سېخىي دالا.
كەچۈرگىن، ئۇلگۈرمىدىم تالاي ئىشقا،
شۇنداقلا، تالاي گېپىم قالدى چالا.

بوۋاقلار قالدى مىڭلاپ مەن سۆيمەن،
ھەر ئۆيگە سالام بېرىپ كىرەلمىدىم.
ئۈزىتىپ قارا قىشنى ساڭا بىللە،
تومۇزنىڭ ئاپتىپىدا كۆيەلمىدىم.

كۆردۈم مەن مۆجىزىلەر سېنىڭدىمۇ،
ۋۇجۇدۇم كەلدى ئۇزاق زىلزىلىگە.
سەندىكى ھەربىر قۇدۇق، بىلدىڭمىكىن،
ئايلاندى بۇ قەلبىمنىڭ دىلبىرىگە.

ئەسلىسەم ئەسلىگەنچە سېغىنىمەن،
يادىمدىن تائەبەدىي چىقمايسىلەر.
كۈندۈزى خىيالىمغا سىلەر ھەمراھ،
تۈن كېچە يەنە بىللە ئۇخلايسىلەر.

خەير ـ خوش، قابىل يىگىت، چېچەن قىزلار،
سىلەرگە جىق قوشاقلا قەرزدارمەن.

سلەرسىز مۇراد تاپماس نىپىت شەھرى،
مەنمۇ ھەم سلەر بىلەن بەختىيارمەن.

كەتمەيدۇ سۆيگۈ چاچقان قامىتىڭلار،
ئالدىمدىن ئاسمان ـ پەلەك ۋىشكىلاردەك.
ئىلىغا ناخشاڭلارنى ئېلىپ كەتتىم،
گويا كى تويدىن ئالغان چاچقۇلاردەك.

باغرىڭغا باھار مىسال، باغلار مىسال،
قۇچاقلاپ شۇ باغرىڭدا كۈتتۈۋالدىڭ.
راستىنلا ئاشىق بولۇپ قالدىم ساڭا،
كۆڭلۈمنى جانان بولۇپ ئۇتتۇۋالدىڭ.

بىلمەيسەن، شۇڭا دوستلار، ئايدىڭلاردا،
ئايلىنىپ قالدىم گويا ئىچەرمەنگە.
ئايرىلماي تۇرۇپ تېخى تۇتتى ھىجران،
مىلەندى كىرپىكلىرىم ياشقا ـ نەمگە.

خەير ـ خوش، قارا مايلىق قېرىنداشلار،
ياخشى قال، گۈزەل شەھەر، سېخىي دالا.
كەچۈرگىن، تامام كېزىپ چىقالمىدىم،
ئۈلگۈرمەي تالاي ئىشىم قالدى چالا.

1987 ـ يىلى 10 ـ ئاي، قاراماي

# ئانا مايتاغ، ئامانمۇ سەن

ئەسسالام، ئانا مايتاغ، ئامانمۇ سەن،
تىنچمۇ سەن، يېڭى زاۋۇت، تۇنجى قۇدۇق؟
ئۇزاقتىن ئارمان قىلدۇق، كەچۈر، ئەمما،
ۋاقتىدا سېنى يوقلاپ كېلەلمىدۇق.

قاراڭغى كۆرۈپ بۇگۈن يىراقلاردىن،
ھۆرمەتتە، شۇڭا سالام بېرىپ كەلدۇق.
ئاندەك قۇچىقىڭنى ئاچتىڭ كەڭرى،
ياپيېشىل گويا باغقا كىرىپ كەلدۇق.

قول بېرىپ كۆرۈشكۈچە سەزدىڭمىكىن،
سۆيۈنۈپ بولدى بىزنىڭ يۈرىكىمىز.
مەھلىيا بولۇپ قالدۇق زاۋۇتۇڭغا،
بىر كۆرۈپ قاندى بىزنىڭ تىلىكىمىز.

تۇرقۇڭدىن دەلىل ئالدىم تارىخىڭغا،
بارچىدىن ئۇلۇغ بىلدىم ئىزلىرىڭنى.
خۇشالمەن: نېسىپ بولدى سۆيۈپ ئۆتمەك،
ناخشامدا سېنىڭ ئوغۇل - قىزلىرىڭنى.

بىر تۇنەپ ئۆتەر بولدۇق ھوزۇرۇڭدا،
شۇنىمۇ بىلدۇق بەخت، غەنىيمەت، دەپ.

قەدرلە، ئانا مايتاغ، بۇ دىدارنى،
چۈشەنگىن ھەر سۆزۈمنى مۇھەببەت، دەپ.

1987 ـ يىلى 10 ـ ئاي، مايتاغ




ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## بار بىزنىڭ ئالتۇندەك ئادەتلىرىمىز

ھەركىمدە بىر غۇرۇر، شۇ سەۋەب مەنمۇ،
ھەقلىقمەن ماختىسام كەلگەن يولۇمنى.
مەندە بار ئۆچمىگەن بىر ئۇلۇغ نەسەپ،
كېلىدۇ شۇ نەسەپ تۇتۇپ قولۇمنى.

ئىنساننىڭ ئىززىتى بىزدە بىر دەستۇر،
نە كېرەك ئىمتىھان، — بىلىمىز يادقا.
دۇنياغا كەلگەننى قۇتلىدۇق سۆيۈپ،
ئەزىزلىك سېپىدە مىندۇردۇق ئاتقا.

قويىمىز بوۋاقنىڭ قىرقى سۈيىنى،
ھەر دۇرۇت مەنىسى — بىر گۈزەل تىلەك.
بىلدۇرەر ھېيت - ئايەم ھېكمەتلىرىنى،
بىزدىكى ھېيتلىق ۋە باراتلىق تىلەك.

بار بىزنىڭ ئالتۇندەك ئادەتلىرىمىز،
توي - تۆكۈن، ئايەملەر شۇنىڭ گۇۋاھى.
ئۆلەنلەر توۋلىماق، ناغرىلار چالماق
شۇلارنىڭ ئەزەلدىن ئادەت ئىزاھى.

ئالەمنى بىلسەكمۇ ئاددىي ئۆتەڭ، دەپ،
جاي بەردى قويىندىن قونۇپ ئۆتەرگە.

بۇ بىزگە غەنىيمەت بىر پۇرسەت شۇنداق،
ئاجايىپ بەزمىلەر قۇرۇپ ئۆتەرگە.

ھەر كۈندىن كۆزلەيمىز بەخت ـ ئاسايىش،
ئۆتسۇن دەپ ئايلارنى ئاپەتتىن خالىي.
پەسىللەر سۆيۈملۈك بىزگە ئەزەلدىن،
پەرىدەك كۆرۈنەر ھەر يىل جامالى.

بار بىزنىڭ ئالتۇندەك ئادەتلىرىمىز،
ئۇ گويا ھاياتنىڭ دۇرى ـ گۆھىرى.
مەنسۇپىمىز ئەزەلدىن شەرەپ قوۋمىغا،
نورۇزمۇ بىزدىكى بايرامنىڭ بىرى.

بىلگەنلەر بىز ئەمەس ھاياتنى، شۇڭا،
بار ـ يوقى بىر ناننىڭ پۈتۈنلۈكى، دەپ.
قامۇسلار بىتىگە يېزىلدى بايرام،
ئىنسانىنىڭ بارچىدىن ئۈستۈنلۈكى، دەپ.

ئالقىش ئۇ باھاردا ئۈنگەن ئۇرۇققا،
كاككۇكلار سايرىغان باغلارغا تەبرىك.
تەنتەنە قارلىغاچلار دىدارى ئۈچۈن،
قوينىدىن قار كەتكەن تاغلارغا تەبرىك.

بىز بۈگۈن كۆز يۇمساق، تەھقىق، شۇ نورۇز،
بار يەنە ئەتىنىڭ سورۇنلىرىدا.
ئادەملەر كېتەركەن، ئادەتلەر كەتمەس،
ياشاركەن تۆرەلگەن ئورۇنلىرىدا.

چۇشەنگەي شۇ نورۇز قوشاقلىرىنى،
سۆيگۈ دەپ ئۆزىگە ئانا تەبىئەت.
نورۇز دەپ چالغان كۈي، ئېيتقان ناخشىمىز،
ياشىسۇن ئالەمدەك، ياڭرىسۇن ئەبەت!

1988 ـ يىلى 3 ـ ئاي، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## شائىرغا

ئالىم دەپ بىرىنى ماختىدىڭ، شائىر،
بەردىڭ ھەم بۇندىكى جىمى شەرەپنى.
بىرنى تەرىپلەپ پەھلىۋان، دېسەڭ،
ئاۋازىڭ گۈلدۈرلەپ تۇتتى پەلەكنى.

داستانلار يازدىڭ سەن قەھرىمانلارغا،
ئالتۇندىن ئوردىنلار تاقىغۇڭ كەلدى.
بۇلبۇلغا ئوخشاتتىڭ بىرىنى يەنە،
ئاغزىنى ھەسەلدە چايقىغۇڭ كەلدى.

شۇلارغا قۇل سىنىڭ قەلىمىڭ،
ھەتتا ــ
بېشىڭدا كۆتۈردۈڭ بالىلىرىنى،
ئەكسىچە، ئېيتقىنا، يازدىڭ قانچىلىك،
شۇلارنىڭ جاپاكەش ئانىلىرىنى؟

1988 ـ يىلى 3 ـ ئاي، غۇلجا

## سوراق قىلار ھەر كۆنى مىليون ۋىجدان سىلەرنى

1

كىبىر، مەندىن نېرى تۇر، كىر بار سېنىڭ بويۇڭدا،
بەتبەشىرە سەن بەربىر قانچە گىرىم قىلساڭمۇ.
ئاشقىلىرىڭ ئاز سېنىڭ نېچۆن شۇنچە، بىلگەنسەن،
جۆپ قولۇڭغا گۆل ئېلىپ، جىلۋە قىلىپ تۇرساڭمۇ.

مىنگەشكەنلەر كەينىڭگە چالۋاقىدى «ئۇچتۇم» دەپ،
قان بولۇشتى تالىشىپ ھەتتا ئۆينىڭ تۆرىنى.
ئەلدىن ئايرىپ ئەڭ ئاۋۋال تۇتۇپ بېرىپ ئاپەتكە،
ئۆزۈڭ بولدۇڭ قازغانمۇ ئاشۇلارنىڭ گۆرىنى.

2

تەلمۈرمىگىن، خۇشامەت، سەن بىلەنمۇ خۇشۇم يوق،
رەسۋا يوقتۇر سېنىڭدىن بۇ ئالەمدە ئۆزگىچە.
سېنىڭ بىلەن بولغانسام ھاياتىمدا بىر قېتىم،
پېشانەمدىن كېتەمدۇ ئۇ رەزىللىك ئۆلگۆچە؟

بىراۋلارغا بېلىڭنىڭ پۆكۆلگىنى پۆكۆلگەن،
تارتىنمايسەن بىراۋنىڭ تاپىنىنى يالاشتىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆزلىگىنىڭ مەرتىۋە، تارتىنمايسەن نەپ ئۈچۈن،
ئوچقىغا شۇلارنىڭ چاپىنىڭنى قالاشتىن.

3

ھەسەت سىنىڭ قولۇڭمۇ قىتىغۇرلۇق خەنجىرى،
قورقۇنچلۇق خەندەك سەن ياخشىلارنىڭ يولىغا.
قاياشىغا، دوستىغا دۈشمەن قىلىپ بىراۋنى،
تۇتقۇزسەن پىچاق ـ تىغ ئۆزۈڭ بىلەپ قولىغا.

ئۈندىمەيسەن شۇلارنى ئۆگىنىشكە، ئۆرلەشكە،
قىلتاق، سىنىڭ ئەكسىچە قوللىرىغا بەرگىنىڭ.
كۆڭۈللەرنىڭ بېغىغا يەتتى سەندىن مالامەت،
تىكەن بولدى، گۈل ئەمەس، چۈنكى ئاڭا تەرگىنىڭ.

4

سەسكىنىمەن «مەنمەنلىك»، قىلىقىڭدىن سىنىڭمۇ،
يۆتكىسەممۇ تاغلارنى «مەن» دېمەيمەن، «بىز» دەيمەن.
تەلىيىمنى، بەختىمنى سەندىن ئەمەس، ئەكسىچە،
مىليونلىغان خەلقىمنىڭ كۈچىقىدىن ئىزدەيمەن.

كېلىۋاتقان تارىخ بۇ تۆھپىسىدىن شۇلارنىڭ،
تونۇپ كەتتى، ئۇنتۇلدى «مەن» دېگەننىڭ بارچىسى.
بىلىپ قويغىن: ئەزەلدىن مەن ئەمەسمەن مەستانەڭ،
قەلىمىممۇ، قەلبىممۇ پەزىلەتنىڭ جارچىسى.

5

قاقشىغانلار ئاز ئەمەس، بىلسەڭ، سەندىن كاززاپلىق،
ئۆلمەي تۇرۇپ كۆمۈلدۈڭ شۇڭا، لەنەت ـ قارغىشقا.

نان سۇنساڭمۇ ئالمايمەن سېنىڭ ناپاك قولۇڭدىن،
ماڭا كېرەك ھالاللىق دۇنيادىكى ھەر ئىشقا.

نەپ ئىزدەيسەن ئۆزۈڭگە يولۇققاننى ئالداشتىن،
سۆزلىگىنىڭ ھالاللىق، كۆزلىگىنىڭ ھاراملىق.
گىرە سالسام بويىنۇڭغا نەدە بولسۇن مەن ئۈچۈن،
سائەت ئەمەس، بىر مىنۇت بۇ دۇنيادا ئاراملىق؟!

**6**

يېقىنلاشما رەزىللىكلەر، دەۋتىڭدىن بىزارمەن،
سىلەر قاتقان ھارۋىغا ئولتۇرمايمەن، چۈشمەيمەن.
سىلەر تۇتقان قەدەھتە شاراب ئەمەس، زەھەر بار،
شۇ ۋەجىدىن قوش قوللاپ تۇتساڭلارمۇ ئىچمەيمەن.

كېرىلمەڭلار تۆت كۆنلۈك «تۆھپەڭلار»غا بۇندىكى،
بەزىلەرنى باي قىلدىم، بەزىلەرنى كاتتا، دەپ.
سوراق قىلار ھەر كۈنى مىليون ۋىجدان سىلەرنى،
ئۆزۈڭلارنى بىلىڭلار، شۇڭا ھەر كۈن سوتتا، دەپ.

1988 ـ يىلى 3 ـ ئاي، غۇلجا

# شائىر كەتتى ۋە لېكىن...

كۆز يۇماردا بىر شائىر ئېتىكىدە بۇغدانىڭ،
تەگرىتاغنىڭ قايغۇسى پاتماي قالدى ئاسمانغا.
توۋا دەيمەن، بىر ياخشى كېتەر بولسا ئالەمدىن،
چۈشەر ئىكەن بۇ قايغۇ بىر جان ئەمەس، مىڭ جانغا.

قاراپ ماڭدى ھاياتلىق تىنىقلارغا ئاداققى،
ۋەھىمىگە، تەشۋىشكە چۈشتى مانا شەھەرمۇ.
ئۇزارتىشقا كىم قادىر شۇ تىنىقنى، ھاياتنى،
ھەتتا بىلمەس شۇ تىنىق ئاخشاممۇ يا، سەھەرمۇ.

پەرىشتىلەر ئايلاندى شائىر ئۇسكەن زېمىننى،
ھەيران قالدى تەگرىتاغ باغرىدىكى قايغۇغا.
ئالماي تۇرۇپ بىر جاۋاب بۇ ھېكمەتنىڭ سىرىدىن،
چۆكۈپ قالدى مىڭلىغان ئىلتىجاغا، ئارزۇغا.

باغلار دېدى: ئۇلۇغلار، سوراپ كۆرۈڭ ئۆزىدىن،
رازىمىكىن مازارى بىزدە بولسا شائىرنىڭ؟
تاغلار دېدى: قۇچاقلاپ بىزمۇ شۇنداق ساقلايمىز،
ساقلىغاندەك باشئەگىم قەبرىسىنى تاھىرنىڭ.

ئېتىزلارمۇ سۆز قاتتى: بىزدە ياتسۇن مەرھۇم، دەپ،
قۇچىقىمىز يارالغان قۇچاقلاشقا ياخشىنى.

بويىمىزغا قويۇڭلار، دېدى ئۇنى دەريالار،
بىز تىڭشايمىز ئۇنىڭدىن يەنە تالاي ناخشىنى.

قەھرىمانلار، ئۇلۇغلار قارار تاپقان مەنزىلگاھ،
بىر قەبرىستان بار تېخى بىر چېتىدە شەھەرنىڭ.
بولۇشماڭلار ئاۋارە! — دېدى ئۇمۇ ۋارقىراپ، —
بىزدە مانا مەنزىلى شائىر قىلغان سەپەرنىڭ.

پەرىشتىلەر قاراشتى، جۈپ قانىتى تامام خەت،
دالالارنىڭ، باغلارنىڭ ئارزۇلىرى پۈتۈلگەن.
شۇ ئارزۇلار، ئارمانلار ئۇلۇغلۇقتا تەڭداشسىز،
ئەمما، شائىر قەلبىگە باشقا بىر ئوي پۈتۈلگەن.

مەمنۇن كۈلكە لېۋىدە قىلدى بىر ھال تەبەسسۇم،
ئارمانلارنىڭ گۈلىنى پەرىشتىلەر تۇتقاندا.
ئۇ مۇرادنىڭ كۆكىگە چىقىپ كەتتى جەۋلان قىپ،
نەدە بولسۇن بۇ پەرۋاز لاچىنلارمۇ ئۇچقاندا.

جان چىقاردا ئېيتتى ئۇ دىيارىغا تەشەككۈر،
ھاياجاندىن لىققىدە ئالدى ئۇ ياش كۆزىگە.
مىدىرلىدى لەۋلىرى، پەرىشتىلەر «دۇر» قىلىپ،
كەلدى دەرھال شۇنداقلا، قۇلاق سالدى سۆزىگە:

— قاتارىغا قويۇڭلار، مېنى ئاددىي پۇقرانىڭ،
بۇ دۇنيادىن كېتىپمۇ ئايرىلغۇم يوق شۇلاردىن.
بەختى ئۇچۇن شۇلارنىڭ ناخشا قاتتىم، كۈي يازدىم،
چىققىنىم يوق ۋە لېكىن شۇنداقتىمۇ خۇماردىن.

www.uyghurkitap.com

ئاق يوپۇقلۇق بىر تاۋۇت قاراپ ماڭدى ئەتىسى،
شائىر ئېيتقان پۇقرالار قەبرىستانى تەرەپكە.
تۇمەن كۆڭۈل ماتەمدە بارار ئۇنىڭ كەينىدىن،
ھەيران ئىدى ھەم ئۇلار شائىردىكى تىلەككە.

نە ـ نەلەرگە پۇر كەتتى ئۈچ كۈن ئۆتمەي شائىرنىڭ،
بۇ ئالەمدىن كېتەردە ئېيتقان سۆزى پىچىرلاپ.
ئۇلۇغلاندى مىڭ ھەسسە ئەسلىي ئۇلۇغ ئاشۇ زات،
ئۇلۇغلىدى قۇشلارمۇ ئورمانلاردا ۋىچىرلاپ.

تاغ ـ دەريالار ئۇنىڭغا ئېيتىپ قالدى ئاپىرىن،
يىغلاپ تۇرۇپ: بىلمەپتۇق، ئۇلۇغ ئىنسان ئىكەن، دەپ.
ئەھدى قىلدى ئېتىز ـ باغ قەبرىسىگە شائىرنىڭ،
گۈل تۇتىمىز باھاردا، يولاتمايمىز تىكەن، دەپ.

تەنتەنىگە چۆمۈلدى شۇ شائىرنىڭ دەپنىسى،
دەپنە ئەمەس، گويا ئۇ ئوخشاپ كەتتى بىر تويغا.
شائىر كەتتى ۋە لېكىن مەنىسىدا ياشاشنىڭ،
قەلەم تۇتقان ھەركىمنى سېلىپ قويدى بىر ئويغا.

1988 ـ يىلى 4 ـ ئاي، غۇلجا

## شائىر كۆزى

شائىر كۆزى ئاشىقتۇر قاتار ـ قاتار تاغلارغا،
شۇ تاغلاردا شائىرنىڭ مەشۇقى بار، يارى بار.
پەرى دەيدۇ چوغلۇقنى مۇھەببەتتە شۇ كۆزلەر،
ئېدىر تۇگۇل چۆللەرمۇ كۆرۈنىدۇ لالىزار.

شائىر كۆزى مەستانە ئورمانلارغا، باغلارغا،
مىسال ئۆزى بىھوشلۇق تەسۋىرىگە بۇ ھالىنىڭ.
كۆرگەن تۇرسا تۇنجى رەت يېشىل يازنى شۇلاردىن،
نە ھاجىتى ئارتۇقچە يەنە ئاڭا سوئالىنىڭ؟

ئېتىزلارغا ھېرىس ئۇ، نان ئەھلىگە مەھلىيا،
ۋىسال ئاڭا ھەر يازدا باشاقلارنىڭ دىدارى.
شۇ كۆزلەرگە سىڭگەندۇر شۇنداق ئۇلۇغ ئەقىدە،
ئېتىزلارغا يەتمەس، دەپ بۇ دۇنيانىڭ گۈلزارى.

شائىر كۆزى كۆزەتچى ئىشىكىدە ۋىجدانىنىڭ،
مەڭگۈ، مەڭگۈ شۇ كۆزلەر ياخشىلارغا پىدائىي.
ياخشىلارنى يامان دەپ ئېزىتقۇلار كەينىدىن
يۈگۈرگەنلەر، چاپقانلار شائىر ئەمەس، سەۋدايى.

شائىر كۆزى باقمايدۇ مۇنبىرىگە شۆھرەتنىڭ،
تەلمۈرمەيدۇ شۇنداقلا خىيانەتكار قوللارغا.

مەپتۇن مەڭگۈ شۇ كۆزلەر مىلىيونلارنىڭ كەيىندىن،
ئالتۇن كەبى ئىز قالغان بۇ مۇبارەك يوللارغا.

شائىر كۆزى شەيدادۇر گۈزەللەرگە، گۈللەرگە،
سىزىپ ئىككى دۇنيالىق پاراغەتنى شۇلاردىن.
مەشۇق ئىكەن گۈزەللىك، شائىر قەلبى شۇ سەۋەب،
مىڭ سۆيسىمۇ ھەر كۈنى چىقمايدىكەن خۇماردىن.

شائىر كۆزى مۇھەببەت، شائىر كۆزى سۆيگۈدۇر،
سۆيۈپ كېلەر ھاياتنى ھارارەتتە قۇياشتەك.
كۆرسەتمەڭلار شائىرغا، شائىر كۆزى يىغلايدۇ،
جىنايەتنى كۆرگەندە رەزىللىكنى بوياشتەك.

شائىر كۆزى ئىزدەيدۇ قىيامەتلىك دوستلارنى،
داۋانلاردىن ئاشاردا قول تۇتۇشۇپ ماڭارغا.
يۈرىكىدىن شۇلارنىڭ ئوت سۈنىدۇ ۋۇجۇدۇم،
يارىشىدۇ گۈل بولۇپ شۇلار بىلەن باھارغا.

شۇ كۆزلەردە ئارزۇ بار، شۇ كۆزلەردە كۆپ تىلەك،
تاڭدەك سۈزۈك، ناندەك پاك شۇ كۆزلەردە ئۈمىد ھەم.
بىلىپ قېلىڭ دوستلىرىم: شۇ كۆزلەردە ھەسەت يوق،
چىقىشىغا يول قويماس شۇ ئىللەتنىڭ ئۈنۈپ ھەم.

1988 ـ يىلى 6 ـ ئاي، غۇلجا

## ئېتىزلارنى ئۇنتۇماڭلار، شائىرلار

ئېتىزلارنى ئۇنتۇماڭلار، شائىرلار،
ئېتىزلارغا ئاسىي قەلەم تۇتماڭلار.
قۇش بولساڭلار دان سىلەرگە شۇندىدۇر،
ئۇچساڭلارمۇ ئۇندىن ئېگىز ئۇچماڭلار.

ئۇنتۇماڭلار، شائىرەلەر سىلەرمۇ،
گۈل شۇ يەردە چېكەڭلارغا قىسساڭلار.
بولسىلەر ئون بوستاندا يۇرگەندەك،
ئېتىزلارنى بىر رەت كېزىپ چىقساڭلار.

ئۆگەنسەڭلار، ناخشا دېگەن شۇ يەردە،
ئەمەسمىدى دېھقان ئەسلي ئۇستاڭلار؟
بولمامسىلەر ئاق نان چىراي، بۇغداي سۆز،
ئاشۇلارنى مەڭگۈ ئۇستاز تۇتساڭلار.

قايماق بىلەن قەنت تېتىيدۇ داغ سۇمۇ،
شۇلار بىلەن قىر بېشىدا ئىچسەڭلار.
ئۇنتۇماڭلار كۆك بېدىنىڭ ھىدىنى،
ئېتىزلاردىن ئەگەر داستان پۈتسەڭلار.

ئۇيات، دەيدۇ ھەر ياز كەلسە تەبىئەت،
ئېتىز كۆرمەي قوغۇن - تاۋۇز پىچساڭلار.

نومۇس، دەيدۇ باھار چاغدا تەر تۆكمەي،
كۆز كەلگەندە تەييار چەشنى ئۇسساگلار.

كەملىك قىلار ئىپتىزلارنى «ئانا» دەپ،
باغرىڭلارنى كۆندە ئون رەت ياقساڭلار.
تۆكۈلدۇ مىڭ مىسرانىڭ ئىلھامى،
ھەر كېۋەزنىڭ شاخلىرىغا قاقساڭلار.

يارىشىدۇ باشاقلارنى يامبۇ ھەم،
ئاختامنى باغ دەپ قوشاق قاتساڭلار.
خاتالاشماڭ ئېگىزلارنى تىكەن دەپ،
پاياندازئۇ يۈگرىسەڭلار - چاپساڭلار.

دۇرۇس بولماس نان يەپ تۇرۇپ ئېتىزدىن،
تومۇزلاردا سالقىنلارغا قاچساڭلار.
ياراشامدۇ ئىسمىڭلارغا جىسمىڭلار،
سېغىنغاندا ئۆزۈڭلارنى ئاتساڭلار؟!

1988 - يىلى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، غۇلجا

# سەنئەت سۆيگۈسى

كېلمەن بىر غۇرۇر ئىلكىدە ياشاپ،
ئەر يەتتىم سەنئەتتىن ئالغان نەپەستە.
ئەسلىسەم، خارلانغان يىللىرىمدىمۇ
تۇتۇپتۇ شۇ سەنئەت ماڭا گۈلدەستە.

ئۇنىڭدىن بەختىمنى بىلگىنىم راستتۇر،
بالىلىق چېغىمدا تەمبۇر، دۇتارنىڭ.
تونۇتتى مۇقاملار ئەسلى زاتىمنى
ئىڭرىغان كۈيىدە مۇڭلۇق ساتارنىڭ.

ئويلىساڭ، تۈيۈلار دەشت ـ چۆل گويا
سەنئەتسىز ئارىسى ئىككى دۇنيانىڭ.
مىڭ شۈكۈر، قالمىدۇق بىز شۇ چۆللەردە،
كېلىمىز قوينىدا ئۈزۈپ دەريانىڭ.

يوق ئەسلا ئۇسسۇلغا قول كۆتۈرمىگەن
ئۇيغۇرنىڭ نەسلىدە بىر ئوغۇل يا قىز.
بىلمىدىم، نىچۈنكى ئالەمدە ئاڭا
ھېچ نەرسە تۈيۈلماس سەنئەتتەك ئەزىز.

دۇنياغا كەلگەنىنىڭ نېسىۋىسى نان،
بىز ئۈچۈن زۈلمەتتۇر سەنئەتسىز ھايات.

سەنئەتتۇر، ئۆزىمىز سۇنساقمۇ قانچە،
ئەسرلەپ سۇنمىغان بىزدىكى قانات.

گۆھەردىن ئەتىۋا بىز ئۈچۈن خۇددى،
ئەجدادلار مۇلكىدىن تەۋەررۇك راۋاب.
ئۆزگىگە تېۋىنساڭ ئۆزۈڭنىڭ تۇرۇپ،
بولمامدۇ بىر كۈنى بېغىمىز خاراب؟

تۈنۈگۈن سارقىدى كۆكتىن بىر چولپان،
يىغلىدۇق ئۆچكەندەك قۇياش ئاسماندىن.
ئۇ كەتتى ۋە لېكىن قالدى ئاۋازى،
ھېكمەتلەر قالغاندەك خۇددى لوقماندىن.

كېلىدۇ ئۇزاقتىن بىزنىڭ ناخشىلار،
شېھىدلار شەنىگە ئوقۇپ قەسىدە.
مۇقاملار بىزگە تۇغ، كەچمەيمىز مەڭگۈ،
ئۇ بىزگە ئاق سۈتتىن سىڭگەن ئەقىدە.

بىز شۇنداق باي خەلق، گۈزەل ئادەملەر،
باغ دېسەك ئەرزىيدۇ ۋۇجۇدىمىزنى.
نۇر چېچەك، چولپانلار، ناخشىلار بىلەن،
لەرزىگە كەلتۈرۈپ تاغۇ، دېڭىزنى.

1988 ـ يىلى 10 ـ ئاي

## تەمبۇر، دۇتارىم

قايدىسىلەر، تەمبۇر، دۇتارىم،
سەھنىلەرگە چىقمايسىلەرغۇ؟
نېمە بولدى، سەنئەت كۆكىدە
پەرۋاز قىلىپ ئۇچمايسىلەرغۇ؟

ئېيتىڭلارچۇ، بىراۋدىن ياكى
دىلىڭلارغا ئازار يەتتىمۇ؟
بىلەلمىدىم، تەمبۇر، دۇتارنىڭ
ئەمدى دەۋرى - ۋاقتى كەتتىمۇ؟

ئۇرۇمچىدىن كەپتۇ يېقىندا
سەنئەتچىلەر بىزنىڭ ئېلىغا.
سەھنىسىدە سىلەر يوق يەنە،
تەگدى شۇ ئىش ئەلنىڭ دىلىغا.

سەسكەندىمۇ سەنئەت ئەھلى يا،
ياتتىن كەلگەن گىتارنى كۆرۈپ.
ئالدىمۇ يا سىلەردىن ئۇلار
ئەمدىلىكتە يۈزىنى ئۆرۈپ؟

تارىخىڭلار شەرەپكە تولغان،
يوق ئىدىغۇ سەۋەنلىكىڭلار.

ۋۇجۇدۇڭلار نۇقساندىن نېرى،
يوق ئىدىغۇ مەنمەنلىكىڭلار.

سىلەر ئۇچۇن سەھنىگە چىقماق
نامەھرەممۇ ئەمەس ئىدىغۇ؟
يۈز چىقساڭلار، يەنە خەلقىمىز
ياق، چىقمىسۇن دېمەس ئىدىغۇ؟

مۇقام دېگەن ئەسلىي بىزلەرگە
سىلەر بىلەن بىللە كەلگەنتى.
ناخشىلارغا خۇشتار خەلقىمىز
سىلەرنىمۇ بىللە سۆيگەنتى.

ئەسلىي بەرگەن سىلەر ئەمەسمۇ
نىمپەدىنى، ئەجەمنى ئەلگە؟
لاپ بولمايدۇ چەك قويغان دېسەك،
ئاۋازىڭلار قانچە ئەجەلگە!

تەلمۈرىمىز دىدارىڭلارغا،
سەھنىلەردىن ئىزدەپ سىلەرنى.
تاپالمىدۇق،
يۈرىمىز شۇڭا
سەۋدايىدەك سۆزلەپ شۇلارنى.

قانداق ئىش ئۇ، ئەمدى سىلەرنىڭ
قالغىنىڭلار سەھنىدىن چەتتە.
كۆپتىن بېرى كۆڭلىمىز يېرىم،
شۇڭا مانا بىزمۇ ھەسرەتتە!

1988 ـ يىلى 10 ـ ئاي، غۇلجا

## شاخلار

دەرەخلەر، گۈل ـ گىياھلار، بۈگۈن مانا،
نېچۈندۇر شېخىڭلارغا بېقىپ قالدىم.
توساتتىن تۇتتى يەنە شائىرلىقىم،
باشقىدىن يەنە دەپتەر ئېچىپ قالدىم.

يېنىدىن ئۆتۈپ چۈنكى بىرلىرىنىڭ،
ئاجايىپ پۇراقلارغا پېتىپ قالدىم.
يەنە بىر لەززىتىنى بۇ دۇنيانىڭ،
شۇندىكى مېۋىلەردىن تېتىپ قالدىم.

باھاردا: باغقا يۈر، دەپ شۇڭا يارنى،
بەزىدە دېرىزىلەر چېكىپ قالدىم.
ئاپىرىن، سايە سالغان ياپراقلارغا،
ئاستىدا قانچە تۈنلەپ يېتىپ قالدىم.

ئۈندەيدۇ مېنى ئۇندا مەيىن شامال،
ئەگىشىپ مەنمۇ تالاي كېتىپ قالدىم.
كۈز كېلىپ غازاڭ قاقسا ئۇندىن شامال،
مەنمۇ ھەم نۇرغۇن شېئىر قېتىپ قالدىم.

1988 ـ يىلى 10 ـ ئاي، غۇلجا

## ئادەملەرگە

ئىلكىڭدە ئالەمنىڭ جىمىكى بەختى،
ئادەملەر، ئاپەتمۇ سىنىڭ قوينۇڭدا.
ئارغامچا سىنىڭدىن ئۆزگىدە بولماس،
دىمەككى، سىرتماقمۇ سىنىڭ بوينۇڭدا.

چاقماقنى تىللايسەن ئاسماندىن چۈشكەن،
قالمايدۇ ئاغزىڭدىن كەلكۈنمۇ چەتتە.
ئالدىڭدا تەبىئەت گۇناھكار بولسا،
سەندىنمۇ ئاغرىنماق زۆرۈر، ئەلۋەتتە.

يانغىننى يوق دىمە، يانغىن ئۆزۈڭدە،
ھەزەر قىل پەيلىدىن ھەسەتخورلارنىڭ.
ئەپتىدە شۇملۇقنىڭ باردۇر شەپىسى،
ئاسمانغا غادايغان تەكەببۇرلارنىڭ.

بار دۇرۇس سۆيگۈدە غىرىب ـ سەنەمدەك،
سىلەردە ۋاپانىڭ داھىيلىرىمۇ.
بار، بىراق شۇ ئۇلۇغ مۇھەببەت تۈگۈل،
ئەل بەرگەن ئاق نانىنىڭ ئاسىيلىرىمۇ.

بەزىدە بىرىنى تىللايدۇ بىرى،
ئىتلارنىڭ ئاۋازى ئۇلاردىن تۈزۈك.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلمىدىم، تەقدىرنىڭ بەرگىنى شۇمۇ،
ئالتۇاستى قولىدا ئالتۇندىن ئۈزۈك.

بىرلىرى يۇرىدۇ ۋىجداندىن مەھرۇم،
ئۆمۈرلۈك ئەقلىنى بېرىپ هارامغا.
هىجايىسا بار ئىكەن پەزىلەت، دېمە،
ئاغزىنى ئۆگەتكەن يالغان سالامغا.

بېشىدا ئۆزى بار بارچە هېسابنىڭ،
چاشقانلار ماڭغان يول شۇلارنىڭ يولى.
تۆهپىكار مۇشۇكنىڭ كېكىردىكىدە،
سىنچىلاپ قارىساڭ، شۇلارنىڭ قولى.

قىڭغايغان تاملارغا قويمايدۇ تىرەك،
ئەكسىچە ئۆيىگە قاچىدۇ ئېلىپ.
جاڭجاللار شۇلارنىڭ بولدى تۆهپىسى،
بەزىدە هايۋانلار ئىزىدىن مېڭىپ.

ئاپىرىن، قانائەت پەرىشتىلىرى،
ئاچلىقتا ياتسىمۇ ئۆتتى سىناقتىن.
ۋە لېكىن بىر جۇتلۇق كېلەر سېنىڭدە،
سايەڭدەك ئەگىشىپ سېنى ئۇزاقتىن.

ئادەملەر، قوينۇڭدا ئاپەت ئاز ئەمەس،
نە قىلاي كۆپ سۆزلەپ نۇقسانلىرىڭنى.
ئىللەتلەر ئاپەتكە ئايلىنىپ، بىلسەڭ،
قۇرۇتۇپ كەلمەكتە بوستانلىرىڭنى.

ئۈنەركەن باهاردا گۈللەر، سۇمبۇللار،
تىكەنمۇ چىقاركەن بىللە كۆكۈرۈپ.

ئادەملەر، سېنىڭمۇ يادىڭدا بولسۇن
چىققىنىڭ تارىخقا «مەن» نى كۆتۈرۈپ.

قايىلمەن، ئەجرىڭدىن ھاسىلدۇر دۇنيا،
مېۋەڭنى ماختايمەن ئالەمگە بەرگەن.
ئۆزگىدىن ئىزدىمە، ئۇغرىمۇ تامام
ئۆزۈڭدە بېغىڭغا تام ئاتلاپ كىرگەن.

سورۇنلار چۇقانىنىڭ ئىلكىدە ئەنە،
جارچىلار خۇشامەت قەدەھلىرىمۇ —
ئۇغرىنى ماختايدۇ پەخرىم، دەپ بىرى،
تامام نەپ ئۇنىڭ ھەم سەۋەبلىرىمۇ.

شەنىڭگە كىتابلار يېزىلدى تالاي،
ئالەمدە جىمىدىن سېنى ئۇلۇغ، دەپ.
قاراپ كۆر، شۇندىمۇ يازمىغان ھېچكىم
ئادەملەر قوينىدا ئاپەتنى يوق، دەپ.

ئادەملەر، ئىلكىڭدە ئۆز بەختىڭ مەڭگۈ،
شۇنداقلا ئاپەتمۇ سېنىڭ قوينۇڭدا.
ئىشلەر ئارقانلار قولۇڭدا شۇڭا،
ھەزەر قىل، سىرتماقمۇ سېنىڭ بوينۇڭدا.

1988 ـ يىلى 11 ـ ئاي، غۇلجا

## كۆزلمەڭلار هېچقاچان راهتىنى بر جانىڭ

ئاياغلرىم، يۇگرۇڭلار ئۇچقانلارنىڭ كەيندىن،
ئاتلىنىڭلار دەس تۇرۇپ بۇ سەپەرگە سلەرمۇ.
قارايدىكەن كېلەچەك بۇ يوللارغا سنچىلاپ،
ئىز قالمسا ئۇياتقۇ ئارقاڭلاردا برەرمۇ.

توختىماڭلار، قوللرىم، ساداقەتلك مېهنەتتىن،
توختىماڭلار ئاداققى تىنىقلرىم توختىماي.
ئەلەم بىلەن كېتەرمەن ئەگەر ئۆتسەم ئالەمدىن،
ئەقەللىيسى بر ئاددىي ئەمگەكچىگە ئوخشىماي.

ئالتۇن ئاغزىم، بر ئۆمۈر ئەل ئشقىنى كۈيلدىڭ،
تۆهپەڭ سېنىڭ شۇندىمۇ تالايلاردىن كەم تېخى.
كۆچەتلەرنى مەن تىككەن مېۋە تۇتتى دېمەك تەس،
مېۋە تۇتتى دېسەكمۇ، غورا شېخى — خام تېخى.

دۇرۇس، تالاي ئەجرىڭلار ئۇچۇپ كەتتى قۇيۇندا،
جاكارلىدى گۇناه دەپ، هەقىقەتنى سۆيسەڭلار.
چىقرىلدى ئىللەتكە ئەقدەڭلار ئاق ناندەك،
بەرمەي ئۆتتى ئۇسسۇلۇق تومۇزلاردا كۆيسەڭلار.

سلەر چەككەن رىيازەت تۈگمەيدۇ يازغانغا،
ئاسان ئىشمۇ ئۆتكۈزمەك شۇنچە ئۇزاق قىيناقنى؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چىدام ئېلىپ شۇندىمۇ ئۈمىد ناملىق قەيسەردىن،
تاماملىغان مەرد سىلەر شۇنچە ئېغىر سىناقنى.

ئاشىقلاردەك دوقمۇشتا ئۆز يارىنى ساقلىغان،
ساقلىماقتا تالاي ئىش يەنە بۈگۈن سىلەرنى.
كۆزلىرىمدىن ياش كەتتى ھاياجاندا مېنىڭمۇ،
خەلقىم ئۆزى باغلىغاچ ماڭا يەنە كەمەرنى.

بوز ئاچتىڭلار، سىلەرگە چاۋاك چالار تەبىئەت،
ئەھلى پالۋان ئورنىدىن يېڭىباشتىن تۇردى، دەپ.
يېڭى يوللار يايرايدۇ توي بارغاندەك ئۈستىدە،
ئەھلى مەردلەر باشقىدىن بىزگە قەدەم قويدى، دەپ.

كىتابلارغا، كۆزلىرىم، سىلەر كىرەك بۈگۈنمۇ،
ئايىماڭلار ئاداققى نۇرۇڭلارنى مېنىڭدىن.
قۇلاق سالغىن، يۈرىكىم، سورايدىكەن بۇ زامان،
سوۋغات ئەمەس، پاكلىقنى ئەك ئاۋۋىلى سېنىڭدىن.

بوي بەرمەڭلار ئۇيقۇغا كۈندۈز تۈگۈل تۈندىمۇ،
يۇلتۇزلاردەك ئۇخلىماي، تۈننى تاڭغا ئۇلاڭلار.
جان كەتسىمۇ، كەتمىگەي بۇ ھاياتتىن ساداقەت،
ناخشا قىلىپ، ھە، ئۇنى تائەبەدىي تۇۋلاڭلار.

ئالقانلىرىم، ئالتۇنغا ھېرىس بولما، مەست بولما،
ئەل كۆزىدە ئالتۇندۇر سېنىڭدىكى قاداقلار.
چاپانلىرىم، يىرتىلساڭ مۇشۇ يولغا قۇربان سەن،
گۈزەللىكنىڭ گۇۋاھى سېنىڭدىكى ياماقلار.

تاپانلىرىم، تاش پاتسا زارلىماڭلار، چۈنكى ئۇ
سىلەر چەككەن شەرەپلىك مۇشەققەتنىڭ داۋامى.
قالدۇرغىننىڭ قۇرلارنى شېئىر قىلىپ ھاياتقا
مېنىڭدىكى مەڭگۈلۈك مۇھەببەتنىڭ داۋامى.

تېخى تالاي نادان مەن، ماڭا لازىم ياخشى سۆز،
قالغاندىمۇ ئۆمرۈمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈنى.
قۇلاقلىرىم، قەلبىمگە يەتكۈزمىسە شۇلارنى،
قانداق تاپاي ئالەمدىن خۇشاللىقنى، كۈلكىنى.

ھالال نانغەك دۇنيادا تاتلىق تائام نەدە بار،
تەمە قىلماق تەييارنى — رەزىللىكنىڭ دەللىلى.
شەيتان نەپسىم، ھېزى بول بىراۋلارنىڭ رىزقىدىن،
دۇنيا دېگەن ئەسلىدە ھالاللىقنىڭ زېمىنى.

كۆز، قۇلىقىم، قول، پۇتۇم... نەپ بېرىڭلار خەلقىمگە،
بۇيرۇقى شۇ سىلەرگە مەندىكى پاك ۋىجداننىڭ.
مىليونلارنى ئويلاڭلار، مىليونلارنى سۆيۈڭلار،
كۆزلىمەڭلار ھېچقاچان راھىتىنى بىر جاننىڭ.

1989 ـ يىلى 1 ـ ئاي، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئاق پەسلىگەن ئايلىناي

تەبرىكلەيمەن، تەبىئەت، ھۇزۇرۇڭغا قىش كەپتۇ،
قۇچاقلاپتۇ ئاپپاق قار سېنى مۇراد تاپقاندەك.
دەريالىرىڭ بىر شېرىن مۇھەببەتتە مەست گويا،
ئېدىرلىرىڭ كۆرۈندى سۈت ئۇيقۇدا ياتقاندەك.

بېقىپ قالدىم بىرھازا يىراقتىكى تاغلارغا،
قارىغايلارمۇ، تاغ تۈگۈل كۆرۈندۇ تامام ئاق.
ھەر چوققىدىن بىر گۈزەل قىلار ماڭا تەبەسسۇم،
چۈشۈم ئەمەس، ئوڭۇم بۇ، مەن تەلەيسىز ئەمەس، ياق.

باغلاردىكى يېشىللىق يوشۇرۇنغان نەگىدۇر،
دېمەك، باغلار چىمەنگە ئاپتۇ قارنى تېگىشىپ.
پۈركەنگىنى ئاق رومال، تۇرۇشىدۇ ھەر دەرەخ،
يۈزى تۆۋەن قىزلاردەك باشلىرىنى ئېگىشىپ.

ئاسمان يايغان ئاق شايى ياراشمىغان ھېچ جاي يوق،
ياخشىلارنىڭ كۆڭلىدەك توقايلار ئاق، يوللار ئاق.
ئايدىڭلىرى كۈمۈش رەڭ، كۈندۈزلەردىن قېلىشماس،
ئاق پەسلىگە ئاھ، ساڭا قۇياش چاچقان نۇرلار ئاق.

كىر كۆرۈنمەس ئۈستىگە ياكى زەررە چاڭ ـ توزان،
ساقلان، ئەمما كىبىرنىڭ يىرگىنىشلىك كىرىدىن.

دېھقان دەيدۇ: بىزلەرگە قار تەڭرىنىڭ چاچقۇسى،
ئايىماسكەن ھىممىتىن تەڭرى ناننىڭ پىرىدىن.

ھەر قەدەمدە جىمىرلاپ كۈمۈش كىرپىك مىلىڭ يۇلتۇز،
قار يېپىنغان دالالار قاماشتۇردى كۆزۈمنى.
ئۇشقىرتقاندا شاماللار سوغ ئۇرۇلسا مەڭزىمگە،
— قىش قىزلىرى، — دېدىم مەن، — سۆيۈپ ئۆتتى يۈزۈمنى.

ئورمانلىرىڭ ئۇخلايدۇ، جاڭگاللىرىڭ جىم بولۇپ،
ئاڭلانمايدۇ تىڭشىسام، ئۇندا قۇشلار ئاۋازى.
مەھەللەمنىڭ ئۇستىدىن قاقىر ئۆتمەس، غاز ئۆتمەس،
كۆرۈنمەيدۇ كۆكتىمۇ قارلىغاچلارنىڭ پەرۋازى.

ئەسكە چۈشتى، تەبىئەت، ساڭا كەلگەن قىش بىلەن،
ئات سۇغارغان چاغلىرىم كاچكۇل ئېچىپ كۆللەردىن.
ئۇزۇپ ئالماق تەس كەلدى باللىقتىن خىيالنى،
چانا تېيىلىپ دۆڭلەردە ئويناپ ئۆتكەن كۈنلەردىن.

ياشلىقىمدا تۆككەن تەر يەنە يەتتى يادىمغا،
ھەر قىش كەلسە باغرىڭدىن دائىم ئۆستەڭ چاپقىنىم.
قانچە ناخشام ـ ئاۋازىم سىڭىپ كەتتى قوينۇڭغا،
يادىڭدىدۇر تۈنلەردە ساڭا گۈلخان ياققىنىم؟

ئاق پەسلىڭدىن ئايلىناي، ئانام كەبى تەبىئەت،
ئۇلۇغلايمەن بەختىڭنى يېڭى ياققان قار بىلەن.
شۇڭا ھەر تۈن ئۇخلىماي ۋادىلارنى بىپايان،
قىياسىمدا قانچە رەت ئايلىنىمەن يار بىلەن.

1989 ـ يىلى 1 ـ ئاي، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## باهار يەتمەس، جان ئانا، سېنىڭدىكى باهارغا

كۆرۈنگۈچە بىر باهار تەبئەتتە، جان ئانا،
چىرايىڭدىن كۆرۈنەر تۈمەنلىگەن باهار، ياز.
چېچىلامدۇ، بىلمىدىم، ئىسسىق سەندىن ئالەمگە،
كېلەمدۇ يا سېنى دەپ يىراقلاردىن تۇرنا، غاز؟

قۇياشمۇ باهارنىڭ سەندەك ئىللىق ئەمەستۇر،
تەبەسسۇمىڭ ئاپتاپنى ئۇلغايتىدۇ ھەرقاچان.
ئېتىكىڭنى يۇرتۇمنىڭ بەركىتى، دەپ كۈيلەيمەن،
شائىر يالغۇز مەن ئەمەس سەن توغرۇلۇق سۆز ئاچقان.

كۆكلەمدىكى كاككۇكلار سايرىشىدۇ يېقىملىق،
ئەمما سېنىڭ ئاۋازىڭ ئۇنىڭدىنمۇ ئۇز، ئانا.
چۆچەكلىرى باهارنىڭ تارقىلىدۇ سەن بىلەن،
سەن چىقمىساڭ مىسكىندۇر پۈتكۈل دالا ـ تۈز، ئانا.

تىنىقىڭنى، ھىدىڭنى تەسۋىرلەيمەن ئىپار، دەپ،
تېگىشمەيمەن تۈمەن خىل پۇرىقىغا گۈللەرنىڭ.
كەۋسەر تۇرسا ھەر سۆزۈڭ مېنىڭ تەشنا دىلىمغا،
نېمە قىلسۇن خۇمارى مەندە دەريا، كۆللەرنىڭ؟

قىيام دېدىم سۇ بەرسەڭ تەمشىپ ئىچتىم قولۇڭدىن —
تائام بولدى تەڭداشسىز ئۆزۈڭ بەرگەن بۇردا نان.

سىياقىڭنى تومۇزدا ئەۋزەل كۆردۈم باغلاردىن،
ئانا دېسەك نامىڭدىن ئارام تاپار جىمى جان.

يېشىل تاغدىن ئۈز كۆردۈم بېشىڭ تەگكەن ياستۇقنى،
ئاق ياغلىقىڭ ئايدىڭدۇر ئاي چىقمىغان تۈنلەرگە.
پېشانەڭدىن ئاققان تەر سۈزۈلدۇ ھەر كۈنى،
شەربەت بولۇپ سىڭگەندەك چاڭقاپ ياتقان چۆللەرگە.

سىلاپ قويساڭ بالام دەپ مېنىڭ ئەزىز بېشىمنى،
قىيغىتىدۇ چۆرەمدە شاماللىرى باھارنىڭ.
رۇخسارىڭدىن ئوقۇيمەن داستانىنى ھەر كۈنى،
تىرىكلىكنى ئويغاتقان باھاردىكى سەھەرنىڭ.

سېنىڭ بىلەن بىر ئۆمۈر قانات قاقتۇق قۇش بولۇپ،
قاقلانمىغان ئىنسان يوق ئاپتىپىغا مېھرىڭنىڭ.
يېتەلمەيدۇ ھېچقاچان تەبىئەتنىڭ باھارى
چوغلۇق ھۆسنى پارلىغان باھارىغا چېھرىڭنىڭ.

لاۋۇلدايدۇ باغرىڭدىن جۇدۇندىمۇ بىر گۈلخان،
يۈرىكىڭدە لىق تىلەك بەختى ئۈچۈن پەرزەنتىنىڭ.
سېنى ئوغلۇڭ، ئېيتقىنا، باھار دەمدۇ، جان ئانا،
كۆزلىرىڭدىن كۆرمىسە شولىسىنى جەننەتنىڭ؟

1989 ـ يىلى 3 ـ ئاي، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئانىلارنى كۆمۈپ قويدۇق...

(ئانامنىڭ ۋاپاتى بىلەن)

سىياقىڭغا قىزىقتۇرما پۇل، مېنى،
تۆرەلگەننىڭ پادىشاھى مەن، دېمە.
دۆۋە - دۆۋە دۇر - گۆھەرگە بەرگۈسىز
ئانىلارنى كۆمۈپ قويدۇق، سەن نېمە؟

ئۆتۈپ تالاي قىسمى ئۆمرۈمنىڭ،
بىلمەپتىمەن ئانا نېمە، ئەل نېمە؟
ئېزىقتۇرما سەنمۇ مېنى، ئىش - ئوقەت،
ئانىلارنى كۆمۈپ قويدۇق، سەن نېمە؟

ئېغىر ئىكەن ئانىسىزلىق بارچىدىن،
ئەمدى بىلدىم قايغۇ نېمە، غەم نېمە؟
گادايلىقىم، يەيمۇ سېنىڭ غېمىڭنى،
ئانىلارنى كۆمۈپ قويدۇق، سەن نېمە؟

1989 - يىلى 4 - ئاي، غۇلجا

## سېھىر بارمۇ سىنىڭدە...

سېھىر بارمۇ، «ئارقا ئىشىك»[1]، سىنىڭدە،
نېمىشقىدۇر يېپىلمايسەن ياپقانغا؟
بىرلىرىگە ئىلىقسىز ھەم قۇلۇپسىز،
ئېچىلمايسەن بىرلىرىمىز تارتقانغا.

غايىبانە يوچۇقلىرىڭ جىق سېنىڭ،
قۇچاق ئاچتى يوچۇقلىرىڭ چاشقانغا.
مىڭ سوراپمۇ بىلەلمىدۇق ۋەجىنى،
بۇ چاشقانلار نېچۈن چۈشمەس قاپقانغا؟

1989 ـ يىلى 6 ـ ئاي، غۇلجا



① بۇ سۆز شائىر باتۇر راشىدىنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئانا بار ئۆيلەر بېھىش

ئانا بار ئۆيلەر مۇقەددەس، ئانا بار ئۆيلەر بېھىش،
ئانا بار ئۆيلەر چىرايلىق، ئانىلار سۆزى يېمىش.
ئانا بار ئۆيلەردە ئالتۇن، ئانىدۇر ئالتۇنمۇ شۇ،
ئانا بار ئۆيلەردە دوستۇم، قايغۇ - غەم قىلسۇن نېمىش؟

ئانا بار ئۆيلەرگە خاستۇر ئەركىلەش پەرزەنت ئۈچۈن،
قايدا بولغاي ئانىسىز ئوغلاقتا مەرەش، قىيغىتىش.
ئانىلار ئالقانلىرىدۇر مىسلى بەرىكەت خامىنى،
ئانىلار كەچكەن سۇلاردا ئەسلا بولمايدۇ لېيىش.

ئايلىنۇر دەيدۇ پەرىشتە ئانا بار ئۆيلەرنى ھەم،
ئانىسىز ئۆيلەردە بولماسكەن شۇڭا كۆكلەش، بېيىش.
شاھى بولسام گەر جاھاننىڭ، بارچىغا يارلىق يېزىپ،
ئانىلار ئەجرىگە خاس، دەيتتىم، پەقەت كىمخاب كىيىش!

ئانىدەك يولباشچى نەدە بىزگە ئىستىقبال ئۈچۈن،
ئانا بار ئۆيلەرگە مەڭگۈ خاس ئەمەس مەڭدەش - قېيىش.
ئانا بار ئۆيلەرگە ئاۋۋال شۇ ئانا ئۆزى قۇياش،
ئانا بار ئۆيلەردە بولماس شۇ سەۋەب تۈن بار، دېيىش.

## ئارزۇلىرىم

لوقماندەك ياشىسام، تاغلاردەك قالسام،
دۇنيادىن كەتمىسەم ـ ئۆلمىسەم، دەيمەن.
پاراغەت بولسىكەن ئاسمانمۇ، يەرمۇ،
ئىنساندا كۆز ياشلار كۆرمىسەم، دەيمەن.

يىغلىسام دوستلارنىڭ دەردى ۋەجىدىن،
كۈلسەممۇ، دوستلارسىز كۈلمىسەم، دەيمەن.
بۇ ياڭلىغ ئەرزىمەس شائىر بولغۇچە،
بەزىدە كەپتەر بوپ ئۈنلىسەم، دەيمەن.

ئادالەت ھۆرلىرى مەشۇقۇم مېنىڭ،
شۇلاردىن ئۆزگىنى سۆيمىسەم، دەيمەن.
ھەق تونۇرلىرىدا كۈل بولسام مەيلى،
تۆھمەت ئوچاقلىرىدا كۆيمىسەم، دەيمەن.

ساقلانسام شەيتاننىڭ دەۋەتلىرىدىن،
كىبىرنىڭ كەينىدە يۈرمىسەم، دەيمەن.
قوۋۇقلار سىرتىدا قالسامۇ مەيلى،
خۇشامەت شەھرىگە كىرمىسەم، دەيمەن.

ئارزۇلار تاتلىقتۇر، خىياللار شېرىن،
بەزىدە گۈل بولسام ـ گۈللىسەم، دەيمەن.

ئۇرۇقۇم تۆكۈلسە، لېكن ئۈنسەممۇ،
خەسسلەر بېغغا ئۈنمسەم، دەيمەن.

1989 ـ يىلى 6 ـ ئاي



## شۇ ھەسەت

تىك چوققىلار مېنىڭمۇ، — دېدى بىرسى، — مەنزىلىم،
يېغىپ تۇرار ھەسەتنىڭ ئەمما ئوقى يېنىمدىن.
تالاي قىلىچ بىسلىرى قايرىلغانتى ئالدىمدا،
لېكىن زۇلمى ھەسەتنىڭ ئۆتۈپ كەتتى جېنىمدىن.

كۆلكىلەرنىڭ تېگىگە يوشۇرىدۇ قەستىنى،
مۇددىئاسى ئاياندۇر: نەپ ئىزدەيدۇ نېنىمدىن.
يىقىلغىنىم، بىلمىدىم، مۇرادىمۇ شۇلارنىڭ،
بىر پارچە گۆش يېگەندەك بولۇپ قالدى تېنىمدىن.

چۈشىدىمۇ مېنىڭدىن قۇسۇر ئىزدەپ ئاۋارە،
تاپالمىسا ئۆزۈمدىن، ئىزدەپ كۆرەر مېلىمدىن.
ئېيتىڭلارچۇ، قانداقمۇ چىدىغاندۇ ئەجدادلار،
شۇ تەرىزدە شۇ ھەسەت كەلگەن بولسا قەدىمدىن؟

1989 - يىلى 6 - ئاي، غۇلجا

## ئەجەب تىلسىم جاھان بۇ

ئەجەب تىلسىم جاھان بۇ، ئاتىلىدۇ «پەلەك» دەپ،
چارقى ئۇنىڭ ئايلىنار ئۆرۈلۈپ ھەم چۆرۈلۈپ.
ئادەملەرمۇ غەلەتكەن: جەننەت ئەنە، يۇر، دېسەڭ،
بىرى چاپسا شامالدەك، بىرى يۇرەر سۆرۈلۈپ.

كۆپ دانىشمەن ئاۋارە، ئۇ دۇنياغا كەتكۈچە
سىرلىرىنى چۈشەنمەي، بۇ دۇنياغا تۆرۈلۈپ.
ناخشا ئېيتار بىرلىرى ئالتۇن، كۈمۈش ئىشقىدا،
ئالتۇن سالغان يانچۇقلار قەسىر، ساراي كۆرۈنۈپ.

تالايلارنىڭ، يائاللا، تۈلكە بىلەن ئۆيى بىر،
تەن بەرمەيدۇ تۇرسىمۇ سوققان تېمى ئۆرۈلۈپ.
ئەر يېتەركەن ئالەمگە تۆرەلگەنلەر ئاشۇنداق،
قالدىمۇ دەپ قورقىمەن سەپ كەينىدە سۆرۈلۈپ.

1989 ـ يىلى 6 ـ ئاي، غۇلجا

# ماختانما

ئېدىر ئاشساڭ ئاشقانسەن، تاغ ئاشمىقىڭ ناتايىن،
چىقماي تۇرۇپ سەپەرگە، ئېتىڭ بىلەن ماختانما.
كەلتۈرىدۇ ئالەمنى زىلزىلىگە ناغرىلار،
ناغرا تۇرۇپ، ئەي نادان، دېيىڭ بىلەن ماختانما.
ئېرىق چاپقان، بوز ئاچقان ئەسلي تۆھپە كەتمەننىڭ،
تېخى كەتمەن كۆرمىگەن سېپىڭ بىلەن ماختانما.
تاغار تۈگۈل تالايلار باداڭلارنى تولدۇردى،
باقماي تۇرۇپ قوشناڭغا قېپىڭ بىلەن ماختانما.
سېنىڭدە يوق نېمەتلەر بىلىپ قويغىن ئەلدە بار،
يىمىش تۇرسا باغلاردا، قېقىڭ بىلەن ماختانما.
ئېچىق ئېچىپ، سۇ باشلاپ، تەر تۆككىنىڭ ھېسابتۇر،
خۇشياقمايدۇ قۇلاققا، گېپىڭ بىلەن ماختانما.

1989 – يىلى 7 – ئاي، غۇلجا

## قۇش سىلەر

(مەكتەپىمىزدە پىراكتىكىدا بولغان ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 1985 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا)

بىخ سىلەر، باھار دېگەن ئۆزۈڭلاردا،
قۇشسىلەر، بۈگۈن ـ تاڭلا ئۇچۇسىلەر.
زېمىننىڭ نەرى ئېگىز، قەيىرى پەس،
سىلەرمۇ بىزدەك ئاخىر ئۇقۇسىلەر.

بۇ جاھان تامام شادلىق، كۆلكە ئەمەس،
ئون كۆلۈپ، بىردە ھازا تۇتسىلەر.
ئوخشايدۇ ھايات تەلەي تاۋكاسىغا،
بەزىڭلار ئوشۇق ئاتماي ئۇتسىلەر.

كىم بىلسۇن، بىرلىرىڭلار باش چۆكۈرۈپ،
كۆتمىگەن قىرغاقلاردىن چىقسىلەر.
رىزقىڭلار دەريالاردا بىرىڭلارنىڭ،
بىرىڭلار ئېرىقلاردىن ئىچسىلەر.

يېڭىچە بىر دۇنيانىڭ دەستۇرىنى
بىز ئەمەس، پەقەت سىلەر پۈتۈسىلەر.
ئۆزۈڭلار ئىگە تۇرۇپ كەلگۈسىگە،
ھېكمەتنى يەنە كىمدىن كۈتسىلەر؟

1989 ـ يىلى 10 ـ ئاي، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# بىلمىدىڭ

(بىر دوستۇمغا)

ياياق مېڭىپ يولۇڭدا، چاپقىنىمنى بىلمىدىڭ،
ئۇتتا كۆيۈپ، سۆيۈڭدە ئاققىنىمنى بىلمىدىڭ.
يامانلاردىن پېشكىنى تارتقىنىمنى بىلمىدىڭ،
ياخشىلارغا ئەزىزلەپ قاتقىنىمنى بىلمىدىڭ.

هېلىگەرگە ئالدىنىپ، سۇخەنچىگە دوست بولدۇڭ،
ئالدامچىغا ئەگىشىپ، ئوغرىلارغا پوست بولدۇڭ،
غەرەز نېمە بىلمەيسەن، ماختاپ قويسا خۇش بولدۇڭ،
يەر تېگىدىن شۇڭلاشقا، باققىنىمنى بىلمىدىڭ.

شۇلار مېنى ئالدىڭغا چېقىپ بارسا ئىشەندىڭ،
كىملەرگىدۇر، بىلمەيمەن، چېتىپ بارسا ئىشەندىڭ،
بايراق بوھتاننى چېپىپ بارسا ئىشەندىڭ،
ئەمما مېنىڭ خەلققە ياققىنىمنى بىلمىدىڭ.

گۈلمۇ، تىكەن تۇتقىنى، پۇراپ باققۇڭ كەلمىدى،
ئاڭلىغانغا چىنپۇتتۇڭ، سوراپ باققۇڭ كەلمىدى،
نېمە ئىش بار تەكتىدە، قاراپ باققۇڭ كەلمىدى،
شۇڭا تۇندە دېرىزەڭ قاققىنىمنى بىلمىدىڭ.

شۇلار يېگەن قويلارنى تەك يەپ قويغان ئوخشايسەن،
تاپقىنىمىز ئۆلگۈچە تەك، دەپ قويغان ئوخشايسەن،
تاڭسىلىك بولساڭ ئاشۇنداق، ئالۋاستىنى ئۇقمايسەن،
چاقماق بولۇپ ئالدىڭدا چاققىنىمنى بىلمىدىڭ.

ئوي - خىيالىڭ مەرتىۋە - مەنسەپ بىلەن چۇلغاندى —
پاك ۋۇجۇدۇڭ ۋاي ئىست، مەزھەپ بىلەن بۇلغاندى،
دۈشمىنىڭگە ئايلاندۇق، بويىنۇڭ بىزگە تولغاندى،
سېنى ماختاپ قوشاققا قاتقىنىمنى بىلمىدىڭ.

ئايرىمىدىڭ ئەقلىڭدە ئاغرىق قايسى، ساق قايسى،
سەپسالمىدىڭ سىنچىلاپ، قارا قايسى، ئاق قايسى،
مېۋە قايسى بىلمەيسەن ياكى قۇرۇق شاخ قايسى،
شۇ ئىشىڭدىن بەزىدە قاچقىنىمنى بىلمىدىڭ.

ساڭا بولدى گال پىچاق گاڭ پىچاقتىن ئەتىۋا،
بىز ئايلاندۇق ماتاغا، شۇلار بولدى شاتاۋا،
سوراپ كۆرسەڭ ۋەجىنى، ياڭزا - ياڭزا پەتىۋا،
ئوي - خىيالغا شۇ سەۋەب پاتقىنىمنى بىلمىدىڭ.

ئىست، مېنىڭ ئەقدەم، سېنى دانا سانىغان،
ئىست، مېنىڭ ئەمگىكىم، ئانا ئەلگە يارىغان،
دېھقان بولۇپ گوياكى قانچە قىرنى سانىغان،
بىر تال ئۇرۇق مېنىڭمۇ چاچقىنىمنى بىلمىدىڭ.

ھەسەتخورنىڭ سەن بىلەن چاراپ كەتتى چېچىكى،
تاۋار بولدى سەن بىلەن ئايىقدا پېتىكى،
ھۇزۇرۇڭدىن ھەر بارسا قۇرۇق يانماس ئېتىكى،
ئەمما مېنىڭ ئەلەمدە قايتقىنىمنى بىلمىدىڭ.

مېنىڭ بىلەن تۆت ـ بەش كۈن يۈرگەن بولساڭ بىلەتتىڭ،
كىملەر ياخشى، كىم يامان؟ ــ كۆرگەن بولساڭ بىلەتتىڭ،
ناھەق ئوتتا مېنىڭدەك كۆيگەن بولساڭ بىلەتتىڭ،
يامانلارنى قارىلاپ ئاتقىنىمنى بىلمىدىڭ.

1989 ـ يىلى 11 ـ ئاي، غۇلجا



## ئۇ مېنىڭ جانانىم ـ جېنىم

(چېخوفقا تەقلىد)

ئۇ مېنىڭ جانانىم، ئۇ مېنىڭ جېنىم،
ھالاۋەت ـ ھۇزۇرۇم شۇنىڭ قوينىدا.
لەۋلىرىم لىۋىدىن ئاجرىماس دائىم،
جۈپ قولۇم كۈنبويى ئۇنىڭ بوينىدا.

بىلمىگەن ئادەملەر سەۋدايى دەيدۇ،
مەن ئۇنى ھەر جايدا قۇچاقلاپ سۆيسەم.
ھەق ماڭا بىر ئۆمۈر، ياق، ياق، دوستلىرىم،
شۇ گۈزەل جانانىنىڭ ئىشقىدا كۆيسەم.

شۇنداق بىر مۇھەببەت بىزنى باغلىغان،
بولغانمەن ئۇزاقتىن شۇ يارغا شەيدا.
ھەركىم ئۆز يارىنى ماختايدۇ، ئەمما
مەن ئۈچۈن ئۇنىڭدەك ئەزىز يار قايدا؟

ئۇنىڭسىز قاقشايمەن، ئۇنىڭسىز خازان،
ئۇنىڭسىز گۈل ئاچماس مېنىڭدە ئىجاد.
ئۇچالماس ئۇنىڭسىز زەپەر قۇشلىرى،
ئۇلغايماس ئۇنىڭسىز غەيرەت ـ ئىجتىھاد.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئالتۇننى ئالغانمەن ئۇنىڭ قولىدىن،
كېلىمەن بويىدىن قىزىلگۇل پۇراپ.
ئىلكىمگە شۇنىڭدىن پۈتۈلدى بايلىق،
كېلىدۇ بويۇمنى شايىگە ئوراپ.

مەن ئۇچۇن ئۇ گويا شادلىق شاھدۇر،
تۈنلەردە ئويغاقمەن ئۇ بىلەن دائىم.
بىللىمەن ئۇ بىلەن ئەجىر بېغىدا،
بوستاندۇر ئۇ بىلەن تەر تۆككەن جايىم.

ئايرىلسام ئۇنىڭدىن، مېنىڭ قەلبىمدە
جۇدالىق ھەسرىتى يانار ئوت بولۇپ.
كېلىمەن شۇ نىگار بەرگەن مەدەتتىن
بۇ ھايات يولىدا غەيرەتكە تولۇپ.

تۆھپىلەر تېغىنى تۇرغۇزاي ياكى،
بۇرچۇمنى بوينۇمدىن قىلارمەن ساقىت.
باغرىمغا باش قويغان يىپنىغا چىللاپ،
مەن سۆيگەن شۇ يارنىڭ ئىسمىدۇر ۋاقىت.

1989 ـ يىلى 11 ـ ئاي، غۇلجا

# شەھەردىن سالام

(يېزىداشلىرىمغا)

بارغانلاردىن سوراپسىلەر مېنى، دوستلىرىم،
يانغانلاردىن بېرىپسىلەر سالام ئېيتىپ ھەم.
كەلمەكتىدۇر شۇ سالاملار مېنى ياشنىتىپ،
قوشاقلىرىم شۇ دوستلۇقتىن مۇراد تېپىپ ھەم.
بولۇپ قالدۇق: مەن شەھەردە، سىلەر يېزىدا،
رىزقىمىزنى «تەقدىر» قويغاچ شۇنداق چېچىپ ھەم.
ئۇنتۇمىدىم، لېكىن دوستلار، نان بەرگەنلەرنى،
خىياللىرىم شۇندا يۈرەر شۇندا چېپىپ ھەم.
ھەقلىق ئىكەن باللىقنى بەخت دېگەنلەر،
مەيلى يۈرسۇن ئۇشۇق ئويناپ، پادا بېقىپ ھەم.
بىر توخۇنىڭ چۈجىسىدەك بىللە ئىدۇق بىز،
چۇقان بىلەن كېچىلەرگە گۈلخان يېقىپ ھەم.
بەڭباشلىقتا ساق قالمىغان قۇشلار ئۇۋىسى،
كۆك غورىنى تۆككەن ئىدۇق پىشماي قېقىپ ھەم.
ناخشىلاردىن جاكارلانغان يىگىتلىكىمىز،
تالايلىغان كېچىلەرنى تاڭغا چېتىپ ھەم.
بېشىمىزدا كۈندە يۈز مىڭ ئىشق سەۋداسى،
باھار كەلسە كاككۇك كەبى مۇڭغا پېتىپ ھەم.
ئېتىزلارنى ئەزىز بىلىپ ئۆتكەن تارىختىن،

ئۇلتۇرىمەن بۇگۈن مانا ۋاراق ئېچىپ ھەم.
تەبىئەتمۇ تاڭ قالغانتى بىزنىڭ ياشلىقنى،
قىيان سۇغا تىزگىن سالساق كەلكۈن كېچىپ ھەم.
قانداق ئۇنتاي خامانلارنى دادام راسلىغان،
ئانام تۇتقان قىغراقلاردا ئۇگرە كېسىپ ھەم.
ئورما ئورغان ئايدىڭلارنىڭ تۇتتى خۇمارى،
قويسام دەيمەن كەسپىلەردە بىر دەم يېتىپ ھەم.
ھارۋا ھەيدەپ قامچىلارنى قارسىلداتقانتىم،
ياكى سامان، ياكى بېدە لىقلاپ بېسىپ ھەم.
ئالتۇن بەرگەن ئېتىزلارنى سېغىندىم ئەجەب،
ياد ئەيلىسەم، ئىلھاملىرىم قايناپ ـ تېشىپ ھەم.
چۆنەك ئارا پىلەك قايرىپ قوغۇنلار ئۈزسەم،
يۇرسەم دەيمەن تاۋۇزلارنى بىر ـ بىر چېكىپ ھەم.
مەي باغلىغان ئۈرۈكلەرنى يەرمەن ئىرغىتىپ،
يېگۈم كېلۇر تۈۋلىرىدە ئۈچكە چېقىپ ھەم.
گاسلىقنى رەزىللىك دەپ ئاگاھلاندۇرغان،
ئايدىلاردا شۇ يېزىمىز ماڭا جېكىپ ھەم.
ئايرىلمىدىم قىياسىمدا كەتمەندىن تېخى،
سېغىنىشنىڭ دەرياسىدا ھەر تۈن ئېقىپ ھەم.
ئۇنتۇماسقا مېنىڭدىكى شۇ سۆيگۈ سەۋەب،
كەلگەنلىرىم قولۇڭلاردىن نېمەت تېتىپ ھەم.
شەھەر قانچە ئۆز بولسىمۇ، ھەيۋەت بولسىمۇ،
كەلدىم ئاۋۋال سىلەر ئۈچۈن قوشاق قېتىپ ھەم.

*       *

بارغانلاردىن سوراپسىلەر مېنى، دوستلىرىم،
يانغانلاردىن سېغىنىشلىق سالام ئېيتىپ ھەم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

رىشتىمىزنىڭ داستانىنى باشلىسام مەنمۇ،
ئاسان ئەمەس تۈگەتمىكىم دەپتەر يېپىپ ھەم.

1989 - يىلى 12 - ئاي، غۇلجا



## يېڭى يىل تۈيغۇسى

يېڭى يىل، قەدىمىڭدىن قۇت تىلەيدۇ —
تىرىكلىك ئېتەك يېيىپ ھىممىتىڭگە.
ھارپاڭنى شۇ تۈنەكتە تۈنەپ چىقتۇق،
شېئىرلار ئوقۇپ سېنىڭ ھۆرمىتىڭگە.

تۈيغۇلار غالىب كەلدى ئۇيقۇلاردىن،
شەھەرلەر چىقتى ئۇيغاق تەنتەنەڭدە.
تويىمىز - بايرىمىمىز بولۇپ قالدىڭ،
بىز خۇددى يارالغاندەك ئەسلى سەندە.

سۆيگۈمىز ئۇلغىيدۇ سەل ئاققاندەك،
ھاياتقا سېنىڭ بىلەن يېڭىباشتىن.
سوراپ كۆر چىنپۇتمىسەڭ، بىر ھۇجرىغا —
يېڭىدىن چىراغ ياققان ئىككى ياشتىن.

كۆزلەيمىز كۈنلىرىڭدىن كۆڭۈللەرگە،
بىر كۈلكە شادلىقنى كەم دېگەندە.
كۆرۈشنى خالىمايمىز، خالىمايمىز،
بىرىمىز بىرىمىزنى ئەسلا غەمدە.

بىرىمىز تۆھپىكارمىز تۆرگە لايىق،
يۈرمەيمىز يۇرتتىن ئاياپ تەرىمىزنى.

دۇنياغا كېلىپ، ئەلگە نەپ بەرمىسەك،
تىرىكلىك ئىنسان دەيدۇ نەرىمىزنى.

مېۋىلەر بىزگە مەنسۇپ باغلاردىكى،
جاھاننى جاھان قىلغان ھەم بىز يەنە.
قايرىلىپ كەينىمىزگە، ئۆكۈنمەيمىز،
سەۋەبى، ئىزىمىزدا مىڭ ئىز يەنە.

بىخلارنى «ئەتە» دېدۇق گۈللەردىكى،
ئاتىدۇق ئىستىقبالنى گۆدەكلەرگە.
تۇيغۇلا ئۇيقۇلاردىن چىقتى غالىب،
جان بەردۇق ئۆزۈڭ بىزنىڭ تىلەكلەرگە.

بۇ يىل يوق ئارىمىزدا بولتۇرقىلار،
بىلمەيمىز، كىم يوق يەنە كېلەر يىلمۇ.
جەسەتسىز بارمايدىكەن ئالەم دېگەن،
ھازىسىز ئۆتمەيدىكەن بىرەر يىلمۇ.

ئەجدادلار قالار ئۇندا، كېلەر ئەۋلاد،
گۈل بولۇپ دەۋرلەرگە ياراشتۇق، دەپ.
ھەق تارىخ تۈكۈرەركەن ئاخىر، ئەمما،
دۆڭ ئاشسا داملىغاننى تاغ ئاشتۇق، دەپ.

يېڭى يىل، كىرىپ كەلدۇق ھۇزۇرۇڭغا،
ناخشا بار بىزدە ساڭا، سالامۇ بار.
بۇغداي بىز، كۆرگىن، ئەمما ئۆزۈڭ تاسقاپ،
ئېھتىمال ئارىمىزدا سامانمۇ بار.

1989 ـ يىلى 12 ـ ئاي، غۇلجا

## تۈمەنگە پارچىلىسام بىر ئۆزۈمنى

ئانا يەر مەندىن سۆيگۈ سورار ھەر كۈن،
ئەڭ ئاۋۋال كىمنى سۆيەي، ئۇنى سۆيمەي؟
شۇندىندۇر تەلمۈرگىنى ئاسمانىنىڭمۇ،
ئەڭ ئاۋۋال كىمگە كۆيەي، ئاڭا كۆيمەي؟

ئاستىدا كۆك گۈمبەزنىڭ تۈمەن كۆزلەر،
دەريادۇر تەشنالىقى مۇھەببەتكە.
ئەمدىلا بىرى بىلەن پىچىرلاشسام،
ئۇشقىرتار باغلار گەپنى قوشماي گەپكە.

ياق، دېسەم ئاڭا ئاسىي بولمامدىمەن،
جىمىدىن باغۇ بوستان گۈزەل تۇرسا؟
گۈللەرنى سۆيمەي قانداق يۈرەلەيمەن،
قەلبىمدە شۇلار بەرگەن غەزەل تۇرسا؟

ئويغانسام، دېرىزەمدىن باقار قۇياش،
— ھىجراندا، — دەيدۇ ئۇمۇ، — ئۆلەي، — دېدىم.
— سۆيەمسەن، سۆيمەمسەن؟ — دەپ قىلار سوراق
ھەر كەچكى شەپەقلەرمۇ، — بىلەي، — دېدىم.

قۇشلارنى سۆيۈپ چىقسام باھاردىكى،
خۇيلاندى ئۇلار قونغان دەرەخلەرمۇ.

چىللايدۇ ئۆز يېنىغا كېۋەز تۆگۈل،
ھەتتاكى ئاخشام چۈشكەن خەمەكلەرمۇ.

يىراقتا تاغلار تۇرار: قوچاقلا، دەپ،
بەلكىم ئۇ قۇچاقلىسام قويۇپ بەرمەس.
تەبىئەت، مەن ئۇنچىلا شاش ئەمەسمەن،
ياخشىلار سۆيەي دېسە تۇرۇپ بەرمەس.

سۆيگۈدە قەرزدارمەن ئادەملەرگە،
سۆي، دەيدۇ بوۋايلاردىن بوۋاققىچە.
جۇۋانلار ئىما قىلسا: كەل شائىر، دەپ،
نە ئېتەي، قىزىرىمەن قۇلاققىچە.

ئەگىيدۇ كېپىنەكلەر ئەتراپىمنى،
سۆيگۈدۇر مەندىن ئۇنىڭ تالاشقىنى.
تۆندىكى يۇلتۇزلارنىڭ بىكار ئەمەس،
تاڭغىچە ماڭا تويماي قاراشقىنى.

سۆيگۈگە يارالدىم، دەپ قىلدىم جاكار،
ئاز سۆزگە يىغىنچاقلاپ جىق سۆزۈمنى.
ئەرزىيدۇ شۇلار ئۈچۈن ھەر مىنۇتتا،
تۈمەنگە پارچىلىسام بىر ئۆزۈمنى!

1990 ـ يىلى 4 ـ ئاي، غۇلجا

# غەيۋەتچى

توقۇپسەن ئات قىلىپ مىنمەك ئۈچۈن غەيۋەتنى، غەيۋەتچى.
تۇتۇپسەن دوست جىمى ئىللەت ئارا مەينەتنى، غەيۋەتچى.
تۆمەنلەپ ياخشىلار ئىچرە ياماندىن بىر سېنى كۆردۈم،
يۈرۈپسەن قايدا بارساڭ ھەم ئېلىپ لەنەتنى، غەيۋەتچى.
ھارامغا چىقىرارمىشسەن كۆرەلمەس كۈنچى قەلبىڭدە،
بىراۋلار قولىدا كۆرسەڭ ھالال دۆلەتنى، غەيۋەتچى.
ھەسەت ھارۋاڭغا ئىچ ئاتكەن، قۇسۇرنى قامچا ئەيلەپسەن،
قوشۇپ ياندىققا ھەيدەپسەن يەنە تۆھمەتنى، غەيۋەتچى.
كىيىندىڭ تون تىكىپ لاپتىن، قىلىپ ماختاشنى يىپ - يىڭنە،
چىقار ئاغزىڭ خۇماردىن تېپىپ خىلۋەتنى، غەيۋەتچى.
«رەقىبىڭ» ئالدىدا، ئەمما شىپاڭلاپ قۇيرۇقۇڭ تىنماس،
سېنىڭدىن مەن كۆرۈپ ھەيران ئاشۇ «ھېكمەت» نى غەيۋەتچى.
قولۇڭدىن كەلسىچۇ ياكى ھۈنەر سەيپۇڭچىلىق كاشكى،
كېكەچلەپ، مىڭ قىلىپ يۈردۈڭ شۇڭا، بىر گەپنى، غەيۋەتچى.
خۇشامەت تەخسىسى، تەھقىق، سېنىڭدە ئۆزگىدە بولماس،
ئاپاردىڭ بارچە غەيۋەتنى تېپىپ مەزھەپنى، غەيۋەتچى.
شۇ كەسپىڭ ئاقىۋەت بىر كۈن سېنى جەزمەن قىلار رەسۋا،
سەرپ ئەتسەڭمۇ غەيۋەتكە جىمى پۈرسەتنى، غەيۋەتچى.

1990 - يىلى 5 - ئاي، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئۇنتۇلغان ئىزاھلار

بەرمەپتىمەن ئۇيلىسام ئىزاھ
ئىزلىرىمنىڭ ئىللەتلىرىدىن.
ئەسلەپ شۇڭا ئۇنتۇلغانلارنى،
باشلاپ قالدىم گەپنى نېرىدىن.

غالىب كەپتۇ ياشلىقتا مەندىن
ئۆمرۈمدىكى تالاي سەۋەنلىك.
ئۆزۈم تۇرۇپ، كۆرىمەن كىمدىن،
ياكى قىلاي كىمگە ئۆكتەملىك؟

باشقا ئالدىم باشلىغانلارنى،
شەكلەنمىدىم ساقنى كور، دېسە.
ئويلانمىدىم: ئورغاقتا تام سوق،
كەتمەن بىلەن ئورما ئور، دېسە.

بىرى دېسە: قەندە زەھەر بار،
يىغىپتىمەن يايغان ئېتەكنى.
نۇرغۇن يىللار كەپتۇ ياشلىقىم،
شۇلار بىلەن ماختاپ كېپەكنى.

بولسا بىرى قۇياشقا چىقماق،
جابدۇندۇم مەن ئۇلاردىن ئاۋۋال.

كۅيەمدۅق يا، كۅيدۅرەمدۅق، دەپ،
قويماپتىمەن ئەسلا بىر سوئال.

ئەل كۅتۅرسە چۇقانغا بىر قول،
مەن كۅتۅردۉم ئىككى قولۇمنى.
ئادالەتكە مىزان دەپتىمەن،
تەنتەكلىكتە ماڭغان يولۇمنى.

گۅدەكلىككە ئارتتىم بىرىنى،
ياشلىقتىنمۇ كۅردۉم تالاينى.
يۇرمەس ئىدىم شۇلار بولمىسا،
شۇ كەمگىچە قالاپ قوراينى.

قىلمىغىنىم قالماپتۇ يەنە،
ياشانغاندا ياش بولغۇم كېلىپ.
بېشىم گويا ئوت كەتكەن دالا،
يۇردۉم يەنە چاچ قويغۇم كېلىپ.

ئەمدى بىلدىم: يارىتىلغانىكەن،
ئەقىل قېنى تومۇرۇمدا كەم.
خېمىرىمدا خۇرۇچ كەم بولغاچ،
يېگۅدەك نان تونۇرۇمدا كەم.

ساۋاقلارنى ئىزاھ ئېتىمەن،
ساقلانغاي دەپ كەينىمدىكىلەر.
ئىچ ـ باغرىمدىن ئۅرۉدۉم ئەستەر،
قالمىغاي، دەپ قەلبىمدىكىلەر.

چۈنكى، بۇندىن بىز كەتكەن بىلەن،
يوللار، يەنە يولۇچىلار بار.
سەپىرىدە ئاگاھ قىلمىساڭ،
چاڭ بېشىدا قونغۇچىلار بار.

1990 ـ يىلى 5 ـ ئاي، غۇلجا



## بولسدى يېڭىباشتىن يارالغىلى

بولسدى يېڭىباشتىن يارالغىلى،
مەن شۇ ئان بۇلۇت بولۇپ يارىلاتتىم.
قالمايتتى كۆرمىگىنىم بۇ دۇنيادا،
ئالەمنى بىر - بىر كېزىپ ئارىلايتتىم.

ئەرزىمەس بولۇپ چىقتى ئۇ ئويۇممۇ،
بىر جاننىڭ پاراغىتى بولۇپ، بىراق.
ئۆز تۇۋى قاراڭغۇكەن نەدە يانسا،
يارىلاي دېسەم بولۇپ ياكى چىراق.

نان بولۇپ يارىلاتتىم، يارالسامۇ،
پۇل بولۇپ، ئەمما ھەرگىز يارالمايتتىم.
ئاقچىنىڭ ئاشنىسى كۆپ، بۇرادەرلەر،
بەربىر كۆڭلۈڭلارنى ئالالمايتتىم.

مەن ھەرگىز شائىر بولۇپ يارالمايتتىم،
كىرمەيتتىم شۇمبۇيىلىق قوغۇنلۇققا.
كۇنداشلىق ئۆيدە قانداق ھۇزۇر بولسۇن،
ياشاشقا بولمايدىكەن دەسسەپ چوغقا!

بىر پارچە يۇرۇچ بولۇپ يارىلاتتىم،
بولسدى يېڭىباشتىن يارالغىلى.

دېگەنتىم: تەييار مېنىڭ پۈتۈن جىسمىم،
كىمنىڭدۇر يىرتىقىغا يامالغىلى.

دەۋەتلەر يېغىپ كەتتى تۆت يېقىمدىن،
دېيىشىپ، بولۇپ تۆرەل چۈشىن، پاشا!
بېشى بول ياكى كەپسىز ئۆچكىلەرنىڭ،
ياپېپىشىل كۆچەتلەرنى غاجاپ ياشا!

شۇنداق كۈن، شۇنداق رەزىل ھاياتىمۇ،
ھۇزۇر بار، دېسە بىراق ئىشەنمەيمەن.
ياق، ئۇنداق گوداڭلارغا، دېدىم يەنە،
يۈز ئالتۇن بار، دېسەڭمۇ چۈشەلمەيمەن.

ياراتساڭ يېڭىباشتىن، خۇدا مېنى،
ئايلاندۇر قىزلار ماڭغان كوچىلارغا.
سۆيگۈگە قانماي كەتكەن ياشلىقىمغا،
ئۆزۈڭدىن ئۆزگە كىم بار ئېچىنارغا؟!

بار ئىدى ئانا بولۇپ يارالغۇممۇ،
ئويلىسام جاھاندىكى ئۇلۇغلۇقنى.
كۆز ياشىنىڭ دەرياسىكەن بىراق ئۇلار،
دېڭىزغا ئايلاندۇرغان قۇرۇقلۇقنى.

يەنە بىر ئاي بولاتتىم ئاسماندىكى،
بولسىدى يارالغىلى يېڭىباشتىن.
بارمۇ، يوق، بۇ غايەمدە ئەمما نۇقسان،
باقمىدىم سوراپ تېخى قېرى - ياشتىن.

يەردىمەن، ئەمما قانداق يارىلىمەن،
بىلمەيمەن قايسى بولۇپ يارىلىشنى.

بولغۇم يوق تاغدا بۆرە ئەسلا مېنىڭ،
قوي بولۇپ خالىمايمەن قاملىشنى.

ئايلىنىپ كېتەي دەيمەن ئېتىزغا گاھ،
ھەيدىلىپ ياخشىلارنىڭساپىنىدا.
— نە ھاجەت؟ — دېدىم، ياندىم ئۇ پىكىردىن، —
دەسسىلىپ يامانلارنىڭ تاپىنىدا.

تارىلاي دېگەن ئىدىم ياخشى بولۇپ،
نە ئېتەي، ياخشى بولماق قىيىن ئىكەن.
چېكەرگە مۇشەققىتى ئەڭ ئالدىدا،
كۆرەرگە ھالاۋىتى كېيىن ئىكەن.

تام بولۇپ يارالغۇممۇ كەلدى بەزەن،
تەپسىمۇ تەۋرىمەسكە بىر كىم كېلىپ.
ئويلىسام، كەتمەن يەنە پايلاقتىكەن،
ئۆلۈمنى كولاش ئۈچۈن بىر كۈن كېلىپ.

ئايلانسام قىياسىمدا دەرەخلەرگە،
بىلمىدىم، سايەمدە كىم ياتارىنى.
يارىلاي دېسەم بىرەر مىلتىق بولۇپ،
بىلمىدىم، كىمنى كىم ئاتارىنى.

يارىلاي، دېسەم ياكى كاككۇك بولۇپ،
زەينەپسىز جۇدالىقا كۆنەلمەيمەن.
ئوت بولۇپ تۆرىلەتتىم، بىراق يەنە،
جىمكى ئوچاقتا تەڭ كۆيەلمەيمەن.

كىم بىرسى سۆزلىرىمدىن كۆلۈپ كەتتى،
بەڭگىنىڭ خىيالىغۇ خىيالىڭ، دەپ.
تاپمىغان قۇسۇرۇڭ يوق بۇ ئالەمدىن،
قايتىدىن يارىلىمەن دەيسەن ئەجەپ؟

بارچىدىن قۇسۇر تاپتىم، راست ئېيتىدۇ،
گۈل ـ گىياھ، ئۇچار قۇش ۋە تاغۇ تاشتىن.
ئۆزۈمدە نۇقسان تۇرۇپ دۆۋە ـ دۆۋە،
تۆرىلىپ نېمە قىلاي يېڭىباشتىن؟

1990 ـ يىلى 7 ـ ئاي، غۇلجا





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## ئانا يەر قەسىدىسى

قۇياش چىقىپ ھەر سەھەر بىر سۆيگۈچە باغرىڭنى،
مىڭنى سۆيدى ئانا يەر، شائىر قەلبى ــ قەلىمى.
سىياقىڭنى سۈرەتلەپ بېرەلمىدىم، نە ئېتەي،
ئۆتتى جاندىن قەلەمدە ئاجىزلىقنىڭ ئەلىمى.

«ئانا» سۆزى ئۇلۇغلاپ كەلدى سېنى بارچىدىن،
ئايلاندۇرۇپ مۇقەددەس بىر دەستۇرغا نامىڭنى.
خەزىنە يوق ئىنسانغا سەندىن ئۆزگە ئەزەلدىن،
ئايىمىغان ھاتەمسەن قولۇڭدىكى بارىڭنى.

تۆرەلگەنىنىڭ رىزقىنى ئۆز ئىلكىڭدىن كۆرسەتتىڭ،
بۇغداي پىشقان داللار سائادىتى ھەر جاننىڭ.
داستانىڭنى تىڭشايمەن تاغلىرىڭدىن ھەر كۈنى،
ئەجرى ئۇچۇن خەلقىمگە ئالتۇن بەرگەن ھەركاننىڭ.

ئاق سۈتىگە ئوخشاتتۇق ئانىلارنىڭ بىز ئەمگەن،
بۇلاقلاردىن، ئانا يەر بىزگە بەرگەن سۈيۈڭنى.
دەريالاردىن ئاڭلايمىز، كېچىلەردە ئۇخلىماي،
«مېنىڭ باغرىم ئۇيغاق» دەپ بىزگە چالغان كۈيۈڭنى.

ماختالمايمىز سالدۇق دەپ ئاسمان - پەلەك بىنالار،
سەندىن ئالدۇق، سەۋەبى، ياشاش ئۇچۇن جىمىنى.

ئورمانلىرىڭ ئۇز سېنىڭ، توقايلىرىڭ توز گويا،
ئوتلاقلىرىڭ ھاياتقا ھەممىتىڭنىڭ دەللى.

ساڭا چۈشكەن ئۇرۇقلار بەختلىكتىن ـ بەختلىك،
راھىتىدە باغرىڭنىڭ ئايلىنىدۇ گىياھقا.
جىمى جانغا جاي بەردىڭ ۋۇجۇدۇڭدىن، قوينۇڭدىن،
ئۇۋا سالدى بۈركۈتلەر تاغلار ئارا قىياغا.

شىر باغلىغان قوزۇقنى قاققىنىمىز ئۆزۈڭگە،
ساڭا بولغان ئىشەنچتىن، بىلسەڭ، بەلگە ـ بېشارەت.
تەر تۆككەنگە تون يېپىپ ساخاۋەتلىك قولۇڭدا،
تۆكمىگەنلەر ھەم شۇندىن قوبۇل قىلدى ئىشارەت.

جاسارەتنى ئۆگەتتى داۋانلىرىڭ قاتمۇقات،
قورقماس بولدۇق، شۇڭلاشقا مۇشەققەتتىن ـ مۇشكۈلدىن.
كېچىلەرگە دۇچ كەلسە كېچىپ ئۆتتۇق دەريادىن،
دېمەك، ئۆزۈڭ ئۆتكۈزدۈڭ بىزنى ھەربىر ئۆتكەلدىن.

ھاياتلىقنىڭ ناخشىسى ئېيتىلغايمۇ سېنىڭسىز،
شۇ سۆزۈمگە قوشلارمۇ شاھىت سەندىن دانلىغان.
چەۋەندازغا ئۆزۈڭدە پەللە ـ مەنزىل دېگەنلەر،
بىز ئەمەسمىز سېنىڭسىز تۇلپارنى داڭلىغان.

باتۇرلارغا تاغلاردا ئۆڭكۈرلىرىڭ ئۆي بولدى،
پۈتكەن ئەمەس سېنىڭسىز ئاددىي كۆزلەك سوقساقمۇ.
كۆكتە قانچە ئۇچساقمۇ، ئۆزۈڭ چۈشەر جايىمىز،
بىر ئۆزۈڭگە تاياندۇق ئولتۇرساقمۇ، قوپساقمۇ.

گۈللەر چاچقان پۇراقمۇ سىنىڭ ھىدىڭ ئەسلىدە،
ئاق توقاچلار ئەيلەيدۇ رۇخسارىڭنى نامايان.
سەن بولمىساڭ، ئانا يەر، نەدە يازغا يېشىللىق،
نەدە بوپتۇ، ئېيتقىنا، سەنسىز دېھقان پاراۋان؟

ئاچلىق يەتسە تاشلاندۇق يەنە سىنىڭ باغرىڭغا،
ئالدۇق پەقەت ئۆزۈڭدىن مەيلى يىلتىز يېسەكمۇ.
يۈكسەك ئەمەس سىنىڭدىن تەبىرىدە ھاياتنىڭ،
بىز مېھنەتنى ھەرقانچە ياراتقۇچى، دېسەكمۇ.

بىزدىن ئۆتتى كۆپۈرلۈق، شۇنداقتىمۇ ئانار يەر،
بىر ۋادانى ماختىساق، بىر ۋادانى يامان، دەپ.
شۇمىكىنتاڭ: ئېگىز ـ پەس ئىنسانچىلىق، دېگەن گەپ،
ئويلىمدۇق: بارچە يەر بىزگە ئەزىز ھامان، دەپ.

نان ئىلغىغان «چېچەنلەر» قايدىن بىلگەي شۇلارنى،
سەھرالىرىڭ ئۇلارغا گويا قىزىل قىيامەت!
دەشتلىرىڭدە نە ھېكمەت، چۈشەنمەستىن نادانلار،
قىلىشىدۇ باغلارغا شۇڭا دائىم زىيارەت.

تەئەللۇقتۇر تەبىئەت تامام ساڭا، ئانا يەر،
كىم ئالمىدى، ئېيتقىنا، سەندىن رىزىق، ئىنئاملار؟
ئانا يەرگە ئاۋۋال، دەپ قەسىدىگە ئۇندەيدۇ
سەن سەۋەبلىك قەلبىمدە تاشقىنلىغان ئىلھاملار.

باللىقتا بىلمىدىم، ئەمدى بىلدىم: چۆللىرىڭ،
قىلار ئىكەن بىزدىكى مۇھەببەتنى ئىمتىھان.
سىنايدىكەن مەردلىكنى ئېدىرلىرىڭ، بوزلىرىڭ،
كىم سۆيىدۇ، سۆيمەيدۇ، گۇۋاھ ئىكەن بۇ جاھان.

كىچىكىمدە تالاي رەت سەندىن شىپا تاپقانتىم،
پىچاق كەسسە قولۇمنى، بىسىپ قويۇپ توپاڭدىن.
بايقىغانتىم ئۆزۈڭدە بىر خىسلەتنى ئانا يەر،
لەززەت قىلىپ ئاغزىمدا چوقۇپ يىسەم چوقاڭدىن.

ئانا يەگىلىغ سىنىڭمۇ كۆرگەنلىرىڭ ئاز ئەمەس،
قايناپ ئۆتتى قازىنى زامانلارنىڭ قانچىلاپ.
ئات تۇيىقى دۈپۈرلەپ تىنچىمىدى ئۈستۈڭدە،
تۆككەن تەردىن كۆپ بولدى ئاققان قانلار تامچىلاپ.

سەن كۆرمىگەن شامال يوق، بىز كۆرمىگەن قۇيۇن ھەم،
بورانلارغا ئۆزۈڭدەك بېرىپ كەلدۇق بەرداشلىق.
كائىناتتىن ئىزدىسەم، ساڭا تەڭداش ئانا يەر،
ھېچقاچان ۋە ھېچنەرسە قىلالماسكەن قۇرداشلىق.

خىسلەت تولا بىپايان قۇچىقىڭدا كۈيلىسەم،
بىر قىسسىدە پۈتەمدۇ مۆجىزىلەر سەندىكى؟
شائىرلىقنى سەندىكى ئۈنۈۋان دەيمەن ئەزىزلەپ،
سۆزلەپ تۇرار سۆيگۈڭنى قەغەز، قەلەم مەندىكى.

1990 ـ يىلى 11 ـ ئاي، غۇلجا

# سەنمۇ كىتاب قالدۇردۇڭ
# قەلىمدە مەردلىكنىڭ

يەككە تىجارەتچى مەمتىمىن قارىهاجى شەھەرنىڭ يول قورۇ-لۇشى ۋە ئۆز يۇرتى قەشقەر كونىشەھەر مائارىپى ئۈچۈن 100 مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى.

— تېلېۋىزىيە خەۋىرى

ئاڭلىغانتۇق، ۋە لېكىن، بۈگۈن ئۆزۈڭ بىلدۈردۈڭ
پۇل تاپماقنىڭ لەززىتى سېخىيلىقتا دېگەننى.
ئۇلۇغ، دەپسەن بارچىدىن دۇنياسىدا ئەمگەكنىڭ،
تاپقان نانىنى كۆپ بىلەن تەڭ تالىشىپ يېگەننى.

ئېيتمىغانلار يوق بۈگۈن ھىممىتىڭگە ھەشقاللا،
مەنمۇ ئېيتتىم نەزمەمدە ساڭا چەكسىز رەھمەتنى.
گەپلىرىڭگە قايىلمەن: دەپسەن كۆپكە كۆرسەتمەي،
يىغقان ئۇنداق دۇنيادىن، يىغقان ياخشى ئەخلەتنى.

ئوخشاپ كەتتى ئالقىنىڭ ئالقىنىغا ھاتەمنىڭ،
قەلىمدە مەردلىكنىڭ سەنمۇ كىتاب قالدۇردۇڭ.
پۇل تاپقاندا ياخشى نام تاپماق ئاسان ئىش ئەمەس،
شۇنى بىلگەچ، يۇرتۇڭغا سەن ساخاۋەت ياغدۇردۇڭ.

باسقان ئىزى گۈل دېگەن بىر سۆز ساڭا خاس ئىكەن،
بايلىقىڭدىن، مۈلكۈڭدىن ئېشىپ كەتتى شەرىپىڭ.
كۆڭلۈڭ بولدۇڭ تومۇزدا، زىمىستاندا ئوت گويا،
مېنى شېئىر يازدۇرغان سېنىڭ داڭقىڭ، تەرىپىڭ.

كېرىپ يۈردى كۆڭلۈمنىڭ كۆزى ئەلنى ئارىلاپ،
خەۋەر ئالدىڭ: قەيەردە، كىمگە قانداق كۈن چۈشتى؟
قەشقەرغىمۇ يۇر كەتتى سېنىڭ داڭقىڭ، تەرىپىڭ،
ھىممىتىڭنىڭ بېغىدىن ئانا يۇرتۇڭ گۈل قىستى.

ئۇنتۇمىدىڭ دۆلەتنى، بېيىغاندا بىر ئۆزۈڭ،
ئۇنتۇمىدىڭ قازاننى ئاچ چېغىڭدا ئاش بەرگەن.
ئۇنتۇمىدىڭ، ئاپىرىن، سېڭىلىڭ ئاشقا تولغاندا،
كۆڭلىرىڭنى مۈكچىيىپ ئېگىزلاردا باش تەرگەن.

ئۇلغايتىدۇ ساۋابنى تەشەككۈرى خەلقىڭنىڭ،
غايىبانە كۆتۈردى سېنى ئۇلار بېشىدا.
جىق كۆرگەنمىز: بىر نېنى ئىككى بولسا، بەزىلەر،
يۈرگىنىنى كۆرۈنمەي كەمبەغەلنىڭ قېشىدا.

ئارىمىزدا ھېلىمۇ بېخىللىقا بېرىلىپ،
بىر تىيىننى تالىشىپ قان بولغانلار يوق دەمسەن؟
دۇنيا دېگەن ئېگىز - پەس، پۇل تاپقاننىڭ ھەممىسى،
ساڭا ئوخشاش تاپقانچە كۆكسى - قارنى توق دەمسەن؟

قولنىڭ كىرى پۇل، دەيدۇ تەبىر بېرىپ كونىلار،
لېكىن ئۇنىڭ بىر ئۇچى، مەن بىلمەن، يۈرەكتە.
شۇنداقتىمۇ، ئۈچ تارتتى ئەلگە بەرگەن ھىممىتىڭ،
قوغۇن بولۇپ ھەسەلدەك، ئۆزۈڭ تارتقان چۈنەكتە.

مەتىمنىلەر ئاز ئەمەس، دۇكان ئاچقان، پۇل تاپقان،
لېكىن سەندەك مەردلىككە يول تۇتقانلار كەم تېخى.
مەردلىك بىلەن شۇلارنىڭ ئارىسىدا، نېچۇندۇر،
ئاز بولسىمۇ ئۆزرۇلمەي تۇرار يەنە تام تېخى.

ئويلاندۇردى شۇلارنى سېنىڭ ئۇلگەڭ، ئىش ئىزىڭ،
شۇلار ئۇچۇن ئېھتىمال ئىشنىڭ يولى تېپىلدى.
ناخشىسىغا ئۇلارمۇ سېخىيلىقنىڭ سەن ئېيتقان،
قۇلاق تۇتۇپ ۋارقىراپ، يېڭىباشتىن قېتىلدى.

شۇنىڭغىمۇ سەگەك بول، بۇلۇڭلاردا بەزىلەر
كۇلۇشمەكتە ئۆزىچە سېنى نادان، ئەخمەق، دەپ.
كۆرۈنگەنگە پىچىرلاپ سۆزلەپ يۈرەر: توغرا ئىش،
ئۆزى ئۇچۇن ھەر كىشى ئۆزى چىراغ ياقماق، دەپ.

نېمە دېسە دەۋەرسۇن، ئۇلارنىڭمۇ ئۆز ئاغزى،
ماختىغانلار مىڭ سېنى ھەر دوقمۇشتا، سورۇندا.
مۇنبەرلىرى ھۆرمەتنىڭ سەنسىز تولۇق ئەمەستۇر،
سېنىڭ جايىڭ، بىلىپ قوي، ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا!

1990 ـ يىلى 11 ـ ئاي، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئوغلۇمغا

تۇغۇلدۇڭ تەكتى جەننەتتە، يېنىڭدا ھۆرلىرىڭ بولسۇن،
قولۇڭدا تەمبۇرۇڭ ئۈنلەپ، بېغىڭدا بۇلبۇلۇڭ بولسۇن.
ھەسەل رىزقىڭ ئۈچۈن دەريا بولۇپ ئاققاندىمۇ، ئوغلۇم،
قانائەت قوۋمىدىن ھەركىم سېنىڭ ئۇستاز ـ پىرىڭ بولسۇن.
تەمە كۆزىدە تەمشەلمە ئېگىز تاغلارغا قونماققا،
تۇغۇلغان تۇپرىقىڭ ئۈستى قارا تاش مۇنبىرىڭ بولسۇن.
ئۇچار بولساڭ ئېگىز كۆكتە دىلىم ئەندىشىدە دائىم،
تۈمەن پەرۋازدا بولساڭمۇ، ئانا يەر مەنزىلىڭ بولسۇن.
ئاناڭ تەزكىرىسى بەختىڭ ئۈچۈن پاكلىقنى سۆزلەيدۇ،
ۋاپا بوستانلىرى ئىچرە قارا قاش دىلبىرىڭ بولسۇن.
كىشى كۆڭلىنى ئەزىز ئەتسەڭ، ئەزىز سەن ئىككى دۇنيالىق،
دىلىڭدا نۇرلىرى تاڭنىڭ، تىلىڭدا كەۋسىرىڭ بولسۇن.
جاھاندا بىز ئۈچۈن بىلسەڭ، نادانلىقتەك جاھالەت يوق،
ئۆيۈڭدە دەستە دەستۇرلار، قولۇڭدا دەپتىرىڭ بولسۇن.
رەزىللەر قەلبىدە قۇتراپ يۈرەر بۆرە بىلەن تۈلكە،
شۇلار چاڭقاپ ياتارغا دەشت، ئۆلەرگە چۆللىرىڭ بولسۇن.
ھالاللىق يولىدا ئۆلسەڭ، كامالەتتۇر شېھىدلىكتە،
داداڭ كۆزىدە بۇ مەڭگۈ سېنىڭ يۈكسەلگىنىڭ بولسۇن.
بىراۋلار تېغىدا سەيياھ بولۇپ چاشقانچە يۈرگەندىن،
پېشانەڭ يامغۇرى تامغان ئۆزۈڭنىڭ بىر قىرى بولسۇن.

يامانلار قەستىدىن خالىي، دېسەم دۇنيانى خوپ بولماس،
قېنىڭدا ياخشىلار ئەقلى، يېنىڭدا خەنجىرىڭ بولسۇن.
قىلار تۆھپەڭ جامالىڭنى گويا ئاق نان كەبى نۇرلۇق،
پەزىلەت شۇندىمۇ ئاخىر جاھانغا بەرگىنىڭ بولسۇن.

1990 ـ يىلى 12 ـ ئاي، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئاق پەسىل ئىلھاملىرى

### تۇنجى قار

قىش قانىتى ئاستىدا دالا،
ۋادىمىزغا قار پەسلى مېھمان.
يايراپتۇ دەپ دان بەرگەن زېمىن،
تۇنجى قارغا زوقلىنار دېھقان.

بىر گۈزەلنىڭ شايى رومالىدەك،
قۇچىقىدا ئۇخلايدۇ تاغلار.
ئاق پۈركەنجە جاڭگال بېشىدا،
مەي ئىچكەندەك مەست ياتار باغلار.

سەھەر تۇرۇپ چىقتىم تالاغا،
نەگە باقسام يېڭىچە بىر ھال.
ئايلىنىمەن ئاق پەسىل، سەندىن،
تەبىئەتكە بېرىپسەن ۋىسال!

### دېرىزەم

تارتۇۋاپسەن قىشتىن بىر سۈرەت،
جامالىڭغا باقسام، دېرىزەم.

بىراۋ ساڭا گۈل چەكتىمۇ يا،
ئاستا كېلىپ ئاخشام، دېرىزەم؟
ئۆتتى باغدەك سەندە باھار، ياز،
گۈل تەشتىكى تەكچەڭدىن چۈشمەي.
قانداق ئۆستى ئەينەكلىرىڭدە،
ئاۋۇ گۈللەر مەندىن سۇ ئىچمەي؟

ئوخشاش ئىكەن سەن ئۈچۈن قىش، ياز،
ھۆسنۈڭدە گۈل، تەكچەڭدىمۇ گۈل.
پۈرىغاندەك بولدى گۈللەرنىڭ،
قار پەسلىدە سەندىن بۇ كۆڭۈل.

## قارلىق

ئەنئەنىمىز يوقمۇ يادىڭدا،
قار يېغىپتۇ، قارلىقىڭ قېنى؟
يانچۇقىدا قارلىق بارمۇ، دەپ،
ئىشىكىمدە ساقلايمەن سېنى.

سەن چاققانمۇ، ياكى مەن سەگەك،
ئۇتقىنىڭ شۇ — تاشلاپ قاچقىنىڭ.
شۇ ئەمەسمۇ كۈمۈش پەسلىگە،
قارلىق تاشلاپ، ئىشىك ئاچقىنىڭ؟

قارغا تەبرىك ئىكەن، قايىلمەن،
قارلىقىڭغا يېزىلغانلىرى.
— قاردىن ئاۋۋال بىز ئىدۇق، — دەپسەن، —
ئانا يەرنىڭ مېھرىبانلىرى.

چۈشىنىمىز شۇڭا، ئاق قارنى،
ئاسمان ئاڭا ھەممەت چاچتى! دەپ.
باش قۇرىغا يازدۇق قارلىقنىڭ،
«بىزنىڭ سۆيگۈ چېچەك ئاچتى!» دەپ.

شۇ مۇھەببەت ئەنئەنە بىزگە،
تۆرەلگەن ھەم قارلىق شۇنىڭدىن.
قار ياغقاندا قارلىق تاشلىماق،
ئادەت بىزگە شۇڭا بۇرۇندىن.

## پەسىللەردە يەنە يېغىلىق

ئاياغلىرىڭ غاجىلداپ قاپتۇ،
قاچان سالدىڭ، دوستۇم «غاچ - غاچ!» نى.
قانداقلارچە ياقتۇرۇپ قالدىڭ،
ئەي ئورمانلار، بۈگۈن ئاق چاچنى؟

قىزىل ئالما بولۇپ قاپتىغۇ،
ئىككى مەڭزىڭ، گۈلۈم سىنىڭمۇ؟
گۇمان قىلسام بويىۋاپتۇ، دەپ،
مەڭزىمدە بار شۇ رەڭ مېنىڭمۇ.

ھور ئۆرلەيدۇ ئاغزىمدىن ئەجەب،
قاپتىمەنغۇ قازانغا ئوخشاپ.
ئاپپاق قىروۋ ئاتلار ئۈستىدە،
بۇنى كىمدىن سورايمەن توختاپ.

كارۋانلارغا قاپتۇ قېتىلىپ،
يازدا غايىب بولغان چانىلار.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەريا تامان يول ئالدى ئەنە،
كانكى باغلاپ يەنە باللار.

قىشتىن جاۋاب ئالدىم شۇلارغا،
پەسىللەردە بوپتۇ يېڭىلىق.
هامىلداركەن تۇمەن شېئىرغا،
بۇ پەسىلدە هەردەم، هەر تىنىق.

1991 ـ يىلى 1 ـ ئاي، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## يىللاردىن ئۆكۈنگىنىم ئىللەت ماڭا

يىللاردىن قاپتۇ ماڭا يادنامىلەر،
جىسمىمدىن يىگىتلىكنىڭ كۆركى كېتىپ.
نەدىدۇر ئۇنتۇلغاندەك بىر خىلۋەتتە،
ئىزدەيمەن ياشلىقىمنى ئويغا پېتىپ.

بىر چۈشكە ئايلىنىپتۇ بالىلىقىم،
ئۆمرۈمنىڭ كۈندۈزىدە گۈگۈم ئەمدى.
بوپتىكەن قارىمىسام ئەينەككىمۇ،
قارىدىم، شۇئان: بۇكىم؟ دېگۈم كەلدى.

چېكەمدە خۇددى چالا سۈپۈرۈلگەن،
ئاق قارلار قايسى كېچە يېغىپ ئۆتكەن؟
بىلمىدىم، قەددىمدىكى قۇۋۋەت قېنى،
مەڭزىمدىن كىملەر نېمە سىغىپ ئۆتكەن؟

شالاڭلاپ قاپتۇ قاتار چىشلىرىممۇ،
قورۇقلار ئىرىق ئاپتۇ پېشانەمدىن.
ئۆچەي دەپ قالغان چىراغ كۆزلىرىممۇ،
ئەمەستۇر بۇلار ھەرگىز دەرد ـ ئەلەمدىن.

ھۆسنۈمگە تاشلاپ، دېمەك، يادنامىلەر،
ئەپقاچقان يىللار ئىكەن ياشلىقىمنى.

نەۋرىلىك قىلىپ قويدى يىللار ئاخىر،
مېنى ھەم مېنىڭ سۇمبۇل چاللىقىمنى.

يىللارنىڭ يادنامىسى سانسىز ئىكەن،
بار ئىكەن، يامان دېسەم، ياخشىسىمۇ.
ئىنسانىنىڭ ھەسرىتىگە ياندىشى يەنە،
جاراڭلاپ كېلىدىكەن ناخشىسىمۇ.

قوزغاركەن ئەل قەلبىدە ئالقىش - چاۋاك،
تەر تۆكۈپ تۆت تال بۇغداي تەرگىنىڭمۇ.
تارىختا تۆھپە ئىكەن تۇندە قوپۇپ،
ئاناڭغا بىر يۇتۇم سۇ بەرگىنىڭمۇ.

ئارقاڭدا پەرزەنتلىرىڭ چۇرۇقلايدۇ،
شۇ ئىكەن ئىزلىرىڭدا مىڭ گۈل دېگەن.
بىر ناخشا ئېيتىپ قويساڭ، خەلقىڭ تېخى،
دەيدىكەن: شۇ ئەمەسمۇ بۇلبۇل دېگەن!

شائىر، دەپ يىللار مېنى تونۇشتۇردى،
ۋەتەن دەپ شېئىر - قوشاق يازغىنىمغا.
ئارقامدا تۈمەن كۆچەت چالار چاۋاك،
ئۆمرۈمدە بىرەر ئورەك قازغىنىمغا.

ئۇنتۇلماس ئەجرىم مېنىڭ نۇرغۇن ئىكەن،
ھەق ئىكەن پەخىرلەنسەم شۇلار بىلەن.
ئەمگىكىڭ كەتمەيدىكەن ئېقىپ بىللە،
ئەتىياز ئاققان ئەگىز سۇلار بىلەن.

يىللارنىڭ قۇچىقىدا بوپتۇ شۇلار،
يىللاردىن قاپتۇ ئۇلۇغ بىر ئىز بولۇپ.
ئەرزىمەس دېگەنلىرىم ئەل تەكتىگە،
يىلسىرى تارقىلىپتۇ يىلتىز بولۇپ.

پەخىرلىك تۇيغۇلاردا قاقتىم قانات،
يىللاردىن ئۆكۈنگىنىم ئىللەت ماڭا.
ئەجىرسىز ياشىغىنىم تامام نۇقسان،
تەر ئەجرىم ئۆمۈردىنمۇ قىممەت ماڭا.

1991 ـ يىلى 2 ـ ئاي، غۇلجا



## «مەن ـ مەن» لىك تالاشساڭ...

كۆك ئاسمان تېگىدە كۈرمىڭ مالامەت،
ئوت چاچار ھەر جايدا «مەن» نىڭ غەلۋىسى.
ھايۋاننى ئەيىبلەپ كەپتىمىز بىكار،
شۇ ئىكەن ئالەمنىڭ ئەسلىي تەلۋىسى.

جاھانغا پەزىلەت پىششۋا، دەيمىز،
ۋە لېكىن «مەن» نىڭمۇ سورۇنى تولا.
كۆڭلۈڭنى ھەرقانچە تىنىچ تۇتساڭمۇ،
«مەن» يەنە ئارىلاپ سالار غۇلغۇلا.

شۇ بىلسەڭ، كىبىرگە ئات، ئېگەر بەرگەن،
ئاختۇرساڭ، تاۋكانىڭ بېشىدا شۇ بار.
شۇ يەنە قاتىلغا تۇتقۇزغان پىچاق،
خىيانەت ئەھلىنىڭ قېشىدا شۇ بار.

تالاينى ئازدۇردى يولىدىن شۇ «مەن»،
شۇ سەۋەب كەينىدە لەنەت ـ شىكايەت.
ئۆزگىلەر ئەجرىدىن ئەسلا گەپ ئاچماي،
كېلىدۇ ئۆزىدىن ئوقۇپ ھېكايەت.

تاغلارچە رەقىبنى يەڭگەن يىگىتلەر،
ھەرقاچان بەل تۇتماي يىقىلدى «مەن» دىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ كويىدا يۈرگەنلەر دائىم،
ئۆزى نەپ ئالدى ـ يۇ، ئايرىلدى ئەلدىن.

قول سېلىپ ھەر سەھەر قەلبىمگە، شۇڭا،
شۇ «مەن» نى ئاختۇرۇپ كۆرۈمەن مەنمۇ.
مەن تۈزگەن مىسرالار ھالاك سەن ھەر كۈن،
«مەن ـ مەن» لىك تالاشساڭ ئەللەردىن سەنمۇ.

1991 ـ يىلى 2 ـ ئاي، غۇلجا



# ئانا تاغلار

ئۈستۈڭدىن ئۇچۇپ ئۆتتۈم، كۆردۈڭمىكىن،
تۇرنىلار ئارىسىدا مەن بار، تاغلار.
قېنى، دەپ سوراپ يۈرمە كىملەردىندۇر،
ھەر كۆزنىڭ قارىسىدا مەن بار، تاغلار.

شامالنىڭ لېۋى ئەمەس، مېنىڭ لېۋىم،
باغرىڭنى باغ ـ باغ ئېتىپ سۆيۈپ ئۆتكەن.
ياق، يالغۇز قۇياش ئەمەس، مەن بار يەنە،
چوققاڭدىن ئىشقىڭ بىلەن كۆيۈپ ئۆتكەن.

دېگەنتى ئانام سېنى «ئانا تاغلار»،
كۆرسىتىپ دېرىزىدىن سەبىي چېغىم.
ئانامنىڭ ئاغزى خىزىر ئاغزى تۇرسا،
مەن سېنى دېمەي نېچۈن: ئانا تېغىم!

رەھمەتلىك ئانام كەتتى، قالدىڭ ئەمما،
ئەللىككە كەلگىنىمچە ئەللەي ئېتىپ.
ئانام بار، دەپ يۈرىمەن، ئانا تاغلار،
قەدرىڭگە ئۆزۈم يېتىپ، ئانام كېتىپ.

بار ئىدى بىر باغرىڭغا قەبرىلىگۈم،
ئۆزۈڭنى «ئانا» دېگەن ئانامنىمۇ.

www.uyghurkitap.com

تەڭ ئىلىك ئالار ئىدى ئىككى ئۇلۇغ،
دەيتتىم مەن ئوغلى بەرگەن سالامنىمۇ.

يادىمغا يەتسە ئانام، ساڭا باقتىم،
نېچۇندۇر يىغا تۇتتى، بىراق مېنى.
ئۆرتىدى يېڭىباشتىن سېغىنغاندا،
ئانامدىن سەندە قالغان پۇراق مېنى.

ئېگىزنى ئۇلۇغ دېسە، ئۇلۇغ ئۆزۈڭ،
ئەرشنىڭ قۇچىقىدا ئەزىز بېشىڭ.
نۇر چاچقان ئاي، يۇلتۇزلار تونىدە ساڭا،
يۇرىكى كۆيۈپ تۇرغان قېرىندىشىڭ.

سېخىينى ئۇلۇغ دېسە، ئۇلۇغ ئۆزۈڭ،
ئالتۇن بار ئېتىكىڭدە، مەرۋايىت بار.
ياق، دېسەڭ ياراشمايدۇ، ئانا تاغلار،
چۆرەڭدە شۇ سۆزۈمگە مىڭ شاھىت بار.

باھارنى كۆرگۈچىلەر ساڭا باقسۇن،
ئالدىڭدا دالا نېمە، ئېتىز نېمە؟
ئالدىدا بىر گۈلۈڭنىڭ پورەكلىگەن،
شائىرلار ماختاپ يازغان مىڭ قىز نېمە؟

قۇياشقا مەڭزىڭ يېقىن، ئانا تاغلار،
قۇياشتىن قېلىشمايدۇ ھارارىتىڭ.
قارىغايلار بويلىرىدىن كەتمەيدۇ ياز،
باھارغا تولۇپ ياتار ئىككى بېتىڭ.

شەپەقلەر غايىب بولار سېنى سۆيۈپ،
شەپەقلەر مۇرادىغا يېتەر سەندە.

ئۇخلايدۇ زېمىن، ئەمما ئۆزۈك ئويغاق،
كۆزەتتە تۇنلەر ئويغاق ئۆتەر سەندە.

سايەڭنى بىر باتۇرنىڭ سايىغا چۈشكەن،
سايىسى دېسەم، تەھقىق، قىلار ئازلىق.
چاقماقلار چاقسا سەندە قىلدى دەيمەن،
چوققاڭنى تەسۋىرىمدە قىلچۋازلىق.

سېنىڭدىن بىلگەنلىرىم نۇرغۇن مېنىڭ،
بولمايدۇ ئۇنى ساناپ تۈگەتكىلى!
سەن تۇرساڭ پەزىلەتنىڭ چىن ئۇستازى،
مەن يەنە كىمنى چىللاي ئۆگەتكىلى؟

مىنگەشكەن بۆۋەك[1] ئىدىم مەنمەنلىككە،
قول ئۇزدۇم شۇ ئىللەتتىن ساڭا بېقىپ.
مىننەتنى تاشلىۋەتتىم كۆك قەرىگە،
كىبىر[2]دە ئۇچماس بولدۇم قانات قېقىپ.

يىراقسەن تۆھپەڭ تۇرۇپ تەمەننادىن،
تاشلىدىم سېنى كۆرۈپ غادىيىشنى.
يېتىلدىم خۇيسىز يىگىت بولۇپ ئاخىر،
تاشلىدىم خام خىيالدىن تاج كىيىشنى.

قۇچاقلاي دېسەم سېنى ئانا تاغلار،
يەتمەيدۇ قۇچاقلىرىم قۇچاقلاشقا.
ياشايمەن سەجدە قىلىپ كۈندە مىڭ رەت،
شۇ سەۋەب سېنىڭدىكى ھەربىر تاشقا.

1991 ـ يىلى 2 ـ ئاي، غۇلجا

---

① بۆۋەك ـــ نادان، گۆدەك، مەسۇم مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ.
② كىبىر ـــ ئۆزىنى چوڭ تۇتماق، چوڭچىلىق قىلماق، ئۆزىگە تەمەننا قويماق مەنىلىرىگە ئىگە.

## سېغىنىپ

كەلدى نورۇز، كەلدى قۇشلار، كەلدى بىزنى سېغىنىپ،
بىز كەبى ئەھدە ئۇلۇغ، ئەجرى ئەزىزنى سېغىنىپ.
ھەر كۆچەت قەددىدە قۇت، ھەر ھويلا گويا شاد ھەرەم،
كەلدى دېھقانمۇ يەنە مۇنبەت ئېتىزنى سېغىنىپ.
كەلگۈدەك كۆكلەم پەرىسى، بارچە دوست، ئاگاھ بولۇڭ،
كەلگۈدەك، كەلگەندىمۇ مەردانىمىزنى سېغىنىپ.
تۆھپىكارلار، سىزگە مەنسۇپ بۇ يۈرەك تەبرىكلىرى،
بۇ ئىجاد مەيدانلىرى چىللايدۇ سىزنى سېغىنىپ.
بىخ سۈرەر سىرنى باھاردا بارچە گۈلدىن ئالدىراش،
دۆڭدە كاككۇك گۈللىرى خۇشتارى قىزنى سېغىنىپ.
قىز ـ جۇۋان قىلدى تەرەددۇت بىدە كۆك تەرمەك ئۈچۈن،
بالىلار نورۇز دېسەك، تاتلىق سېغىزنى سېغىنىپ.
كۆز تۇتۇپ بۇلبۇل يولىغا تەلمۈرەر باغلار تۈگەل،
تاڭدا شۇ ئاۋازى خۇش، ئالتۇن ئېغىزنى سېغىنىپ.
مەنمۇ قۇتلايمەن نورۇزنى شۇ باھار ئىشقى بىلەن،
ھەر قەدەمدىن قالغۇسى ھەر يېڭى ئىزنى سېغىنىپ.

1991 ـ يىلى 3 ـ ئاي، غۇلجا

## كەلدى

باھار كەلدى — يېشىللىق كەلدى،
يېشىللىقتىن ئىسسىللىق كەلدى.
يېشىل قورغان بولدى ئېتىزلار،
ئەتراپلىرى سىپىللىق كەلدى.

باھار پەسلى — كۆچەتنىڭ پەسلى،
تويغا تويلار چېتىقلىق كەلدى.
كوچىلاردىن تامام چىمەنزار،
خۇش پۇراقلار چېچىقلىق كەلدى.

ئاشىق قۇشلار كەينى - كەينىدىن،
قوشاقلىرى قېتىقلىق كەلدى.
مەنزىلىمىز يېشىل ئورمان دەپ،
قاناتلىرى قېقىقلىق كەلدى.

بالدۇر چىقىپ يەنە باغۋەنلەر،
بارچىمىزدىن ئەقىللىق كەلدى.
يېشىل جىرىم قۇچاقلىرىدا،
گەپ - سۆزلىرى يېقىملىق كەلدى.

ئىشچانلارغا ئالەمچە رىغبەت،
ھۇرۇنلارغا خىجىللىق كەلدى.

هەر كۆچەتكە بارچىمىز شەيدا،
بىزگە ئىناق ـ ئىجىللىق كەلدى.

1991 ـ يىلى 3 ـ ئاي، غۇلجا



## ئالەم ئالتۇن چايقايدۇ

ئالەم ئالتۇن چايقايدۇ دەرياسىدىن ھاياتىنىڭ،
ئايرىغاندەك چەش ئېتىپ بۇغداي بىلەن سامانىنى.
يامانلاردىن دۇنياغا تارقىلاركەن ئىس ـ تۈتەك،
كەلمەكتىكەن ياخشىلار نۇرلاندۇرۇپ زامانىنى.

ئالەم ئالتۇن چايقايدۇ دەرياسىدىن ھاياتىنىڭ،
ئېقىپ كەتتى تالاي قۇم، ئالتۇن قالدى ئەكسىچە.
ئالتۇن يىغقان ئادەملەر كەتتى، شۇئان ئۇنتۇلدى،
نېمە تاپتى، بىلمىدى بۇ دۇنيادىن كەتكىچە.

ئالەم ئالتۇن چايقايدۇ دەرياسىدىن ھاياتىنىڭ،
ئەمما مىسمۇ، قەلەيمۇ ئالتۇن مەن، دەپ ئاۋارە.
چاندى، بىراق بەرگەنلەر ئۆزلىرىگە ئالتۇن ھەل،
ۋەيران بولدى بولبۇلنى قۇزغۇن دېگەن ئىبارە.

ئالەم ئالتۇن چايقايدۇ دەرياسىدىن ھاياتىنىڭ،
ئالتۇن قەلب ئادەملەر جاكارلاندى ئالتۇن، دەپ.
شاھىت بولدى شۇلارغا ۋەتەن، تارىخ، تىرىكلىك،
يېزىپ قويدى: ئەۋلادلار ئۇنىڭدىن دەرس ئالسۇن، دەپ.

ئالەم ئالتۇن چايقايدۇ دەرياسىدىن ھاياتىنىڭ،
ئالتۇن، دېدى ئەڭ ئاۋۋال سۇزۇۋالدى ۋىجدانىنى.

ئالتۇن ئىكەن، مسالى، ئۆزى ئاچ ـ توق يۇرسمۇ،
ئۆز خەلقگە سۇنغانلار قولىدكى بىر نانىنى.

ئالەم ئالتۇن چايقايدۇ دەرياسىدىن هاياتنىڭ،
قەدىرلەندى قۇربانلار قەبرىلەنگەن تۇپراقلار.
ئەزىز ئىكەن ئىنسانغا دان بەرمگەن چۆللەردىن،
ئەزىز باشقا تومۇزدا سايە سالغان ياپراقلار.

ئالەم ئالتۇن چايقايدۇ دەرياسىدىن هاياتنىڭ،
ئالتۇن ئىكەن تۆككەن تەر، قوشقان تۆهپە ئەسلىدە.
قۇچقىدا ساقلاركەن ئالەم ئۇنى تا مەڭگۇ،
ئالتۇن ئىكەن ياخشىلار ئەسلي ئىنسان نەسلىدە.

ئالەم ئالتۇن چايقايدۇ دەرياسىدىن هاياتنىڭ،
ئۆرگۈلمەن خەلقمدىن: «ئالتۇن بەرگەن دەريا» دەپ.
بىلەر ئىكەن شۇ دەريا كىملەر گۆهەر، كىملەر تاش،
بىكار ئىكەن ئۇنىڭسىز تاشنى ئالتۇن، دېگەن گەپ!

1991 ـ يىلى 3 ـ ئاي، غۇلجا

## بىر كېلىمىز دۇنياغا

بىر كېلىمىز دۇنياغا، كۈندە سۆيۈن، كۈندە سۆي،
قىيامەتلىك جۈپلەر بىز، كۈندە كۆيۈن، كۈندە كۆي.
ئازار يىگەن كۆڭۈلدە كۆكلىمەيدۇ مۇھەببەت،
ئۆرە بولغان ئەمەستۇر ئەلمىساقتىن كۈلدە ئۆي.

ئاسايىشلىق سۆيگۈنى كۆتۈرىدۇ ئەرشكە،
كۆتۈرەمدۇ كۆڭۈلنىڭ تارازىسى ئۆزگىنى؟
ۋاپا قونغان ھۇجرىدا شائىرانە ھايات بار،
شۇ ئەمەسمۇ ھاياتنىڭ كۈندە قوشاق تۈزگىنى؟

قەدىردانلىق ئىنسانغا قىممەت خىسلەت قەدىمدىن،
ماڭلىيىڭغا ھەر كۈنى مىڭنى سۆيسەم ئاز شۇڭا.
بىر كېلىمىز دۇنياغا، قىشنى سۆيگۈ كۆتۈرمەس،
لازىم، گۈلۈم، تائەببەت ئارىمىزغا ياز، شۇڭا.

سىنى گۈل دەپ پۈرايمەن كۈندە سۆيۈپ قانماستىن،
ئىنىق سۆيگۈ باغ، چۈنكى ئىناق سۆيگۈ پاراغەت.
گۈللەيمىزمۇ، ئىيتقىنا، شۇ جۈپلۈكتىن ئايرىلساق،
شۇڭا ماڭا تۇيۇلار قېيدىغىنىڭ قىيامەت.

ئاغرار مېنىڭ يۈرىكىم بۇلۇت كۆرسەم چېھرىڭدىن،
مېھمان تۇرساق تۆت كۈنلۈك نېمە ھاجەت نىزاغا؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەپۇ دېگەن يارالغان مەن ئۈچۈن ھەم سەن ئۈچۈن،
ئۆتۈپ كەتسەك نىزادا، ئۆلمەيمىزمۇ ئىزاغا؟!

بىر كېلىمىز دۇنياغا، قايتىشمىدى كەتكەنلەر،
ۋاپا ئىكەن ھاياتنىڭ بىزگە ئاۋۋال بەرگىنى.
ھارام بىزگە، دىلبىرىم، نىزا تۇگۇل گۇمانمۇ،
سۆيگۈ دېگەن ئالەمنىڭ بىزگە قۇچاق كەرگىنى.

قايتقىنىمدا خاماندىن قېقىپ قويساڭ ئۇچامنى،
ھاردۇق دېگەن، ئېيتقىنا، ئۆزى شۇ ئان چىقمامدۇ؟
ئوسما تەرسەم، گۈل تەرسەم ئۆزۈڭ ئۈچۈن باغلارغا،
جاھان ئەھلى شۇلاردىن چىن سۆيگۈنى ئۇقمامدۇ؟!

بىز يارالغان ئەزەلدىن سۆيۈشۈشكە، سۆيۈشكە،
قوشۇپ بەردى بۇ ئالەم مۇھەببەتكە شادلىقنى.
بىر كېلىمىز دۇنياغا، ئارىلاشتۇرما، ئامرىقىم،
يا يۇمشاققا قاتتىقنى، يا ئاچچىققا تاتلىقنى!

تۈنۈگۈنكى بۆۋەكلىك بۈگۈن بىزگە پۇشايمان،
تاس قالغانتۇق كىبىردە كەتكىلىمۇ ئايرىلىپ.
جۈپلۈكىمىز شادلىقنىڭ مۇنبىرىدىن چۈشمىسۇن،
ئۇھ تارتمايلى ئەپسۇستا قېرىغاندا قايرىلىپ.

تاشتىن قاتتىق ئىشەنچتىن غالىب كېلىپ ئەنسىرەش —
تۇمانلىرى تەشۋىشنىڭ بىزگە غەشلىك چاچمىغان.
يالغان سۆيۈش مەلئۇنلۇق، يالغان سۆيسەم ئۆلەي مەن،
دوستلىرىڭمۇ، ئېيتىپ قوي، خۇددى بىزدەك ياشىغاي.

بىر كېلىمىز دۇنياغا، بىللە تۆككەن تەر ئۇلۇغ،
هاجەت ئەمەس كۆز ياشلار بىللە چەككەن جاپاغا.
زۆرۈر چاغدا هۇزۇردۇر رىيازەتمۇ تەڭ چەككەن،
دەلىل ئىكەن شۇنداق كۈن ساداقەتكە، ۋاپاغا.

ئېزىتقۇلار يالغاندىن زەردارلىققا ئۈندەيدۇ،
كىگىز ياخشى، هېزى بول، شۇلار بەرگەن گىلەمدىن.
بايلىق دېگەن بىلىپ قوي، شېرىن ئۆتكەن سۆيگۈدە،
قۇزغۇن ئۇچقان ياماندۇر بۇلبۇل جايى چىمەندىن.

قارغىش ئېلىپ ئۆتكەنلەر يامانلىقتىن نە تاپتى،
ياشارتىدۇ ياخشىلىق ياخشىلارنى ئەزىزلەپ.
ئۆتئۆشكەنلەر ئىززەتتە جاي ئالاركەن هەر دىلدىن،
بارار ئىكەن شۇنداقلا، تاغلاردىنمۇ ئېگىزلەپ.

دەرس ئالسۇن شۇلاردىن بىزنىڭ سۆيگۈ، ئەزىزىم،
بىر كېلىمىز دۇنياغا، مېنى كۈندە سۆيۇپ قوي.
بۇ سۆيگۈنى قۇتلايدۇ هەر كۈن چىققان قۇياشمۇ،
هەر سەهەردە بىر قەدەھ سەنمۇ ماڭا قۇيۇپ قوي.

1991 ـ يىلى 3 ـ ئاي، غۇلجا

## تەستە تارتقان سۈرەتلەر

(مۇخبىر خاتىرىسىدىن)

### ئاۋارە

تىرىكلىكتە مىڭ خىل مەنزىرە،
قەلەم: ياز، دەپ جېكىپ ئاۋارە.
چۈنكى، خامان راسلايدۇ بىرسى،
بىراۋلىرى چېچىپ ئاۋارە.

چېچەكلىسە تىككەن كۆچەتلەر،
بوران كېلىپ قېقىپ ئاۋارە.
يېڭى ناخشا ياقماي كىمگىدۇر،
كونا چۆچەك ئېيتىپ ئاۋارە.

سايىسىگە مىنىپ بەزىلەر،
«دۈلدۈل» بولۇپ چېپىپ ئاۋارە.
خىيالدا شاھلىق تەمەسى،
شېرىن ئويغا پېتىپ ئاۋارە.

تەستە تارتتىم بۇ سۈرەتلەرنى،
چۈنكى، شۇلار يېپىپ ئاۋارە.

مەن يوق يەردە قىلارکەن غەلۋە،
مەن كەلگەندە قىچىپ ئاۋارە.

## هايۋاندىن ئادەملەرگە

قوي بەختسىز ياۋاشلىقدىن،
كالا غالىب مۈڭگۈزى بىلەن.
كىيىك كىلۇر دائىم تەشۋىشتە،
بۆرە كىلۇر قوي ئىزى بىلەن.

ئات يانغىندىن  قىچىپ قۇتۇلدى،
تۆت ئايىغى ئالدى ئالقىشنى.
بۇغا ئاخىر ئۆلدى جاڭگالدا،
مۈڭگۈزلىرى بۇزغاچقا ئىشنى.

تۈلكە كاززاپ يۈرىدۇ مەغرۇر،
ئوغرىلىقمۇ ياقتى چاشقانغا.
تىمساھ ئوۋچى بولسا بەزىدە،
قۇزغۇن چىقار ئىكەن ئاسمانغا.

هايۋانلاردىن كۆچتى كۆزلىرىم،
ئادەملەرگە تاشلىدىم نەزەر.
كەتتى شۇئان بويۇم شۈركىنىپ،
كىملەردىندۇر ئەيلىدىم هەزەر.

## قويۇپ بەرسەڭ

ماختانغۇدەك شەپەرەڭ دائىم،
ئۆز - ئۆزىنى خىسلەتلىك قۇش، دەپ.

قايسى قۇشنىڭ قولىدىن كەلگەن،
ئويلاڭلارچۇ، تۈندە ئۇچۇش، دەپ.

توك قارغىدا ئاق قۇغا ھەسەت،
ئۇمۇ ماختاپ يۈرەر ئۆزىنى.
بىرسى يۈرەر جانان چىنىدىن،
ئۆز، دەپ يەنە ساپال ـ كوزىنى.

نەدىن يۇقتى ئۇلارغا شۇنداق،
لاپ ئۇرماق ۋە قۇسۇر يوشۇرماق.
قويۇپ بەرسەڭ، بولىدۇ تېخى،
خورازغىمۇ تۇخۇم بوسۇرماق.

## سەپىرىڭگە تىلىمەس ئاقىول

بىرسى يۈرەر: جان ئاغىنە، دەپ،
ئۇ، جىن، ئەمما مەھبۇبەڭ شاپتۇل.
قەستى شاپتۇل، شۇڭا ئۇنداقلار،
سەپىرىڭگە تىلىمەس ئاقىول.

تۈندە «يوقلاپ» تۇرار ئۆيۈڭنى،
ئايىغىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ.
سەن كەلگۈچە مەلەڭدە جىق سۆز،
سېنى كۆرۈپ قالىدۇ پەسلەپ.

قېيداپ چىقار ئالدىڭغا يارىڭ،
«ئاغىنىڭىز يوقلىمىدى» دەپ.
تاپقان بالاڭ ئوخشىماس ساڭا،
كىمگە دەيسەن: ئوخشىمىدى دەپ؟

جان ئاغىنە، جان دوست، دەيدىكەن،
ئەمما نەرسىلەر تۈگمەيدىكەن.
تەستە قىلغان بېغىڭدىن ئۈلار،
ئوغرىلىقچە ئالما يەيدىكەن!

## نەپ دېسە...

سالغىنىم كۆلگە قارماق شۇ بىر قېتىم،
ئىلىنىپ چىققىنىمۇ ئىت بېلىقى.
چەكچەيدى يۈگرۈپ كېلىپ بىرسى ئاڭا،
ئاغزىدىن كۆپۈلدەيدۇ ئىت تىنىقى!

ھېلىمۇ تۇرغان يېرىم دەريا ئەمەس،
شۇ كۆلنىڭ چېتىدىكى بىر ئېرىقى.
نەپ، دېسە چېپىپ يۈرگەن ئاشۇلارنىڭ،
تويدۇردى مېنى ئەجەب ئىت قىلىقى!

## بىر قۇلىقىڭ كەينىڭدە بولسۇن

مەيلى ئاتلىق، مەيلى ياياق يۈر،
سەپەر سېنىڭ مەيلىڭدە بولسۇن.
بىلەي دېسەڭ قانداقلىقىڭنى،
بىر قۇلىقىڭ كەينىڭدە بولسۇن.

كەينى تىكەن، ئالدى گۈل، دەيدۇ،
چۈنكى دوستۇم، ئادەم دېگەننىڭ.
ماختاشتىنمۇ ئانچە كەم ئەمەس،
غايىبتىمۇ ئالەم دېگەننىڭ.

ئىللەتلىرىڭ ئۆزۈڭ سەزمىگەن،
سۆزلىنىدۇ كەينىڭدىن، بەلكىم.
بولماي دېسە پاتقاقتىن بەتتەر،
ساپ ئالتۇنمەن! دېمىگەي ھەركىم!

1991 ـ يىل 4 ـ 5 ـ ئايلار، غۇلجا



## تۆت ئىغىز ئاگاھ

### تېرەككە

شامال چىقسا چالسەن چاۋاك،
بورانغىمۇ يەنە شۇ ئالقىش.
پەرقى يوقمۇ ياخشى، يامانىنىڭ،
ۋىجدان بىلەن بولمامدۇ ھەر ئىش؟

### بېشىمدا بىر غەم بار

دەيدىكەن: ھاياتقا ئۆلۈم سۈپۈرگە،
ئامال نە ئۆلمەسكە، كىرمەسكە گۆرگە.
بېشىمدا بىر غەم بار: قانداق قىلار دەپ،
ئۆگىنىپ قالغانلار ھاياتتا تۆرگە؟

### كۆك شىۋاقتا

كۆكلەمدە كۆرۈندۈك ھەممىدىن ئاۋۋال،
كەچ كۈزنى ئۇزاتتىڭ يەنە ئۇشقىرتىپ.
ئەجەبا قاياقتا سوقسا بىر شامال،
ئۇسسۇلغا چۈشسەن شۇياققا يېتىپ!

www.uyghurkitap.com

## ئالدى ـ كەينگدە

ئالدىگدا: ھا ـ ھا ـ ھا، كەينگدە كوت ـ كوت،
يېنىگدا يۇرىدۇ غەلتە بىراۋ.
ھېزى بول: بەزىدە قىلىچ ئويناتسا،
كېلىدۇ بەزىدە كۆلكە بىلەن ياۋ.

1991 ـ يىلى 5 ـ ئاي، غۇلجا



# ئەتكى ئاسمان

ئوچۇق بولسۇن ئەتكى ئاسمان،
تۇتۇلمسۇن قۇياشنىڭ يۈزى.
قىز مەگزىدەك قىزارسۇن شەپەق،
يۇمۇلمسۇن يۇلتۇزلار كۆزى.

ئوچۇق بولسۇن ئەتكى ئاسمان،
پەرۋاز قىلسۇن ئىلكدە قۇشلار.
ئوچۇق بولسۇن ئوغلۇك چىرايى،
راۋان بولسۇن ئەتكى ئىشلار.

ئوچۇق بولسۇن ئەتكى ئاسمان،
تۇتۇلمسۇن قۇياش جامالى.
ئۈمدسزلىك ئۆلۈمگە ھېساب،
بولمغايمز تىلەكتىن خالي.

1991 ـ يىلى 5 ـ ئاي، غۇلجا

## دەيمەن شۇڭا ئادەملەر، ئەقدەڭدىن ئايلىناي

تالاشمىسا تەقدىردىن ئۆزلىرىگە ھاياتلىق،
ئىنسان بېشى ئالەمدە غېرىبلىققا كۆنەمدۇ؟
ئەقدىسى ھاياتنىڭ چىللىمىسا ياشاشقا،
ئېتى ئۆلگەن كارۋانلار ئايدالادا تۈنەمدۇ؟

تىترىتىدۇ قەلبىڭنى يېتىمچىنىڭ ناخشىسى،
تۇتالمايسەن ئۆزۈڭنى قولاق سالساڭ دەردىگە.
ئالەم تۇرسا ئېگىز - پەس، ئاچ يۈرگەننى يوق دەمسەن،
يەر - زېمىننى ئاھ - زارى كەلتۈرىدۇ لەرزىگە.

بىراق، شۇلار ھاياتنى تېگىشىمدى ئۆلۈمگە،
ياشاپ كەلدى شۇندىمۇ، تىرناقلىرى جاراھەت.
تىلەكلەرگە تىل تەگدى، ئۈمىدلەرگە قىلىچ، ئوق،
تەلەي قۇشى ئەي بولماي، يىراق قاچتى پاراغەت.

ئۇلۇغلاندى ھاياتقا چىڭ باغلانغان ئەقدە،
ناخشىلارغا ئايلاندى ياشاش دېگەن ئۇلۇغ گەپ.
تەبىئەتكە كۆز سالسام، كۆزلىرىمگە ياش كەلدى،
ئەستىقلىدى يۈرىكىم شۇ تەبىرنى ئۇلۇغ، دەپ.

تېپىرلايدۇ بىر كەكلىك چۈشۈپ قىلىپ تۇزاققا،
ئۈنىڭ ئەزىز ھاياتى قالدى، چۈنكى خەتەردە.

ئوق يەپ ئۆلگەن قىرغاۋۇل ئەلەم بىلەن كۆز يۇمدى،
شۇ كۆزلەردە مىڭ ئارمان بۇ دۇنيادىن كېتەردە.

ئىتقا ئاتتى ئۆزىنى ئون چۈجىلىك بىر توخۇ،
پىدائىيسى بوپقالدى جانىنى تىكىپ ئون جانىنىڭ.
شۇلاردىمۇ، كۆز سالسام، ھايات ئۈچۈن ئېلىشىش،
يېزىلمىشكەن شۇلاردىن نەمۇنىسى قۇربانىنىڭ.

ئاسان ئەمەس ئىنسانغا ئېھسان ئۈچۈن قول سۇنماق،
ئادەملەردىن نان ئەمەس، سورىغىنى ھاياتتۇر.
ئەقىدىسى ھاياتنىڭ يېڭىپ كەلدى ھەممىنى،
شۇ ئەقىدە كورغا كۆز، مېيىپلارغا ئاياغتۇر.

باشلاپ بارار ئىنسانغا ئۈمىد بەرگەن ئەتىدەك،
شۇ ئەقىدە كىمگىدۇر شولا چېچىپ - نۇر چېچىپ.
ئۇلۇغلايدۇ ئالدىڭنى ياكى راستى، يالغاندىن،
گويا خىزىر قولىدا قۇرچى ساڭا قۇر ئېچىپ.

ھايات ئۇلۇغ، ھايات ئۇز، ئويلاپ بېقىڭ چوكانلار،
ئۇز بولمىسا شۇنچىلا ياساندىڭلار نېمىشقا؟
قانائەتنى قۇللۇق دەپ، كۆمۈپ تاشلاپ شۈكۈرنى،
چاپقىنىڭلار يالغانمۇ بىرنى ئىككى قىلىشقا؟

دۇر - زەر بەرگەن تاغلاردەك، ئانار بەرگەن باغلاردەك،
ساخاۋىتى جىق، دوستۇم، سانالمايسەن، ھاياتنىڭ.
زىمىستاندا ئۇلۇغ ئىش ياشاش ئۈچۈن ئوت ياققان،
تولغىمىسا توختايدۇ تىللىرىمۇ سائەتنىڭ.

زەڭ قويمەن قۇشلارنىڭ پەرۋازىغا زوق بىلەن،
كىم خالىماس ھاياتتا ئەركىن قانات قاقماقنى.
كىم خالىماس ئالەمنىڭ ئېقىنىدا تاشقىندەك،
قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇپ، ئۆركەش ئېتىپ ئاقماقنى.

يارالغانلار ھاياتنى سۆيۈپ كەلدى شۇ سەۋەب،
ھاجەت ئەمەس دەپ سوراش: سەن نېمىگە تۆرەلدىڭ؟
مىليون بولسا مىليوندۇر بەختىيارلار ۋە لېكىن،
جەننەت ئەمەس بۇ دۇنيا، بەختسىزمۇ تۇمەنمىڭ.

ئوقۇپ كۆردۇق ھاياتنىڭ كىتابىنى، تاڭ قالدۇق،
دەرگاھىدا دۇنيانىڭ تالاي قىسمەت، تالاي ئىش.
تەڭشەلمىگەچ تەقدىرنىڭ تارازىسى ئەزەلدىن،
بىراۋلاردا يېشىل ياز، بىراۋلاردا قارا قىش.

ئۇزغانلارغا يەتمەكنى غايە دېدۇق، ئەلۋەتتە،
ھارغانلاردىن ھال سوراپ تۇرۇپ قالدىم گاھىدا.
ئەقىدىسى ھاياتنىڭ باشلاپ بارار بارىنى،
بىرسى كۆيسە ئاپتاپتا، بىرسى ياتار سايىدا.

نەدە يۈكسەك شوئار بار ياشاش دېگەن تىلەكتىن،
ئۆلۈش ئەمەس، ياشاشتۇر مېنىڭدىكى تىلەكمۇ.
ھېچكىمنىڭمۇ، كۆرگۈم يوق كۆزلىرىدىن كۆز ياشنى،
يېشىل تۇرسا ھەمىشە چۆنەكمۇ ھەم پىلەكمۇ.

دەيمەن، شۇڭا ئادەملەر، ئەقىدەڭدىن ئايلىناي،
يامغۇر! دېسەڭ ئاسمانمۇ ئايىمىغاي بارىنى.
سۇ بولغۇم بار چاڭقىغان قەلبىڭلەرگە مېنىڭمۇ،
ئاڭلىغۇم يوق ھېچكىمدىن تەشنالىقنىڭ زارىنى.

سىلجىتىدۇ ئالەمنى ئەقدەگلەر شۇ ئۇلۇغ،
ئانا دېگەن ئاغزىمدا ئۇلۇغلايمەن سىلەرنى.
بەخش ئەتتى تەبىئەت، تىرىكلىكنىڭ ئالدىدا،
سىلەر ئۇچۇن بەخت دەپ ئات چاپتۇرۇپ كېلەرنى.

1991 ـ يىلى 7 ـ ئاي، غۇلجا

## قاش دەرياسى

ھېكمەتلىك بىر دەرياسەن، قاش دەرياسى،
تاغلاردىن ئالتۇن چايقاپ ئېقىپ كەلگەن.
ئەجرىڭ بار تارىخلاردا ئۇنتۇپ بولماس،
بۇ گۈزەل ۋادىمىزنى بېقىپ كەلگەن.

سەن تۇرۇپ ئۆستەڭلەرنى يېزىپتىمەن،
نە ئېتەي، ئەقلىم مېنىڭ چالا تۇرسا!
بولمىسام پاراسەتتە گۆدەك تېخى،
بالىنى يازامدىمەن ئانا تۇرسا؟

1991 ـ يىلى 7 ـ ئاي، ئىلى ـ نىلقا

## قىزىم، بېرىڭ مەكتەپكە

(قىزىم مەرىپەتنىڭ مەكتەپكە كىرىشى مۇناسىۋىتى بىلەن)

قىزىم، بېرىڭ مەكتەپكە، بىلىم سىزگە مەشئەلدۇر،
ئىنسان ئۈچۈن نادانلىق ئەلمىساقتىن پېشكەلدۇر.
تالاي تۈگۈن، تالاي سىر ھەل بولمىغان مەكتەپسىز،
تىلسىملارنى ئادەملەر شۇ مەكتەپتە يەشكەندۇر.
مەرىپەتكە تەشنالار بۇلىقى دەپ جەننەتنىڭ،
كەۋسەر بىلەن زەمزەمنى شۇ مەكتەپتىن ئىچكەندۇر.
بىلىم بىلەن ئايىندى ئايمۇ ھەتتا بېكەتكە،
بىلىم بىلەن پويىزغا تاغدىن تونېل تەشكەندۇر.
تۇغۇلدىڭىز تۈنۈگۈن، ئۆتمۈش سىزگە قاراڭغۇ،
بۇ دۇنيانىڭ بېشىدىن تالاي ئىشلار كەچكەندۇر.
ئالەم ئۇزاق تەمتىرەپ يۈكسىلىشنىڭ يولىدا،
ئىلىم ـ پەندىن ئاخىرى مۇرادىغا يەتكەندۇر.
سىزدەك مىڭلاپ گۈدەكلەر مەرىپەتنىڭ بېغىدا،
مېۋە ئېلىپ ھېكمەتنىڭ شاخلىرىنى ئەگكەندۇر.
بىلىپ قويۇڭ: تىرىشماي تاغ ئاشقانلار يوق تېخى،
بىر كەشپىيات كەيىندە نۇرغۇن يىللار كەتكەندۇر.

1991 ـ يىلى 8 ـ ئاي، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ناتايىن

شاھلار تۇتقان قەدەھتە قۇت بولمىقى ناتايىن،
سەن ماختىغان چىنارغا قۇش قونمىقى ناتايىن.
چۈچەك ئېيتساڭ بايقاپ ئېيت، تىڭشىغانلار قانچىلىك،
سەن سۆيگەننى بىراۋنىڭ ياقتۇرمىقى ناتايىن.
بۇگۈن تاتلىق ئەمچەكنى تەڭ ئەمگەنلەر سەن بىلەن،
تاڭلا كەتسەڭ، كەينىڭدىن ئاھ ئۇرمىقى ناتايىن.
كىبىرلىككە قول سۇنما كۆرۈشمەككە ئالدىراپ،
ئەھلى كىبىر ئۆز بىلىپ قول سۇنمىقى ناتايىن.
بايلىق دېگەن بىۋاپا، لاپ ئۇرغاننى كۆتۈرمەس،
ئوقۇرۇڭدا ھەر كۈنى ئات تۇرمىقى ناتايىن.
قەدىردان دەپ، دىلكەش دەپ، كىملەردىندۇر ماختانما،
توۋلىغاندا «لەببەي» دەپ تەخ تۇرمىقى ناتايىن.
تالايلارنى ئازدۇردى، چۈنكى ھۆسنى دۇنيانىڭ،
شۇڭا ھەردەم ئىنسانىنىڭ ساق تۇرمىقى ناتايىن.
بىخۇد يۈرمە، دوستلىرىم، ئەنسىز يۈرمە قورقۇپمۇ،
بىراۋ كېلىپ يېنىڭنى ئاختۇرمىقى ناتايىن.

1991 ـ يىلى 8 ـ ئاي، غۇلجا

## هايات دېگەن مانا شۇ

تۇرۇۋالدىڭ چۈشەندۈر ، دەپ هاياتنى،
نېمە دەيمەن، يەنە دېسەم، يەنە شۇ!
كەلمدۇقمۇ ئەتە ئۈچۈن ئات چېپىپ،
مەنچە بولسا هايات دېگەن مانا شۇ!

ئاھ ئۇرۇپسەن ئارمىنىڭغا يېتەلمەي،
يا ئارزۇنىڭ ئىشىكىدىن كېتەلمەي،
زارلىنىسەن بىرنى ئىككى ئېتەلمەي،
مەنچە بولسا هايات دېگەن مانا شۇ!

دۇرۇس تەبىر ئۆمۈر ئاتقان ئوق دېگەن،
بۇ ئالەمگە قانغان ئىنسان يوق، دېگەن،
بىرلىرى ئاچ، بىراۋلىرى توق، دېگەن،
مەنچە بولسا هايات دېگەن مانا شۇ!

شائىر يازار: ئۇلۇغ ئىنسان ئانا، دەپ،
بۇ دۇنيادىن ئانا ئۆتەر ، بالا، دەپ،
بالا كۆزى تەلمۈرىدۇ تالا، دەپ،
مەنچە بولسا هايات دېگەن مانا شۇ!

بېسلمايدۇ تىرىكلىكنىڭ ۋاڭ - چۇڭى،
بىلەلمەيسەن نەدە ئۇنىڭ تەگپۇگى،

www.uyghurkitap.com

كىچىكلەرنى بوزەك قىلار ئەڭ چوڭى،
مەنچە بولسا ھايات دېگەن مانا شۇ!

گاھ ئېتىزدا ئارپا، بۇغداي تېرىيسەن،
گاھ بازغاندا غۇلچىڭنى كېرىيسەن،
تىرىكچىلىك ھارۋىسىدا قېرىيسەن،
مەنچە بولسا ھايات دېگەن مانا شۇ!

1991 ـ يىلى 8 ـ ئاي، غۇلجا



# رەزىلدۇر

ھەسەت قىلىپ بەختىڭگە، ئۇھ تارتقانلار رەزىلدۇر،
ئىت ھاۋشىسا كارۋانغا، ئۇن قاتقانلار رەزىلدۇر.
بولۇۋېلىپ يالغاندىن دۇشمەننىڭنىڭ دۇشمىنى،
كۆرمىگەندە كەينىڭدىن ئوق ئاتقانلار رەزىلدۇر.
قولى بولۇپ دوستۇڭنىڭ، قىقىپ يۈرۈپ دولاڭغا،
دۇشمەنلىكتە ئۇستۇڭدىن گەپ تاپقانلار رەزىلدۇر.
ساڭا كەلگەن كەلكۈننى يامغۇر بولۇپ ئۇلغايتىپ،
ياندىن چىقىپ يانغىنغا ياغ چاچقانلار رەزىلدۇر.
ئاگاھ بولغىن جۇپتۇڭگە يەنە جۇپلۇك ئىزدەمدۇ،
كۆڭلى ئۆيدىن تالاغا ئات چاپقانلار رەزىلدۇر.
دوستۇڭدىمۇ دوستۇڭ بار، بىرى ئالتۇن، بىرى مىس،
بوسۇغاڭدىن ئىشرەتكە يول تاپقانلار رەزىلدۇر.
ئىشىكدىن ئالەمگە بۇرقۇپ تۇرسا سېسىق ھىد،
يوشۇرغانچە يوشۇرۇپ چىلىق ياپقانلار رەزىلدۇر.
قىتىغۇرلار، مەرەزلەر رەزىللەرنىڭ رەزىلى،
بۇلبۇل تۇرسا، قارغىغا گۈل تاققانلار رەزىلدۇر.

1991 - يىلى 8 - ئاي، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## يېڭى ئەسىر ئاچقۇچلار

(ئاتاقلىق ئۇسسۇلچىلىرىمىز مەريەم ناسىر ۋە خەلچەم سى-دىقلارنىڭ سەھنە ھاياتى تونۇشتۇرۇلغان تېلېۋىزىيە فىلىمىنى كۆرگەندىن كېيىن)

ۋەتەن دېسە باغرىڭلارنى ياقتىڭلار سىلەر،
خەلقىمىزگە ئەتلەس، تاۋار ياپتىڭلار سىلەر.
سۆيگىنىڭلار سەھنە بولدى، بېغىڭلار سەنئەت،
ئۆزۈڭلار گۈل، ئىللىق پۇراق چاچتىڭلار سىلەر.

قۇشلار كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قالدى پەرۋازىڭلارغا،
ئۇسسۇل بىلەن گويا قانات قاقتىڭلار سىلەر.
قالدى نەدە چوكانتاللار ئەۋرىشىملىكى،
سەھنىمىزدە يېڭى ئەسىر ئاچتىڭلار سىلەر.

شاگىرتلىقتىن بولۇپ بۇ گۈل ئۇسسۇل ئۇستازى،
بۇ قوشۇنغا يۈزلەپ شاگىرت قاتتىڭلار سىلەر.
قەمبەرخانىم بەرگەن ئاشۇ ئالتۇن زەنجىرنى،
ئەۋلادلارنىڭ دىل رىشتىگە چاتتىڭلار سىلەر.

تىلەكلەردىن ئېشىپ كەتتى تۆھپەڭلار تامام،
سەنئەت بىلەن ئېرىق - ئۆستەڭ چاپتىڭلار سىلەر.

بولمىدىڭلار كىبىرگە قۇل، ماختاشلارغا مەست،
داۋانلارنى ئالقىش بىلەن ئاچتىڭلار سىلەر.

گۈلدىن گۈزەل قەددىڭلارغا باغلار بىھوش ـ مەست،
قەلبلەردە مەڭگۈ يىلتىز تارتتىڭلار سىلەر.
تاپالمىدى شان ـ شۆھرەتنى ئالتۇن يىغقانلار،
ھالال تەردىن ئاخىر ئۇنى تاپتىڭلار سىلەر.

1991 ـ يىلى 11 ـ ئاي، غۇلجا



## مەن يوق

(غەزەل)

تۇمەن شۈكرى، بۇ دۇنيانىڭ ئەمەل غوۋغاسىدا مەن يوق،
ئېگىز شاخلارغا قونماقنىڭ تەمە تاۋكاسىدا مەن يوق.
مېنى ئىزدەڭ ئېتىزلاردىن، قولۇمدا نان يارالمىشتۇر،
ئۆزىنى ئاي دېگەنلەرنىڭ نەسەپ ماجراسىدا مەن يوق.
جىمىدە كەم يارالغان جان جاھاندا بەلكى مەندۇرمەن،
كۆرۈڭ تىڭشاپ: «چېچەنلەر»نىڭ ئەقىل دەۋاسىدا مەن يوق.
چېچىپتۇ يەرگە رىزقىمنى، شۇ يەردە دانلىرىم، ياتتىم،
ھەۋەسخور قارلىغاچلارنىڭ ئېگىز بىناسىدا مەن يوق.
كۆرۈنگەن گۈلنى ھىدلاشقا ئەمەسمەن كېپىنەك نەسلى،
كۆرۈنگەن گۈلگە قونغاننىڭ كۆڭۈل شەيداسىدا مەن يوق.
مېنىڭ قايمۇققىنىم باردۇر، لېكىن قۇتراشنى بىلمەيمەن،
سوراڭلار، قاغا ـ قۇزغۇننىڭ زەئىپ پەرۋازىدا مەن يوق.
خۇشامەت دەرسىنى ئۆتمە، پەلەك، ئەمدى ماڭا ھەرگىز،
شىپپاڭلاپ تۇرقى ئىتلارنىڭ رەزىل رۇخسارىدا مەن يوق.
يامانغا ياخشىنى چاققان زۇغۇيلار زاتىغا ياتمەن،
يايىاق كەلدىم ئۇزاق يولدىن، شۇلار ھارۋىسىدا مەن يوق.
گۆھەردىن ئەتىۋا بىلدىم كىشىگە جۇملە ۋىجدانىنى،
شۇ ۋىجدان ئەسلى مۇلكۇمدۇر، مۇلۇك دەۋاسىدا مەن يوق.
بىراق، مەن شۇندىمۇ ئوخشاپ كېلۇرمەن مېۋىسىز شاخقا،

نىتەي، باغرىدا ملكٔ خامان، هوسۇل سەهراسدا مەن يوق.
ئىلگە ئەجرسزلەردىن ئۆزى ئۇنگەن شۋاق ياخشى،
شۇڭا تەهقق، كتابلارنلڭ شەرەپ ـ شان بابىدا مەن يوق.
دىمەك، شادلق بىلەن هەسرەت ئىتمغا منگشپ كەلدى،
دىمەيمەن شۇ سەۋەب ئەمدى: تامام مەيخانىدا مەن يوق.

1991 ـ يىلى 12 ـ ئاي، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## يىللار يېڭى، يىللار ئۇز

بۈگۈن مانا يېڭى يىل، يارىم، ساڭا مۇبارەك،
ئاڭلا، تەبرىك يارىڭدىن يېڭى يىلنى قۇت دېگەن.
ئەسكە ئالغىن ياشلىقنى، يادىڭدىدۇر خەتلىرىم،
يىراقلاردىن مەن يېزىپ، يېڭى يىلدا كۈت، دېگەن.

جۇپلەشكەندە تىللىرى ئون ئىككىگە سائەتنىڭ،
ئۇ چاغ بىزنىڭ سۆيگۈمۇ قىيامىغا يېتەتتى.
تۈيغۇلاردا تەنتەنە، ئۈمىدلەردە يېڭىلىق،
بۆشۈكلىرى لەززەتنىڭ بىزنى ئەللەي ئېتەتتى.

شۇنداق قۇتلاپ كەلگەن بىز يېڭى يىلنى ياشلىقتا،
يېڭى يىلدا يېقىلغان ھۇجرىمىزغا تۇنجى شام.
دالالاردا ئاپپاق قار، ھۇجرىمىزدا باھار، ياز،
دېرىزىلەر، ئويغانساق، چىرايىڭدەك گۈل تامام.

تاڭلىرىغا ئاچاتتۇق يېڭى يىلنىڭ جۇپ قۇچاق،
ئايلىناتتۇق سەھەردە بىللە قارلىق دالانى.
ئۇلۇغ ئىشقۇ، يېڭى يىل قۇياشىنىڭ ئالدىغا،
چىقسا شۇنداق بىر يىگىت، ئوڭ يېنىدا جانانى!

بىزگە شۇڭا سۆيۈملۈك ئۇزاقلاردىن يېڭى يىل،
تۇغۇلغاندەك گوياكى ھەر ئىككىمىز شۇ كېچە.

ئىككىمىزنى بىر ئىزغا سالغان تۇرسا ئاشۇ كۈن،
ئەسلىمەيمەن قانداقچە شۇ مەرىكىنى بۇ كېچە؟

تامام ۋىسال بولمىدى كۈنلەر بىزگە، بىراقتا،
قالدى تالاي بوراندا بىزنىڭ چۈشكەن كېمىمىز.
گاھ لەيلىسەك، گاھ چۆكۈپ كەلكۈندە قىسمەتنىڭ،
بىلەلمىدۇق بىر مەھەل نەدە قالدى نېمىمىز؟

ئارىمىزدا جۇدالىق، دىدار دېگەن تەس بولدى،
ئىجاد بوپتۇ ھېلىمۇ ئىنسانلارغا خەت دېگەن.
گاھ يازمىدىم، گاھ يازسام تۈگىتەلمەي سۆزۈمنى،
تۈگەمىدىغان يازغانغا ئاددىي خەتتە دەرد دېگەن.

يىل ئۆرۈلسە شۇندىمۇ يەنە قەلەم ئالاتتىم،
بەزلەپ تۇرغۇم كەلگەچكە سېنىڭ مىسكىن دىلىڭنى.
ھۇزۇر بەرگەن باغلارنى ئۇنتۇش گۇناھ دېگەندە،
تەبرىكلىمەي چىدامتىم سېنىڭ يېڭى يىلىڭنى؟

نېمە قىلاي دېسەممۇ ئۆچكەن ئوتنى چۇقچىلاپ،
كېلىۋالدى شۇ كۈنلەر يەنە مېنىڭ يادىمغا.
ئۈمىد قۇشى ئەگىيتتى، شۈكۈر، يەنە ئۇستۈمنى،
گويا خىزىر يەتكەندەك غايىبانە دادىمغا.

ئۇلغىياتتى شۇ ئۈمىد يېڭى يىللىق خەتلەردە،
باھار ئىدى ئۇ گويا نىمجانلارغا جان بەرگەن.
ئوخشار ئىدى قۇشلارغا ئۇچۇپ كېلىپ نەلەردىن،
بالا قۇشقا كۈنبويى ئۆز ئاغزىدا دان بەرگەن.

يىغلاپ تۇرۇپ خوشلاشساق بىر يىل بىلەن بىز، شۇڭا،
يەنە بىرسى كەلگەندە ئىسسىق قۇچاق ئاچاتتۇق.
ئۈمىدلەرنى ئاسرايتتۇق قەلبلەرنىڭ قېتىدا،
بىر - بىرىگە يىللارنى ئارزۇلاردا چاتاتتۇق.

يېڭىپ چىقتى ئۈمىدلەر بىزگە يېڭى يىل بەرگەن،
ئايرىلغانلار جەم بولۇپ يەنە يەتتۇق ۋىسالغا.
چۈشەندۇرسە ھەق، شۇڭا ھەركىم بۈگۈن بەختىنى،
جۈپلەر ئارا ئەڭ ئاۋۋال بىزنى ئېلىپ مىسالغا.

سۆيۈپ كەلدۇق ھاياتنى شۇڭا، بىزمۇ باشقىدىن،
جامالىڭغا ئوخشىتىپ دىدارىنى ھەر كۈننىڭ.
يىللار يېڭى، يىللار ئۇز كەلدى بىرى - بىرىدىن،
ھۆسنى، ھىدى ئۆزگىچە بولغىنىدەك ھەر گۈلنىڭ.

قەدىناستەك قەدىرلىك بىزگە شۇنداق يېڭى يىل،
ئۇلۇغ بىزگە يىللارنىڭ ھەربىرىنى مىڭ سۆيمەك.
ئىنسان دېگەن نامىمىز تىرىكلىكتە ئەڭ ئۇلۇغ،
ھەققىمىز بار كۈنلەرنىڭ ھەربىرىدە مىڭ كۈلمەك.

تېخى تالاي بوستانلار ئايلىنىدۇ بېھىشقا،
ئويلىغىنا، بېھىشتا بىز نېمىشقا يۈرمەيمىز.
ئۆلمەي تۇرۇپ دوزاخنى كۆرۈپ بولغان تۇرۇقلۇق،
تۆككەن تەرنىڭ نېمىشقا ھۇزۇرىنى سۈرمەيمىز.

تۆرەلدۇق، دەپ ئېيتقۇم بار تېخى بۇندا تۇنۇگۈن،
تەرەددۇتى يوق مەندە بۇ دۇنيادىن كەتمەكنىڭ.
كېلىپ تۇرسۇن يېڭى يىل بىرى گۈزەل بىرىدىن،
ئىشقى بىلەن جاھاننى جامالىڭدەك ئەتمەكنىڭ!

گۈلۈم، ساڭا قۇت ياغقاي يېڭى يىلدا ئالەمچە،
ياشانغانچە ياشارغاي رۇخسارىڭمۇ، دىلىڭمۇ.
قۇتلۇق كۈندە قوبۇل قىل ھايات ئۈچۈن، بىز ئۈچۈن،
يېڭى يازغان قوشاق دەپ تەبرىكىمنى مېنىڭمۇ!

1991 ـ يىلى 12 ـ ئاي، غۇلجا



## تەڭ ياراتقان دۇنيانىڭ بوگوننى ئەر ـ ئايال

يارىم، يەنە باھارنىڭ كەلگىنىنى بىلدىڭمۇ،
چىقمىدىڭمۇ ئالدىغا يېڭى كەلگەن قۇشلارنىڭ؟
تەبىئەتتە تەنتەنە، ئادەملەردە تەرەددۇت،
شېرىن ئىكەن ئۆزىمۇ باھاردىكى چۇشلەرنىڭ.

لەگلەك ئۇچقان شامالغا، بەلكى زوقۇڭ كەلگەندۇر،
ئۇچاتتىغۇ ناخشىمىز ئېتىزلاردىن بىز نىڭمۇ.
يارالمىغان يالغۇزلا ئەمگەك دېگەن يىگىتكە،
چۈنكى ھالال ئەمگەكتە ھالال رىزقى قىزنىڭمۇ.

ھويلىمىزدا سايرىغان قارغۇجىلار ئۇندەيدۇ،
دالىلارغا بىپايان ماڭا قوشۇپ سېنىمۇ.
سەن چىقمىساڭ، ئامرىقىم، نەدە باھار ئېتىزدا،
گويا ئۇندا غېرىبلىق باسار سەنسىز مېنىمۇ.

بوگوننى دۇنيانىڭ تەڭ ياراتتى ئەر ـ ئايال،
ئەتىسىمۇ ئالەمنىڭ چەتنمەيدۇ شۇنىڭدىن.
ئېتىزدىمۇ كەينىمدىن ئايرىلمىساڭ بىر ئۆمۈر،
ئويلىغىنا، دۇنيادا نېمە ئەۋزەل بۇنىڭدىن؟

ئاشىق ـ مەشۇق تەڭ چاپسا ھوزۇر ئىكەن كەتمەنمۇ،
قەندىن تاتلىق تويۇلۇپ قىر بېشىدا ئىچكەن چاي.

سايرايمىز ئۆزىمىز تىككەن تالنىڭ تۈۋىدە،
بىھىش يەڭلىغ ھۇزۇر دەپ ئۆزىمىز تەر تۆككەن جاي.

چىپىلغۇسى ئېرىقلار ئىككىمىزگە قاراشلىق،
ئېگىزلەيدۇ تۈغانلار ئىككىمىزنىڭ تەرىدە.
ئىزلىرىڭنى سۇ كەچكەن ئاختامدىن ئىككىمىز،
ئاي ئىزدەيدۇ تۈندىمۇ تۇرۇپ كۆكنىڭ قەرىدە.

ئېچىق ئېچىپ سۇ تۇتسام، كەتمىگەيسەن يېنىمدىن،
بۇ، باھارنىڭ ھاياتنىڭ بىزگە بولغان تىلىكى.
بايلىق بەرمەس باغرىدىن مەيلى باغلار، ئېتىزلار،
تۇرۇلمىسە مەڭگۈ تەڭ ئىككىمىزنىڭ بىلىكى.

ئاشىقىغا باھاردا ھەمدەم بولغان مەشۇقنى،
چىقارماقتا ئەرشكە ئالقىشلىرى جاھاننىڭ.
ئىككىمىزنى ئېتىزغا چىللاپ كەپتۇ شۇ باھار،
مېنى پەرھاد، سېنى ھەم شىرىنى دەپ زاماننىڭ.

دان تۇتمايدۇ باشاقلار سېنىڭ تەرىڭ سىڭمىسە،
سەن بولمىغان خامانىنى قانداق يازاي ئۇلۇغلاپ؟
ئۇنمەي قالسا بىر ئۇرۇق، سېنىڭدىمۇ ئۇيقۇ يوق،
ئۇخلىمايسەن، ئەلۋەتتە، چىقمىغۇچە تولۇقلاپ.

سۆيۈندۈرەر قەلبىمنى ئۇستۇڭدىكى توپا، چاڭ،
ئەلگە تەلەي ئەمەسمۇ ھەركىم ساڭا ئوخشىسا؟
ئەڭ ئۇلۇغى ئىنسانىنىڭ دېھقان دەيدۇ، دانالار،
توختايدىكەن ھاياتمۇ ئۇ ئەمگەكتىن توختىسا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دېمەك، يارىم يەنە بىر ئۇلۇغلاندۇق ئىككىمىز،
ئېتىز ئىكەن زېمىنىنىڭ گۈزەل جايى ھە، تېخى!
بىزنىڭ سۆيگۈ بارچىدىن ئۇلۇغ ئىكەن، بىلىپ قال،
گۇۋاھ ئىكەن ئاڭا ھەم كېۋەزلەرنىڭ ھەر شېخى.

باھار كەلدى، شمايلا بىلىكىڭنى باشقىدىن،
چۆرىسىگە گۈل تەرگىن مەن ياسىغان باراڭنىڭ.
تاڭدا تورغاي چىللايدۇ ئىككىمىزنى ئېتىزغا،
ۋاقتى ئەمەس، مەشۇقۇم، باھار قۇرۇق پاراڭنىڭ.

1992 ـ يىلى 3 ـ ئاي، غۇلجا



## بۇ دۇنيادىن كېتەرمىز بىر كۈن

قاقشىغانغا باقمايدۇ تەقدىر ،
بۇ دۇنيادىن كېتەرمىز بىر كۈن.
نەدە بولغاي ئۆلۈمگە تەدبىر ،
بۇ دۇنيادىن كېتەرمىز بىر كۈن.

باھار باقىي ئەمەس باغلارغا،
قايتالماسمىز ياشلىق چاغلارغا،
ئوخشايمىز بىز مەڭگۈ تاغلارغا،
بۇ دۇنيادىن كېتەرمىز بىر كۈن.

يىغقان مالغا تارتىشىپ بولماس،
كارۋانلارغا ئارتىشىپ بولماس،
مېھماندۇرمىز تۇتساڭمۇ قونماس،
بۇ دۇنيادىن كېتەرمىز بىر كۈن.

سۈرۈشتۈرمەس يوقسۇلمۇ، بايمۇ؟
كېتەر ئاخىر شاھمۇ، گادايمۇ،
قالار كەپە، قالار سارايمۇ،
بۇدۇنيادىن كېتەرمىز بىر كۈن.

دۈشمەنچە بول دۈشمەننى كۆرسەڭ،
ئۆزىڭنى قوي كۆچمەننى كۆرسەڭ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جەننەت سېنىڭ جەڭگاھتا ئۆلسەڭ،
بۇ دۇنيادىن كېتەرمىز بىر كۈن.

قەددىڭنى ئەگ قەدىرلىگەنگە،
ئېگىلمىگىن جەبىرلىگەنگە،
جان توشامدۇ سەۋىر دېگەنگە،
بۇ دۇنيادىن كېتەرمىز بىر كۈن.

ئالەم ئاشىق ئەمەس كۆز ياشقا،
ھايات باشقا، قىيامەت باشقا،
ئويناڭ دوستلار، كىرگىن يۈز ياشقا،
بۇ دۇنيادىن كېتەرمىز بىر كۈن.

1992 – يىلى 3 – ئاي، غۇلجا



## نانى بىلىپ، تونۇمساڭ دېھقاننى

باھار بىزنى ئېتىزلارغا ئۈندەيدۇ،
ئېتىزلاردا ئىسسىق ـ سوغقا كۆن، دەيدۇ.
گۈلنى، شائىر، ئىزدىمىگىن باغلاردىن،
دېھقانلارنىڭ ئالقىنىدا گۈل، دەيدۇ.

باھار، دېسە شۇلار يەتكەي يادىڭغا،
دېھقان بولماي، ئويغانمايدۇ چۆل، دەيدۇ.
نانى بىلىپ، تونۇمساڭ دېھقاننى،
بۇ دۇنيالىق ئىمتىھانىڭ نۆل، دەيدۇ.

ئۈنتۈپ كەتتى بۇ ھېكمەتنى تالايلار،
بۇغداي نېمە، قوغۇن نەدىن، بىلمەيدۇ.
نادانلارغا چېچىلمىغىن، ئۇلارنى،
ئاخىر بىر كۈن جاھان ئۆزى جۆندەيدۇ.

كۆچەت تىككەن گۆدەكلەرنى سۆيۈپ قوي،
سەنمۇ كولاپ بىرەر ئورەك كۆم، دەيدۇ.
كېتەلىسەڭ بىر ئۇرۇققا ئايلىنىپ،
ئەڭ ئاۋۋىلى ئېتىزلارغا ئۈن، دەيدۇ.

يادىڭدىدۇر، ئەسلى ساڭا سۇ بەرگەن،
دېھقان چاپقان ئېرىق ـ ئۆستەڭ، كۆل، دەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

چۆنەكلەرگە كۆمگەنلىرى ئۇرۇقتۇر،
لېكىن سىنىڭ ئەمگىكىڭنى كۆممەيدۇ.

تۆھپە دېگەن بوي تارتىدۇ شۇ يەردىن،
ئەجىر دېگەن بۇ دۇنيادا ئۆلمەيدۇ.
ئىنسان رىزقى يېتىلمەيدۇ ئېتىزسىز،
كەپتەرلەرمۇ شۇندىن دانلاپ ئۇنلەيدۇ.

كىم كەپتىكەن بۇ ئالەمگە ئىككى رەت،
ھايات قايتا كۆكلىمەيدۇ، ئۇنمەيدۇ.
ئىنسان دېگەن ياشاش كېرەك باھاردەك،
ئانا يەرمۇ باھار بىلەن گۈللەيدۇ.

1992 ـ يىلى 3 ـ ئاي، غۇلجا



## سەن ماختىما ئۆزۈڭنى، ئادەم

سەن ماختىما ئۆزۈڭنى، ئادەم،
يارالدىم، دەپ پاكلىق نۇرىدىن.
سەندىن چىقتى بۇزۇپ كىرگەنلەر،
ئىشىك تۇرسا، باغقا شورىدىن.

ئەركىلىگەن ئىتنى ئەسلىتەر،
سېنىڭدىكى خۇشامەتگۇيلۇق.
تاجى يوقنى تالايسەن ئەپچىل،
تاجى بارغا قىلىپ خۇشخۇيلۇق.

بىرنى يەيدۇ، ئۇخلايدۇ هايۋان،
سېنىڭ نەپسىڭ ئەمما، باشقىچە.
سۇدا بېلىق تاپمىدى تىنىچ،
تاغدا ھەتتا قارا تاشقىچە.

ئۆتمەكتىسەن دۇنيادىن شۇنداق،
بىرىڭ كۆكلەپ، بىرلىرىڭ قۇرۇپ.
ئۆز - ئۆزۈڭگە ئىشەنمەي، شۇڭا،
ئىشىكىڭگە سالىسەن قۇلۇپ.

كەلگىنىڭ كۆپ هاتەمنى ماختاپ،
لېكىن هاتەم بولغانلىرىڭ ئاز.

چىڭ توۋلايسەن ھەق شوئارىنى،
ئەمما بەرگەن قۇربانلىرىڭ ئاز.

مىدىرلايسەن «ئالسام ـ بولسام» غا،
قاراپ باقسام، «قۇرۇتمىكىن» دەپ.
پىچىرلايسەن «ئۆزۈم بولسام» نى،
قۇلاق سالسام، «دۇرۇتمىكىن» دەپ.

چالۋاقىما ئارتۇقچە، ئادەم،
تىرىكلىكتىن ئۇنۋان تالىشىپ.
بىرسىڭ دەسسەپ، بىرسىڭ بېشىغا،
چىقماقچىسەن نەگە يامىشىپ؟

1992 ـ يىلى 4 ـ ئاي، غۇلجا





www.uyghurkitap.com

## ئارغامچىسى ئۇزۇن ئالەم بۇ

ئارغامچىسى ئۇزۇن ئالەم بۇ،
قويۇپ بېرەر ئۇزاق مەيلىڭگە.
غايىبانە كۆزەتتە ساڭا،
كىرىۋالماس ئەمما كەينىڭگە.

يىللار يەتمەس، قەرنەلەر يەتمەس
بىلمەك ئۈچۈن ياخشى ـ يامانىنى.
بۇغداي دېمە دۇنيانى تامام،
كۆرۈپ پەقەت بىرەر خامانىنى.

لاچىن ئەمەس ئۇچقانىنىڭ بەرى،
ھەر نەرسىنىڭ مەنزىل ـ چېكى بار.
نەدە بولغان قىرغاقسىز دېڭىز،
نەدە قىشنىڭ چەكسىزلىكى بار؟

ماختانغاننى كۆرسەن بىر كۈن،
مىنگەن ئېتى جىمدىن قاشاڭ.
ئەبجەق ئاندىن چۈشكەن ھارۋىسى،
قوغۇنلۇقى پىشماستىن ۋاشاڭ!

تىلەمچىگە نان بەرمىگەنلەر،
تىلەپ يەيدۇ ھەر كۈنلۈكنى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

زار يىغلايدۇ ئەركىلەر ئاخىر ،
تاپالماستىن ئەركىنلىكنى .

قازان نەدە قايناپ توختىماس ،
ئوچاق نەدە ئوتى ئۆچمىگەن ؟
چۆچۈپ كەتمە كەلكۈننى كۆرۈپ ،
يۇلتۇز نەدە مەڭگۈ ئۆچمىگەن ؟

ئارغامچىسى ئۇزۇن جاھان بۇ ،
بىلىپ قويغاي چالۋاقىغانلار .
تاڭلا ، بەلكىم بارچىدىن مۆمىن ،
بولار بۈگۈن غەلۋە قىلغانلار .

1992 - يىلى 4 - ئاي، غۇلجا



## تەمبۇر، دۇتارىم

تىياتىرغا قانچە رەت بېرىپ، تەمبۇر، دۇتارىم،
بولۇپ ياندىم گويا غېرىب، تەمبۇر، دۇتارىم.
سەھنىلەردە سىلەر يوق، كۆرۈنمەيدۇ راۋابمۇ،
قالدىڭلارمۇ سەپەردە ھېرىپ، تەمبۇر، دۇتارىم.
ئەلدىن ئۇقۇپ ھەيرانمەن، بۇگۈن تېخى بەزىلەر،
قالدى، دەپتۇ سىلەرنى قېرىپ، تەمبۇر، دۇتارىم.
كەلگىنىڭلار يادىدىن چىقىپ قاپتۇ شۇلارنىڭ،
ئاسمىنىنى ئالەمنىڭ يېرىپ، تەمبۇر، دۇتارىم.
بۇ دۇنيالىق ھۆزۈرنى كەلگەن ئىدى خەلقىمىز،
هارغىنىدا سىلەردىن ئېلىپ، تەمبۇر، دۇتارىم.
بەيگىسىدە سەنئەتنىڭ ئەمدى سىلەر كەم دىدار،
قالدى، شۇڭا سەھنىلەر چېنىپ، تەمبۇر، دۇتارىم.
بولدى بۇ ھال چىققاندەك تاشلىۋېتىپ تۇلپارنى،
ئۇزۇن يولغا بىر قېچىر مىنىپ، تەمبۇر، دۇتارىم.
بار ئەمەسمۇ ھەر ئىشنىڭ ئۆز لايىقى، ئۆز يولى،
كېسەككىمۇ بارغۇ بىر قېلىپ، تەمبۇر، دۇتارىم.
كۆندۈرگىلى بولامدۇ ئەل راينى ئاخىرى،
ئەلگە ياقماس بىر كۈيگە سىلىپ، تەمبۇر، دۇتارىم؟!
ئۆزىمىزنىڭ ئىدىڭلار، ئايلاندىڭلار ئۆزگىگە،
باقساق ئىدۇق ۋەجنى بىلىپ، تەمبۇر، دۇتارىم.

تۆھپىكارنى، سىلەردەك چەتكە قاققان خوپ ئەمەس،
چىققايسىلەر سەھنىگە يېنىپ، تەمبۇر، دۇتارىم.

1992 ـ يىلى 5 ـ ئاي، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# دەۋەرمە

(بىر رەھبەرگە)

كوتۇلدىسا، ئىنكاس دەۋەرمە،
غوتۇلدىسا، ھەق ـ راست دەۋەرمە.
زۇغۇي تولا چۆرەڭدە سېنىڭ،
بۇ جاھاننى تىمتاس دەۋەرمە.

كەم سۆز كېلۇر ئاقىللار ئەسلي،
جىم يۈرگەننى ئىنجاس دەۋەرمە.
لاپ ئۇرمىغان لايغەزەل بولماس،
ماختانغاننى يولۋاس دەۋەرمە.

ئەقىل ساڭا يار ـ يۆلەك بولسۇن،
كۆرۈنگەننى يولداش دەۋەرمە.
قەلەي دېسە، قەلەي ئىكەن، دەپ،
ئالماس دېسە، ئالماس دەۋەرمە.

قولتۇقۇڭدىن يۆلگەنلەرمۇ
قولداش بولماس، قولداش دەۋەرمە.
يىللار ئۇنى ئىمتىھان قىلسۇن،
ئەھلى خىزىر ئىلياس، دەۋەرمە.

1992 ـ يىلى 6 ـ ئاي، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## سەن ئېيتقان ناخشىلار

(ئىلى ئۇيغۇر ناخشىلىرىنىڭ داڭلىق ۋەكىلى ئابدۇۋەلى جارۇللايوۋ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىدا ئوقۇلغان.)

كەلمەدىم دۇنياغا شائىرلىق ئۈچۈن،
مەندىكى مۇددىئا: بىر ناخشا ئېيتماق.
بىر ناخشا ئېيتماقۇ — ئوي - پىكرىم پۈتۈن،
ئادەملەر ئاغزىغا شەربەت تېمىتماق.

كەم بولدى ۋە لېكىن ناخشا تەرىپى،
ئۇنتۇدى كۆپ يىللار بۇرچىنى قەلەم.
سۆزلەنمەي ناخشىنىڭ شانۇ شەرىپى،
سۆزلەندى ياشلىقتا باشقا بىر سەنەم.

ئۆزۈڭنى كاچاتلا، قەلىمىم، دېسەم،
بارمۇ، دەپ سورايدۇ: ئۆزۈڭدە ۋىجدان؟
قەغەزلەر تەڭ يىغلار پۇشايمان يېسەم،
گەر ئۆلسەك ئەپسۇستا، ئۆلمەسكەن بىر جان!

قۇرلىرىم تېگىدە ئەقىل ئىسيانى،
سوئاللار قىستايدۇ مىسرالىرىمنى.
ئەپسۇسلار ئىلكىدە تۈگىدى پانىي،
قەيەرگە يايىمەن يۇغان كىرىمنى؟

سەن ئېيتقان ناخشىدىن ئېسىمنى يىغدىم،
شۇ بولدى ھوشۇمغا كەلتۈرگەن مېنى.
ناخشىدا تىرىلدىم، چۈنكى ئەسلىدە،
ناخشىسىز سورۇنلار ئۆلتۈرگەن مېنى.

سەن ئېيتقان ناخشىلار مېنى ئويغاتقان،
تىرىلدى ئۆلگەنلەر، ئويغاندى غۇرۇر.
شەيتاننىڭ گۈللىرى قالدى ئويناتقان،
ناخشاڭدا ئوت سالدۇق، قىزاردى تونۇر.

قولۇمدىن تۇتقاندەك قىلدى كىم بىرى،
يوق مېنىڭ «كىم سەن» دەپ سورىغىنىممۇ.
شۇنىڭدىن باشلاندى مېنىڭ، مىلىك شۈكرى،
ئۆزۈمنىڭ ئۆزۈمنى تونۇغىنىممۇ.

سەۋەبى، سۆزلەندى ناخشاڭدا ئەقىل،
يولىدىن يالتايدى قانچىلاپ تەنتەك.
تەنتەكلەر ئۆلۈمگە قالغاندا يېقىن،
ئوڭشالدى پەلەك ۋە تۈزەلدى تەلپەك.

چىللىدى دەرسكە چېلىپ قوڭغۇراق،
ناخشىلار تېگىدە بىر مەكتەپ مېنى.
باشقىدىن تۇتاشتى ماڭا ئوت - پىراق،
يايرىدى باشقىدىن شائىرنىڭ جېنى.

مەندىكى مۇددىئا بىر ناخشا ئېيتماق،
مەن ئۈچۈن بىر ناخشا — بىر ئالتۇن تاۋاق.

ئالتۇننىڭ قەدرىنى بىلىدۇ زەرگەر،
ناخشىغا ئۇرىمەن ئۆمۈرلۈك چاۋاك.

ئەجەمدەك كۈي قايدا، لەيلۇندەك ناخشا،
ساز قايدا بىز ئۈچۈن دۇتار، تەمبۇردەك.
«ئاتۇشۇم» ئەتىۋا، «لەيلىگۈل» ئۆلمەس،
شۇلارسىز سەھنىلەر تۇيۇلار گۆردەك.

ئەتىگە ئالدىراپ كېلىمىز ئوقتەك،
بىلسەكمۇ ئەتىنىڭ قېرىتارىنى.
بىز ئۈچۈن ئەتىلەر ئەمەستۇر بۇتتەك،
بىلىمىز ئەتىدە ناخشا بارىنى.

ناخشىمىز ھاياتقا چېكىتلەر قويۇپ،
مىسال ئۇ قەبرىستان ئىمتاسلىقىغا.
ناخشىسىز يۈرگەنلەر ئىمجانىغا ھېساب،
نېمە دەي قەلبىنىڭ قاقاسلىقىغا؟!

ياراشتىڭ ھۆرمەتنىڭ تۆرىگە بۈگۈن،
ئۇزاقتىن داڭقىڭ بار ناخشا پىرى، دەپ.
ۋادىمىز قۇت تاپتى ئاۋازىڭ بىلەن،
ئاتاشتى تاغلارمۇ: ناخشا شىرى، دەپ.

باشلاندى شۇ ئەسىر سېنىڭ ناخشاڭدا،
سورۇندىن قالمىدىڭ، سەھنىدىن قالساڭ.
كوچىلار لەرزىگە كەلدى ئاخشامدا،
«لەيلۇن» نى چىڭ تۇۋلاپ سورۇندىن يانساڭ.

سەكسەندىن ھالقىدىڭ، يەتمىش يىل سايراپ،
يوق سېنىڭ ناخشاڭنى داڭلىمىغانلار.

ئاڭلىغان ئاشىقنىڭ دىل ـ قەلبى يايراپ،
ئارماندا كېتىشتى ئاڭلىمىغانلار.

بىھوشلۇق ئىلكىدە قويدۇڭ باغلارنى،
قانچە رەت مەست ياتتى بىپايان دالا.
تۇمەننىڭ ئۇستازى بولۇپ يېتىلدىڭ،
ئون ياشتا مەشرەپكە كىرگەن بىر بالا.

سەن ئېيتقان ناخشىلار كەزمىگەن جاي يوق،
كارۋان بوپ قوندۇڭ سەن ئۆتەڭلەردىمۇ.
خامانلار چەشلىدىڭ دېھقان يېنىدا،
ناخشاڭ بار باغۋەنلەر تۆككەن تەردىمۇ.

ئەجرىڭگە داۋۇتجان داڭقى دەللىدۇر،
ئەقدەڭ چىنارى تاشلىدى سايە.
ئۆستۈردى شۇلارنى ناخشا تۆككەن نۇر،
شاخلىدى، گۈل ئاچتى سەندىكى غايە.

ئاۋازىڭ يەتكەن جاي بولدى بەختىيار،
شادلاندى يېنىدا خۇددى سەن باردەك.
سەن ئېيتقان ناخشىلار چاڭقىغانلارغا،
چاي بولدى ئىلكىدە خۇددى قەن باردەك.

ياشلىقىڭ ناخشىدا باھاردەك ئۆتتى،
شان ـ شەرەپ يار بولدى ياشانغىنىڭدا.
دوستلىرىڭ قوش قەدەھ، شەھرىڭ گۈل تۇتتى،
بەئەينى شاھ بولدۇڭ ياشارغىنىڭدا.

ناخشىنىڭ پىرى، دەپ قول بەردۇق ساڭا،
ناخشىچى بوپقالساق ئەجەب ئەمەس، دەپ.

ئۇلۇغۋار ياشايدۇ ناخشا ئېيتقانلار،
يۇرمدۇق بىز ئۇنى ئاددىي ھەۋەس، دەپ.

كەلمدىم دۇنياغا شائىرلىق ئۈچۈن،
مەندىكى مۇددىئا: بىر ناخشا ئېيتماق.
بىر ناخشا ئېيتماق ھەم سەندىن بىلگىنىم —
ئادەملەر قەلبىگە شەربەت تېمىتماق.

1992 ـ يىلى 20 ـ ئىيۇن، غۇلجا





www.uyghurkitap.com

# ۋىجدان ۋەجدىن

(كىنايە)

ۋىجدان مېنىڭ ياقامنى سىقتى،
ۋىجدان مېنى بالاغا تىقتى.
مەن ۋىجداندىن نىجاتلىق كۈتسەم،
جىمى پېشكەل ۋىجداندىن چىقتى.

شۇڭا، بىرى: ئۇنداق ۋىجداننى،
يوقات نېرى، سېتىۋەت! دېدى.
ساڭا ئوخشاش «ۋىجدان» دېگەننىڭ،
چىشلىرىنى چېقىۋەت! دېدى.

ئايالىممۇ دېدى: ۋىجدان، دەپ،
قالمىدىڭمۇ، كۆرمىگىنىڭىز؟
بىر ئۇستىخان، بىر تېرە بولۇپ،
قالدى پەقەت ئۆلمىگىنىڭىز!

پۇلىڭىز يوق، ۋىجدانىڭىز بار،
كىم ۋىجدانغا بەردى بىر ناننى؟
ئاچ ـ توق يۈرەر بالىلىرىڭىز،
سېتىۋېتىڭ ئۇنداق ۋىجداننى!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شۇ گەپلەرچە چىداش ئاسانمۇ،
ئۆلۈۋالاي دېسەم، جان تاتلىق.
ئاسمان يىراق چىقىپ كەتمەككە،
كىرىپ كېتەي دېسەم يەر قاتتىق!

ماڭا كەسىپ تولىغۇ ئاخىر،
نان ساتىمەن، ۋىجدان ساتمايمەن.
قانداق كۆنەي ۋىجدانسىز ياشاپ،
قان ساتىمەن، ۋىجدان ساتمايمەن!

1992 ـ يىلى 7 ـ ئاي غۇلجا

# ئارتىس قىزنىڭ ئانىسى

ئەسكى ياغلىق بېشىدا، ھېچكىمى يوق قېشىدا،
تىترەپ بارار كوچىدا ئارتىس قىزنىڭ ئانىسى.
ئولجا كەتكەن لەگلەك ئۇ، چۈشەر جايى چاتقاللىق،
ئۈلاپ بولماس يېرىدىن ئۈزۈلۈپتۇ تانىسى.

غازاڭغىمۇ ئوخشايدۇ بىچارىنى ئوخشاتساڭ،
قايسى دەرەخ شېخىدىن چۈشكىنىنى بىلمەيسەن.
غازاڭ ئەمەس، دەرەخ ئۇ، قۇرۇپ كەتتى سۇ ئىچمەي،
راست گەپ، ئەمما دېگەن گەپ دەرد تارتقانغا ئۆلمەيسەن.

گويا بارار بىر جەسەت چوڭ كوچىدا مىدىرلاپ،
ھەپتە بولدى شۇ ھالدا، يىقىلمىدى ھېلىمۇ.
قىلدى بوزەك قارا قىش ئۈستى يالاڭ ئايالنى،
تۈگەپ قالدى ئۆيىدىن ئېلىشۋالغان نېنىمۇ.

ئۇ قېتىدىن كەلدى ئۇ بۇ شەھەرگە دەريانىڭ،
ئىزدىمەسكە قىزىنى مىسكىن كۆڭلى ئۇنۇماي.
ئۆتۈپ كەتتى ئارتىس قىز ئانىسىنىڭ يېنىدىن،
كۆزى تونۇپ تۇرسىمۇ، ئەمما كۆڭلى «تونۇماي».

يالاڭ چاپان يات قىلدى ئۆز قىزىنى ئانىغا،
كىم چىدايدۇ بۇ دەردكە، ئەمما ئانا چىدىدى.

قانچە ـ قانچە مۇشكۈلنى چەيلەپ كەلگەن بىلەن ئۇ ،
ئەمما بۇ رەت بىچارە يىڭىباشتىن جۇدىدى.

شەيتان بۇزغان ۋۇجۇدى غالىب كەلدى قىزنىڭ،
قاراپ قالدى ئانىسى، كەتكىنىدە بۇرالماي.
تاپتى ئانا شۇندىمۇ ياتىقىدىن قىزنى،
قىزى يەنە قايتقۇچە ئۇندا ساقلاپ تۇرالماي.

قىز بېشىغا غەم چۈشتى: قىز ياتىقى ئانىغا —
بولۇپ قالدى پاناھ جاي شۇ ئاخشامدىن باشلىنىپ.
پەرزەنتىنىڭ يېنىدا ئاتتى قانچە سۇزۇك تاڭ،
قالدى، ئەمما بىچارە كۈندۈزلىرى تاشلىنىپ.

قىز سەھەردىن قايتقۇچە ئانا يۈرەر كوچىدا،
قايتمىغۇچە، چىنپۇتۇڭ، ئېچىلمايدۇ ياتىقى.
كېتىپ قالار نەگىدۇر يەنە يېنىپ ئويىۈندىن،
ئانا بىلەن بولماستىن ئەسلا كارى ـ چاتىقى.

ئانا كېلەر ئايلىنىپ قانچە قېتىم ئىشىككە،
تەنھا ياتاق بوش، ئەمما كىرگۈزمەيدۇ قۇلۇپ پوست.
تۈن تەڭگىچە ئىشىكتە ئۆرە تۇرار بىچارە،
قىزى قايتىپ كەلگۈچە نەلەردىندۇر كۆڭلى خۇش.

شۇ ئايالنى سوراشتى ئارتىس قىزدىن قانچىسى،
جاۋابىدا بوپقالدى: تۇغقىنىنىڭ تۇغقىنى!
تېلېۋىزوردىن كۆرگەندە پەخرلەنگەن ئانىنىڭ،
بىكار بولدى، ۋاي ئىست، قىزنى ئىزدەپ چىققىنى.

ھەپتە تۇردى شۇ ھالدا، كۈندۈزلىرى كوچىدا،
قىزى بىلەن ۋە لېكىن قولتۇقلىشىپ ماڭمىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قاقتۇرۇشقا نەدە پۇل ئايغىنىڭ چەمنى،
قىزى تۇرۇپ چوغلۇقتەك، يىڭى ياغلىق تاڭمدى.

تىياتىرغا خۇمار ئۇ، كىرەلمەيدۇ پۇلى يوق،
ئەپسۇس، ئۇنى ئارتىس قىز ئېلىپ كىرمەس «ئانام» دەپ.
ئانا تۇرار تالادا، ناخشىسىنى قىزىنىڭ،
ئاڭلىغاندا كانايدىن: ئاشۇ مىنىڭ بالام! دەپ.

قىز سەھنىدە سايرايدۇ، گۈرۈلدەيدۇ تۆۋەندىن —
ياشاپ كەتسۇن تۇمەن يىل سىنى تۇغقان ئاناڭ! دەپ.
ئانا، ئەمما تالادا، ئۇنى قىزىم دىگەنچە،
ئىشەنمەستىن بىر توپ ياش كۈلۈشمەكتە: «ساراڭ!» دەپ.

ھار كەلمەمدۇ ئانىغا شۇ كۈلكىلەر، شۇ سۆزلەر،
ئۇنى، بىراق كۈلۈپتىن قىزى چىقىپ ئاقلىماس.
چولپان بولۇپ سەھنىدە چاقنىغاندا ئۇ ئۆزى،
بولۇپ قالدى قەلبىدە «ئانا» سۆزى چاقنىماس.

ئانا كەتتى ئارماندا ھەپتە ئۆتۈپ كۆزى ياش،
كەلگىنىگە بەزىدە پۇشايمانمۇ يەپ قالدى.
ئانىسىغا قىلغانىنى بالىسىدىن كۆرمەس كىم،
يىراق ئەمەس، شۇ قىزمۇ ئانا بولاي دەپ قالدى.

1992 ـ يىلى 7 ـ ئاي، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تاغلاردىن شېئىرىي تەسراتلار

## تاغ لىرىكىلىرى

تاغ يوللىرى، ئەگرى يوللىرى،
چوققىلىرى ئەرشكە يېقىن.
ئاق بۇلۇتنى بارار ئارىلاپ،
شارقىرايدۇ ئاستىدا ئېقىن.

تاغ يوللىرى ــ تەشۋىشلىك يوللار،
جايى جەڭگاھ، جەسۇرلار يولى.
تاپىنىدا تاغلار گەجگىسى،
تاغنى يەڭگەن باتۇرلار يولى.

تاغ يوللىرى ــ ئۆمۈر يوللىرى،
ئەگىملىرى، خەتەرلىرى بار.
گاھ چېكەرگە تامام مۇشەققەت،
گاھ قۇچارغا زەپەرلىرى بار.

تاغ يوللىرى ــ ئاجايىپ يوللار،
تەگسىز هاڭ ۋە داۋانلىرى بار.
ماڭغانلارنى قىلار ئىمتىھان،
قىيالاردا سوئاللىرى بار.

تاغلار گويا ئۆلمگەن پالۋان،
ئوق تەگسمۇ يەتمش يېرىگە.
تاغ يوللىرى، ئىنسان بېشىنىڭ،
ئوخشايدىكەن كەچمىشلىرىگە.

## سەن تاغلارنى كۆرگەنمۇ

سەن تاغلارنى كۆرگەنمۇ،
قارىغايلىقتا يۈرگەنمۇ؟
مەن تاغلاردەك بولسام دەپ،
سەنمۇ خىيال سۈرگەنمۇ؟

سەن تاغلاردا يۈرگەنمۇ،
تاغدا مېڭىپ كۆنگەنمۇ؟
سەنمۇ مەندەك تاغلارنى،
يۈرىكىڭدىن سۆيگەنمۇ؟

سەن تاغلارنى كۆرگەنمۇ،
ئاساۋ تۇتۇپ منگەنمۇ؟
تاغ دېگەننىڭ جەننەتتەك،
بولارنى بىلگەنمۇ؟

سەن تاغلارنى كۆرگەنمۇ،
مەندەك ئويناپ كۈلگەنمۇ؟
يۈر، دېسەممۇ كەتكۈڭ يوق،
تاغقا ئالتۇن كۆمگەنمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## بىر يېشىل ئالەم ئۆزۈك

كۆكسۈڭدىن ئەمگەنلىرىم ھۇزۇر بولدى،
يوق، ئەمما تارقىغىنى خۇمارىمنىڭ.
ئۆزگە كەتتى ئوخشاپ ھەربىر تېشىڭ،
بوينۇمغا ئېسىۋالغان تۇمارىمنىڭ.

چۆللەرنى كىم ياراتقان، يايلاقنى كىم؟
تەكتىگە يېتەلمىدىم بۇ ھېكمەتنىڭ.
دەشتلەرگە ئېلىپ كەتكۈم كەلدى سېنى،
ۋەجىدىن ساڭا بەرگەن مۇھەببەتنىڭ.

مۇرادسىز جىلغىلارنى كۆرگىنىم يوق،
يەلپۈنگەن ئوتلاقلاردا تامام ۋىسال.
شاماللاردا سېنىڭ شىرىن تىنىقلىرىڭ،
تەلەيگە يامغۇرلارنىڭ ئۆزى مىسال.

قىزىلنۇر قىمىزىڭدىن چىقتى ئۆرلەپ،
مەڭزىمگە، مەڭزىم خۇددى شەپەق بولدى.
ئۈستىگە چىققىنىمدا بەيگىلەرنىڭ،
جىسمىمغا خۇددى بۈركۈت روھى قوندى.

ئاي بىلەن يۇلتۇز كۆردى كېچىلىرى،
باغرىڭغا بېشىم قويۇپ ياتقىنىمنى.
سۇ بولۇپ ئاقتىم كۈندۈز سايلىرىڭدا،
قارىغايلار كۆردى ئۆركەش ئاتقىنىمنى.

سېنىڭدەك قەدىردان يوق قوي - قوزىغا،
ئالتۇنغا ئايلىنىپتۇ ئات يايلىسى.

يىلقىلار دۈپۈرلەيدۇ يۈرەكلەردەك،
چىللايدۇ چوققىلاردا قار لەيلىسى.

يايلاقتا يۈردۈم دېسەم سەيلە قىلىپ،
مىڭ قۇتىنىڭ قۇچىقىدا يۈرۈپتىمەن.
يېنىمدا تۇرسا بېهىش، مەن بېهىشنى،
بىلمەستىن باشقا خىيال سۈرۈپتىمەن.

بىر يېشىل ئالەم ئۆزۈڭ، يايلاقلىرىم،
جەننەتنىڭ بىر پارچىسى زېمىندىكى.
سېنىڭدەك يېشىل قىلىش چۆللەرنىمۇ،
بىر ئارزۇ بولۇپ قالدى مېنىڭدىكى.

1992 ـ يىلى 8 ـ ئاي، غۇلجا



## تاغلاردىن سالام

تاغلاردىن ساڭا مەكتۇپ يازدىم، گۈلۈم،
قويىنغا سايلار سېنى چىلىلغاچقا.
نە ئېتەي، يېڭىباشتىن تۇتتى ھىجران،
تەنھالىق تاغدا مېنى قىينىغاچقا.

ۋارقىراي دېسەم سېنى ھەر چوققىدىن،
مەيلىمگە مېنى قەلبىم قويمىغاچقا.
تاغ ئىچى مۇھەببەتكە تولۇپ قاپتۇ.
جۈپ بولۇپ قىز - يىگىتلەر ئوينىغاچقا.

مەنگىنى تامام تۇلپار كىشنەپ تۇرغان،
سەكرەيدۇ، سۆيگۈ دېسە تاشتىن - تاشقا.
چال، كەمپىر ھۇزۇر ئالار ئىكەن شۇندىن،
ئۇلارمۇ ياشلىقنى ئويلىغاچقا.

قاپتالدىن - قاپتاللارغا ئۇچار سۆيگۈ،
ناخشىلار ئايلىنىپتۇ قارلىغاچقا.
تاغلىقلار ناخشىلارنى قۇت دەيدىكەن،
ئۆلەڭدىن ئۆزگە بايلىق يىغمىغاچقا.

شۇلاركەن بۇ تاغلارنى ئاۋات قىلغان،
تاغلارنىڭ بوپتۇ، شۇڭا ھۆسنى باشقا.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەنمۇ ھەم ناخشچى دەپ ئاتاق ئالدىم،
ناخشدىن ئاۋۋال ناشتا قىلمىغاچقا.

كەل، گۈلۈم، تالاي ئاۋۋىل يۈرەر رەنجپ،
بىلمەيسەن بىر تۈن كىلىپ قونمىغاچقا.
تۈگمەي كەتتى يازغان خەتلرىممۇ،
شادلىقىم يۈرىكىمگە سىغمىغاچقا.

1992 ـ يىلى 8 ـ ئاي، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## يىغلاپ قايتتىم قەبرەڭدىن، ئانا

يىغلاپ قايتتىم قەبرەڭدىن، ئانا،
ئۆيگىچە تالماي سېنى ۋارقىراپ.
ئۇچرىغانلار تۇستى ئالدىمنى،
كۆز يېشىمنىڭ ۋەجىنى سوراپ.

تۇگمەيدۇ ئىبىتقانىغا دەردىم،
يىغلىۋەتتى ئاڭلاپ شۇلارمۇ.
تەبىئەتمۇ چۆكتى جىمىلىققا،
يىغلىۋەتتى ئاققان سۇلارمۇ.

بۇلۇڭلاردىن يۈرىمەن ئىزدەپ،
ئۇۋۇقنى سەن ياققان نانىنىڭ.
قىرىۋالدىم قالدۇقلىرىنى،
تەۋەررۈك دەپ سەن ياققان شامىنىڭ.

ھىدىڭ قاپتۇ سالغان كۆرپەڭدە،
يەڭلىكلەردە ئاققان تەرلىرىڭ.
سىلاپ يۈردۈم كۆسەيلىرىڭنى،
قەيەردە، دەپ تۇتقان يەرلىرىڭ؟

ئانا، شۇۋاق سۇپۇرگەڭنىمۇ،
تىزىپ قويدۇم ئۆينىڭ تۆرىگە.

راست گەپ ئىكەن ئوخشايدۇ، دېگەن،
ئانا سۆزى ئۇلۇغ سۇرىگە.

بىراق، ئانا، شۇ سۆزلىرىڭنىڭ،
ئەسلىيەلمىدىم تالايلىرىنى.
تىلىگەنتىڭ مەنچۇن تەگرىدىن،
پاراغەتنىڭ سارايلىرىنى.

مەنمۇ بۇگۈن پەرزەنتلىرىمگە،
تىلىمەكچى شۇنداق تىلەكنى.
دېيەلمىدىم، بىراق جان ئانا،
«تىلەك» دېگەن سۆزدىن بۆلەكنى.

نېمىلەر دەپ تىلىۋىدىڭكىن،
سورىۋالماي ئەجەب قىپتىمەن.
ئەپسۇس ـ ئەپسۇس، شۇئان دەپتەرگە،
يېزىۋالماي ئەجەب قىپتىمەن!

يىغلاپ قايتتىم قەبرەڭدىن، ئانا،
ئويغىتالماي سېنى ۋارقىراپ.
ئوت تۇتاشتى باشقىدىن ماڭا،
شۋاقلاردىن ھىدىڭنى پۇراپ.

1992 ـ يىلى 9 ـ ئاي، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ياتلاشتۇق

(مۇخەممەس)

يامان كۈنلەردە تۇغقانتۇق، روناق تاپقاندا ياتلاشتۇق،
پالاستىن تەستە ئايرىلساق، كىگىز باسقاندا ياتلاشتۇق،
سارايلار بۇزدىمۇ بىزنى، گىلەم ئاسقاندا ياتلاشتۇق،
تامام ئۇنتۇلدى ھەم زاغرا، توقاچ ياققاندا ياتلاشتۇق،
ئۇچۇپ چىقتۇق دىبسەك كۆككە، قانات قاققاندا ياتلاشتۇق.

تىزىق مونچاق ئىدۇق بىزلەر ئانام بويىندىكى گويا،
سۈزۈك ئالما ئىدۇق بەش تال، ئاتام قويىندىكى گويا،
ئۇچار قۇشلار ئىدۇق ھەمدە ئاشۇ ھويلىدىكى گويا،
تۈگەل لەگمەن ئىدۇق ياكى كۈمۈش چويلىدىكى گويا،
بىراق بىزنى جاھان ھەريان ئۈزۈپ تارتقاندا ياتلاشتۇق.

ئوتتۇن تەرگەن ئىدۇق بىر چاغ يۈرۈپ جاڭگالدىمۇ بىللە،
بوران چىقسا ماكان ئەتكەن ئىدۇق ئازگالنىمۇ بىللە،
ئېكىن ئەكتۇق چىپىپ كەتمەن، چىقىپ داڭگالنىمۇ بىللە،
باراتتا بىللە بولغانتۇق، ئېيتىپ رامزاننىمۇ بىللە،
چىرايلىق ئۆي تۇتۇپ ئەمدى، ئوتتۇن يارغاندا ياتلاشتۇق.

ئانام كەتتى بىرەر ئۆيدە تۈزۈك تۆت كۈن تۇرالماستىن،
ئېلىندى تاختىغا نانلار، ئازابلاندى سورالماستىن،

دادامنى مەنمۇ كەتكۈزدۈم بىرەر ئوغلاق سويالماستىن،
مىراس ماجىراسىغا چۈشتۈق تېخى قىلچە ئويلىماستىن،
شۇلار ھەسرەت بىلەن نىمجان تىنىپ ياتقاندا ياتلاشتۇق.

زۆرۈر بولسا مالاي قىلدۇق: شۇلارغا نەۋرە باققۇزدۇق،
كېلىنلەر چاچ سوقۇپ يۈردى، شۇلارغا نانىنى ياققۇزدۇق،
تېزەك ياققانىنى ئاز كۆرۈپ، شۇلارغا ئۆچكە ساغقۇزدۇق،
تېخى غالۋارىدۇق بەزەن، جاھاندا يوقنى تاپقۇزدۇق،
باقار چاغدا باھانە كۆپ، بەدەر قاچقاندا ياتلاشتۇق.

ئاتا كەتتى، ئانا كەتتى، دېمەك، بىزدىنمۇ ياز كەتتى،
قېرىنداشلىق بىناسىنىڭ يامان يېرىگە دەز كەتتى،
ئىچەرگە ئاش، كىيەرگە تون، چالارغا بىللە ساز كەتتى،
ئارىدىن سەلتەنەت تاجى — ئاجايىپ ئىمتىياز كەتتى،
شۇلار كەتتى، يوغان ھويلا غېرىب قالغاندا ياتلاشتۇق.

ئۇزاق ئۆتمەي سۆكۈت يۈتتى، مىراس ۋەجىدىن گەپ چىقتى،
بىرسى ئەلچى قويۇپ ئاستا، بىرسى ئاشكارا دەپ چىقتى،
بىرسىدە يەڭ شىمايلاغلىق، بىرسى چەيدۇ بىلەپ چىقتى،
ھازازۇل نەپسىمىز ئاخىر جىمى ئىشنى سۆرەپ چىقتى،
قىرىق يىللىق قېرىنداشلار مىراس ئالغاندا ياتلاشتۇق.

شۇنىڭدىن بېرىكى كۈنلەر ئۆتەر ھېچكىمنى خۇش قىلماي،
قويامدۇ غۇم - ئاداۋەتلەر ئارادا يازنى قىش قىلماي؟!
تىنىقتىنمۇ تولا «كوت - كوت» كېسەكنى كەلدى خىش قىلماي،
يۈرەر شەيتان توشۇپ گەپ - سۆز، ئۇنىڭدىن ئۆزگە ئىش قىلماي،
نىزا گۈلخانلىرى دىلدا كۆيۈپ يانغاندا ياتلاشتۇق.

خوتۇنلار پادىشاھ بولدى سېنى بەللەپ، مېنى بەللەپ،
خوتۇنلارغا «خوتۇن» بولدۇق، ئېغىز ئاچساق، قوپار «سەن»لەپ،

كېلىنلەر بىر چىنە چاينى ماڭا بەرگەن بىلەن دەملەپ،
ئاتار كەينىمدە غەيۋەتنىڭ يەنە ئوقيارىنى دەللەپ،
شۇلارنىڭ كەينىدىن بىزمۇ تۇگەل چاپقاندا ياتلاشتۇق.

ئۆگەندۇق ئەرزىمەس ئىشقا تۇرۇپ قېيداش، يامانلاشنى،
ئۆتەرمىز ئۇچرىشىپ قالساق، ئارانلا لىڭشىتىپ باشنى،
قېرىنداشلىقنى كىم بىلگەن بۇ خىل ئاسان تاماملاشنى،
نىزادا ئۆتتى ھېيت ــ ئايەم، قىلالماي جەم قېرىنداشنى،
ئىناقتۇق كەپىدە، توۋا، ساراي سالغاندا ياتلاشتۇق.

قېرىنداش بوپ يارالغانلار تامام بىزدەكمىدۇر دەيمەن،
قۇيۇنلار قۇترىغان ياكى دالا ــ تۈزدەكمىدۇر دەيمەن،
بېغىدا، ھېچ باھار، ياز يوق، خازان كۈزدەكمىدۇر، دەيمەن،
دىلىدا قىلچە ئاپتاپ يوق، سۆزى مۇزدەكمىدۇر، دەيمەن،
يۇمۇپ كۆز بارچە نۇقسانىدىن، تۇگەل تانغاندا ياتلاشتۇق.

1992 ــ يىلى 11 ــ ئاي، غۇلجا



## ئۆمۈر ئىلھاملىرى

ھايات دەپ ئاتىشىدۇ تۇغۇلماقنى،
لېكىن ئۇ ئۆلۈمنىڭمۇ تەرەددۇتى.
شۇندىمۇ ئىسسىق بەرگەي ئۆز ئېلىگە،
ھەركىمنىڭ ئاز بولسىمۇ ياققان ئوتى.

ئوت ئىدىم لاۋۇلدىغان، بىراق بىر كۈن،
يېنىمغا بىرسى كەلدى، ئۆچۈپ قالدىم.
ياندۇردى بىرسى كېلىپ يەنە مېنى،
ئەمما، مەن كۆيەي دېسەم چۆچۈپ قالدىم.

ئاددىي شام بولغىنىم بار، ئەمما بىر مەش،
بولالماي كەلدىم ئىسسىق تاراتقىلى.
بارىمەن تاتىلاشتۇرۇپ، شۇنداقتىمۇ،
يارالغان، چۈنكى مەنمۇ ياراتقىلى.

1992 ـ يىلى 12 ـ ئاي، غۇلجا

## شان ـ شەرەپ، ئىشەنگىن قەسەملىرىمگە

ــ 1992 ـ يىلى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان باھالاش پائالىيىتىدە ئوقۇرمەنلەر ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئۈچ شائىرنىڭ بىرسى بولۇپ باھالانغانلىقىم مۇناسىۋىتى بىلەن

ئاز ئەمەس ئىشقىڭدا كۆيۈپ يۈرگەنلەر،
بېشىڭدا مىليونلار گويا پەرۋانە.
ئىزىڭغا چۈشكەندىن ئاشتى ھەسسىلەپ،
ئالدىڭغا بارغانلار بولۇپ «دىۋانە».

سەن چىراي ئاچمىدىڭ يالۋۇرغانلارغا،
سايەڭنى سۆيگەنلەر ئىدى تۇمەنمىڭ.
يېلىنىپ سۆيگەننىڭ يولى باشقىدۇر،
ھۆكمى ھەم يار ئۆزى كېلىپ سۆيگەننىڭ.

توساتتىن ئالدىمدا سەن ئۈندۈڭ مانا،
ئاھ، مېنىڭ دۆلەتمەن بولغىنىم مۇشۇ.
ئۆيۈڭنى ھەر كېچە ئايلىنىپ يۈرۈپ،
ھۇجراڭدا بىر كېچە قونغىنىم مۇشۇ.

بىلمەيمەن، سەن مېنى كەلدىڭمۇ ئىزدەپ،
ئالدىڭغا مەن ياكى باردىممۇ باشتا.

بىلمەيمەن، قانداقچە تېپىشىپ قالدۇق،
نېسىۋەم بارمۇ يا سەن ئەتكەن ئاشتا؟

بىلمەيتتىم كويۇڭدا يۈرگىنىم بىلەن،
كىملەرگە ئاشىقمەن، كىملەرگە مەشۇق؟
تاۋكاغا قىستىلىپ كىرىش ئاسانمۇ،
ئاتماق ھەم ئاسانمۇ سەن ئۈچۈن ئوشۇق؟

تۆت ئادەم بار يەردە سەن توغرۇلۇق گەپ،
گەپ قوشماي قانداقچە تۇرالاي چەتتە.
كىملەردۇر ماختانسا سەن بىلەن دائىم،
سورۇندىن قايتاتتىم ئەلەمدە ـ دەردتە.

قۇش كەبى، ئاھ، قانداق قوندۇڭ بېشىمغا،
سەن كۆكتە، مەن پەستە ئىدۇققۇ، چۈنكى؟
تەشەككۇر! ناندەك ئاق قەلبىڭ بېرىپتۇ،
ئاجايىپ بەختنى ماڭا بۈگۈنكى.

— تەلەيلىك ئىكەنسەن! — دېدى دوستلىرىم، —
يار بوپتۇ بەختىڭگە شان ـ شەرەپ قىزى.
مەڭزىمگە سۆيۈپ قوي قۇچاقلاپ، شۇڭا،
قالسىمۇ چىدايمەن چىشىڭنىڭ ئىزى.

قۇترارمۇ كۈنداشلىق، دەيمەن بەزىدە،
ئاھ، ئاجراپ كېتەرمۇ قولۇڭ بوينۇمدىن؟
چۆرەمدە كىمنىڭدۇر خۇنۇك سايىسى،
كېتەرمۇ ئالامنى ئېلىپ قوينۇمدىن؟

گۈل ئۈنسە، تىكەنمۇ ئۈندۇ بىللە،
ئايلىنىپ باغلارغا باھار كەلگەندە.
باغ بولاي ساپ گۈللەر خۇش پۇراق چاچقان،
ئىلاھىم، تىكەنلەر ئۈنمىسۇن مەندە.

دوقمۇشتا بىر شەيتان بارلىقى بەرھەق،
ئەگرىسى تولدۇر ئىنسان يولىنىڭ.
قازارمەن گۆرىنى ماختانچاقلارنىڭ،
ماختىنىش بار يەردە سايەم يوق مېنىڭ.

«مەن ـ مەن» لىك قولۇمدا ئىسلار دارغا،
تەمەننا دىگەننى ئۇرغىنىم ئۇرغان.
چاپمايمەن رەزىللەر كەينىدىن، چۈنكى،
ئانامنىڭ روھى بار كۆزەتتە تۇرغان.

قەسەمگە تىزلاندىم ئالدىڭدا سېنىڭ،
ئاسىيغا ئايلىنىپ ئاينىسام ئۆلەي.
تاختىلار پىلەكسىز قالمايدۇ ئەسلا،
سەن بىلەن پىلەكلەر يايمىسام ئۆلەي!

بىر ئۆزۈم قىسمايمەن سەن بەرگەن گۈلنى،
غادايماس، غادىيىپ كۆرمىگەن بويۇم.
ھەسەتلەر نە ھاجەت ماڭا ئالەمدە،
بولدىغۇ سەن بىلەن گوياكى تويۇم.

كۈن چىقتى تېغىدىن شائىرلىقىمنىڭ،
قۇت ياغدى باشقىدىن مىسرالىرىمغا.
شان ـ شەرەپ، قوبۇل قىل قەسەملىرىمنى،
ئېيتىپ قوي ھەم جىمى ئەسرارلىرىمغا.

1993 ـ يىلى 2 ـ ئاي، غۇلجا

# ناخشىلارنىڭ سەرخىلى

(قەشقەر خەلق چاتما ناخشىلىرىغا)

دادام سېنى ئېيتاتتى، ئانام سېنى ئېيتاتتى،
شەجەرەمدە سەن ئىدىڭ ماڭا خەتلەپ بەرگىنى.
دادام ئېيتىپ داڭلايتتى، ئانام ئېيتىپ قانمايتتى،
مەرھۇملارنىڭ شۇ ئىدى جاھاندا تاج كىيگىنى.

قۇت ۋەجدىن بىر قۇشقا ئايلانسامۇ مەن بۈگۈن،
قانداق بولغاي سېنىڭسىز كۆكتە قانات كەرگىلى؟
ماختىنىشقا ھەققىم بار: تەكتىم دېھقان بولسىمۇ،
ناخشا، دەيمەن، تارىخقا ئەجدادىمنىڭ تەرگىنى.

مەن گۆھەرگە باقمىدىم، ساڭا باقتىم ئەڭ ئاۋۋال،
ئۈزاق بولدى مەن ساڭا بۇ كۆڭلۈمنى بەرگىلى.
گۇناھ بولدى، بىراقتا ساڭا سەجدە قىلغىنىم،
ئاز تارتتىممۇ بىر چاغلار بۇ ئىشقىنىڭ دەردىنى؟

غېرىبلىقتا بىر ئۈزۈك بەزلىگەنتىڭ، يىغلىسام،
تىڭشايدىغان قۇلاق يوق ئادالەتنىڭ ئەرزىنى.
ئەل كۆزىدە شۇندىمۇ، كەچمىگەنلەر سېنىڭدىن،
بولدى ئاخىر ئاقلىغان ئاتا ـ ئانا قەرزىنى.

كۆتۈرىمەن بېشمنى ياستۇقدىن ئەجەلنىڭ،
قىشمۇ ماڭا سەن بىلەن بولار باھار مەزگىلى.
پېشانەمگە تەقدىردە پۈتۈپ كەتكەن بىر قۇتسەن،
ھېيت ـ ئايەمنى باشلايمەن سېنىڭ بىلەن ھەر يىلى.

«ۋاڭ ـ چۇڭ» لاردىن، نە ئېتەي، قۇلىقىمغا ئارام يوق،
قوچۇۋەتتى بېشمنى ناخشىلارنىڭ ھەرخىلى.
ئېپار نېمە، ئىس نېمە، پەرق ئەتمەس نادانلار،
سەن، سەن پەقەت مەن ئۈچۈن ناخشىلارنىڭ سەرخىلى!

1993 ـ يىلى 4 ـ ئاي، غۇلجا



## تۇغۇلمىغانلارغا

ئوتى ئۆچمىگەن قازانلارغا ئوخشايدۇ ئالەم،
ئوتتىن ئۇلۇغ كۈرەشلەرگە چىدىساڭ، كەلگىن.
چىنپۇتمىگىن: پاراغەتكە تۇغۇلدۇڭ، دېسە،
سالقىنى يوق چۆل - دەشتلەرگە چىدىساڭ، كەلگىن.
گاھ رىزقىڭ ئاق نان بولسا، گاھى تېرىقتۇر،
كۆلدىن ئالغان كۆمەشلەرگە چىدىساڭ، كەلگىن.
گاھ كۈنلەردە هارام ساڭا كۈندۈز راھتى،
ئەسكى تامدا تۈنەشلەرگە چىدىساڭ، كەلگىن.
كىم ئېيتىدۇ «دوست» تارتقاننىڭ ھەممىسى دوست، دەپ؟
چۆرەڭدىكى كۈندەشلەرگە چىدىساڭ، كەلگىن.
قىزىپ تۇرار قۇلاقلىرىڭ غەيۋەتلىرىڭدىن،
كىملەردىندۇر كۈندەشلەرگە چىدىساڭ، كەلگىن.
ھايات دېگەن مەۋج ئۇرۇپ ئاققان بىر دەريا،
ئۈزمەك ئۈچۈن ئۈركەشلەرگە چىدىساڭ، كەلگىن.
ھەركىم كېلىپ سۆيۈۋەرمەس ئىككى مەڭزىڭگە،
گاھ ھەم قارا سۈركەشلەرگە چىدىساڭ، كەلگىن.
سىيلاش ئەمەس، تاتلاش ئۈچۈن تىرناقلار تەييار،
قۇسۇر تېپىپ جۆندەشلەرگە چىدىساڭ، كەلگىن.
ئەجەل باردۇر سېنىڭ ئۈچۈن ماختاشلاردىمۇ،
تىل تەگمىسۇن، سۆزلەشلەرگە چىدىساڭ كەلگىن.
بىر تال تۈككە ئايلىنىسەن بىلمەي بەزىدە،

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇرغىلى پۈۋۈلەشلەرگە چىدىساڭ، كەلگىن،
چىلىڭ باغلىنىپ تىرىكچىلىك ئارقانلىرىغا،
خالىغانچە سۈرەشلەرگە چىدىساڭ، كەلگىن.

1993 ـ يىلى 7 ـ ئاي، غۇلجا



## ئۆسەكلەر

ياماندلار ئامراق كېلۇر ئۆسەكلەرگە،
ياخشىلار موھتاج ئەمەس جېسەكلەرگە.
قۇترىغان ھايۋان بولۇپ دەسسەپ يۈرەر،
ئۆسەكلەر يېگى قويغان كېسەكلەرگە.

چاچقىلى قۇزغۇن يۈرەر قىزىل چەشنى،
كىملەردۇر ئۆچۈرمەكچى قىزىق مەشنى،
ياخشىنىڭ كۇنداشلىرى كەپتۇ بىللە،
كۇندۇزگە ياراتقاندەك قوشۇپ كەچنى.

ئات مىنسەڭ، تاغنى مىندى، دەيدۇ، ئۇلار،
نان يېسەڭ، پاخلان يېدى، دەيدۇ، ئۇلار.
كېكەچلەپ ھەققەتنىڭ سورىقىدا،
كىمىندۇر، «دېدى ـ دېدى» دەيدۇ، ئۇلار.

ئارقامدا يات ئاياغلار شىپىرلايدۇ،
يات ئېغىز، يات ئاۋازلار پىچىرلايدۇ.
ھەر ئۆيدە بىردىن مۈشۈك ئوۋ قىلسىمۇ،
بۇلۇڭدا يەنە چاشقان كىتىرلايدۇ.

ئەگىزلەر نەدە ئۆستەڭ بولالىغان،
ئەخلەتلەر نەدە مەڭگۈ تۇرالىغان؟

www.uyghurkitap.com

شۇنىڭدىن ئۆمرى مەلۇم ئۆسەكلەرنىڭ،
قامغاقلار نەدە دۆڭدە قونالىغان؟

ئىس يانغان ئوچاقلاردىن بىزار ھەركىم —
ئۆسەكلەر تۇتەكتىنمۇ بەتتەر، بەلكىم.
ياخشىلار پەرۋا قىلماي پىتنىلەرگە،
بۇ جاھان مەڭگۈ شۇنداق ئۆتەر، بەلكىم.

1993 ـ يىلى 7 ـ ئاي، غۇلجا



# ئانام روھى

(بورتالا ئوبلاستى ئارىشاڭ ناھىيەسىدە ئۆتكۈزۈلگەن
مەشرەپتە ئوقۇلغان)

يات ئەمەس، سىنى ئارىشاڭ، ئۆز دەپ كەلدىم،
ئەسسالام، جىمى ئوغۇل - قىز، دەپ كەلدىم.
ئوتتۇز يىل ئاۋۋال بىر چاغ سەندە قالغان،
ئانامنىڭ ئىزلىرىنى ئىزدەپ كەلدىم.

ئارزۇلاپ ئانام ساڭا كەلگەن ئىكەن،
ئاچ قالسا، خەلقىڭ نان - چاي بەرگەن ئىكەن.
كېتەردە ياياق قالغاچ،
يىغلاپ يۈرۈپ،
نەق بىرئاي سەندە باشاق تەرگەن ئىكەن.

نەدىكىن شۇ ئېگىزلار ئانام يۈرگەن،
بارمىكىن چوڭ - كىچىكلەر ئانام كۆرگەن؟
كەتكەنلەر كېتىپ، بەلكىم بۇ دۇنيادىن،
بوۋاقلار چوڭ بولغاندۇر ئانام سۆيگەن!

بۇگۈنىڭ ئوخشىمايدۇ ئۇ چاغلارغا،
لېكىن سەن تەستە يەتتىڭ بۇ چاغلارغا.

تاغلىرىڭ كەلگەنلەرگە خۇشخۇي بېقىپ،
باغلىرىڭ تەييار ئىكەن قۇچاقلارغا.

قىپتۇ، دەپ، كاتتا مەشرەپ، ئارىشاڭ سېنى،
ئەۋەتتى ئانام روھى ساڭا مېنى.
ماڭمۇ نېسىپ بوپتۇ: تېتىپ كۆرەي،
قانداقكىن ئانام يېگەن ئارىشاڭ نېنى؟

كۆرمىگەن دىدارىڭغا قانار بولدۇم،
ئالماڭغا ئېغىز تېگىپ يانار بولدۇم.
ئۇلغىيىپ شائىرلىقىم قايمىقىڭدا،
يازماققا يېڭى ئىلھام ئالار بولدۇم.

بەختىڭنىڭ دەللىلىكەن ئاق نانلىرىڭ،
يورۇقكەن كۈندۈزدىنمۇ ئاخشاملىرىڭ.
ئارىلسام ئاۋۇللارنى قىياسىمدا،
ئالدىمغا يۈگرۈپ چىقتى پاقلانلىرىڭ.

گۈل تۇتتى ئادەملىرىڭ، كۆڭۈل تۇتتى،
شۇلارنىڭ ئۇلۇغ كۆڭلى مېنى ئۇتتى.
ئانامغا سىنچاپ بەرگەن ئانىلارنىڭ،
ئايدىن ئۈز ئوغۇل - قىزى مېنى كۈتتى.

— گۈل تەردى ئىككى تاغنىڭ ئارىسىغا —
دېگەن گەپ ئېيتىلماپتۇ قارىسىغا.
گۈللىنىپ، گىلەم بولۇپ، ئايلىنىپسەن،
جەننەتنىڭ زېمىندىكى پارىسىغا.

بىر بېغىڭ كۆكتوقايكەن يايراپ تۇرغان،
كەلگەنگە ئاش - تامىقى قايناپ تۇرغان.

راست ئىكەن بىزگە ماختاپ بارغانلىرى،
مېھماننىڭ ساڭا كېلىپ ئايلاپ تۇرغان.

باغمۇ سەن، باھارمۇ سەن، بىلەلمىدىم،
بارچىدىن بالدۇر سالام بېرەلمىدىم.
نە ئېتەي، تەقدىر شۇنداق، شۇڭا ئارىشاڭ،
ئانامنى بىللە ئېلىپ كېلەلمىدىم!

1993 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ئارىشاڭ



# سىنىڭ روھىڭ

(ئىلقا ناھىيەسىدە ئېچىلغان لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان)

بىرلىرى كېتىدىكەن، ئۆچىدىكەن،
بىرلىرى يادلىنىاركەن قەدىرلىنىپ.
كېلەركەن، چۈنكى بىرسى قارا يەرگە —
بىرلىرى قەلبلەرگە قەبرىلىنىپ.

يۇرەكلەر قەبرىگاھتۇر، ساڭا لوتۇن،
تەڭ نەپەس ئالماقتىمىز بىر يۇرەكتە.
دەيتتىڭغۇ: ۋەتەن ئەلا، خەلق ئەلا،
بىزمۇ بار ئۆزۈڭ تىككەن شۇ پىلەكتە.

سۆزلىنەر مۇنبەرلەردە سىنىڭ روھىڭ،
سۆزلەيدۇ قۇربانلارغا قەدىردانلار.
يۇرمىگىن لەۋزىمىزنى قۇرۇق گەپ دەپ،
بىزمۇ ھەم شۇنداق روھقا قەرزدارلار.

ئەل دېدىڭ، ئانا، دېدىڭ، سىنىڭ روھىڭ،
پەرۋانە تەقدىرىدە مىسال تاپتى.
جاھاندىن ئەزىز جىسمىڭ كەتكەن بىلەن،
ئۇلۇغۋار روھىڭ بىزدە ۋىسال تاپتى.

تارىخنى ۋاراقلىساق تالاي ئىشلار...
تاك، دېدۇق قاتىللىرىڭ ئۆلگەن كۈننى.
روي بەردى لوتۇن روھى، دېدۇق يەنە،
باھاردا تۇنجى بىخلار ئۈنگەن كۈننى.

جان كىردى نىمجانلارغا روھىڭ بىلەن،
ئاز ئەمەس، ئۆلگەن روھى تىرىلگەنلەر.
بوز ئاچقان باتۇرلاردا سېنىڭ روھىڭ،
ئويغاندى غاپىللىقتا بىرىلگەنلەر.

سىڭمىگەن بىرمۇ تاش يوق سېنىڭ روھىڭ،
روھىڭدىن ئۈندى گىياھ، تۆرەلدى قۇش.
كېلىدۇ جۇدۇنلاردا سولماي، ئۆلمەي،
مەي ئىچسە بايراملاردا بولماي بىھوش.

مىڭ چولپان نۇرى ئۆچمەي جىمىرلاركەن،
بىر مەردىنىڭ ئەلگە ياققان چىرىغىدا.
سەن ناخشا ئېيتىپ ئۆتتۈڭ تۈننى يىرىپ،
ھودۇقماي داۋانلارنىڭ سىنىقىدا.

روھىڭ تاج، روھىڭ پۈتمەس بايلىق بىزگە،
گاھ نانىسىز، گاھ ناۋاسىز قالغاندىمۇ.
روھىڭ كۈچ، روھىڭ مەدەت سەپەرلەردە —
كەلكۈنگە قارشى كېمە سالغاندىمۇ.

تەر تۆكمەك سېنىڭ روھىڭ ئانا ئەلگە،
روھىڭدۇر زۆرۈر چاغدا قان تۆكمەكمۇ.
تەڭ ئويناپ، تويى بولسا ۋەتىنىڭنىڭ،
روھىڭدۇر قايغۇ ـ غەمگە تەڭ چۆكمەكمۇ.

ئىزىڭدا سەپ تارتىشتى تۈمەن شائىر،
سەن كەبى جەڭچى شائىر بولماق ئۈچۈن.
تەپەككۇر ئاسمىنىدا جەۋلانى بار،
مەھلىيا پەرۋازىغا ئالەم پۈتۈن.

تۇغ بىزگە، ئۇدۇم بىزگە سېنىڭ روھىڭ،
ئېزىنقماي ئىزىڭ بىلەن كەلمەكتىمىز.
قەيسەرلىك لازىم ئىكەن بۇگۈنمۇ، دەپ،
يىللارغا سەندەك جاۋاب بەرمەكتىمىز.

كۆرگەندەك بولۇپ قالدۇق قامىتىڭنى،
ئىلقىنىڭ ناخشاڭ سىڭگەن تاغلىرىدىن.
پەخىرلىك بىر تۇيغۇدا كۆردۇق بۈگۈن،
ياش غۇنچە گۇللىرىڭنى باغلىرىدىن.

سەن ئۆسكەن مەھەللىلەر بولۇپ قالدى،
زېمىنىڭ تەۋەررۇكى — تاۋاپگاھى.
كۆڭۈللەر زىيارەتتە بۇندا ھەر كۈن،
روھىڭدىن بولدى يۇرتۇڭ يۇرتلار شاھى.

سۆزلىسەك نۇرغۇن ئىشقا روھىڭ دەلىل،
قەلەمنى قويغۇمىز يوق تەرىپلىسەك.
روھىڭغا ئاسىيلارنى، خاتا بولماس،
تا مەڭگۈ نەپرەتلەرگە غەرق دېسەك.

1993 ـ يىلى 8 ـ ئاي، غۇلجا

## گۈزەل بولغۇم بار ئىدى

مەن نېمشقا يىغلايمەن گۈزەل باھار كەلگەندە،
مەن نېمشقا يىغلايمەن كېلىپ كاككۇك سايرىسا؟
مەن نېمشقا يىغلايمەن خۇددى بىراۋ ئۇرغاندەك،
قىزىلگۈلنىڭ شېخىنى ئاچچىق شامال قايرىسا؟

سىزمۇ مەندەك بولامسىز باھار كەتسە خۇش ئېيتماق،
شۇ باھاردا، بىلەمسىز، باھارىڭىز كەتكەننى؟
ئۆمرىڭىزنىڭ تۇلپارى داۋان ئېشىپ يەنە بىر،
تۇيدىڭىزمۇ يىراقلاپ بىر مەنزىلگە يەتكەننى؟

باھار كېلۇر ئايلىنىپ، ئاسمىنىدا جىق قاقىر،
سايلىرىدا ئات چاپار بەگباش سۇلار شارقىراپ.
ھۆسنۈم قېنى بۇلتۇرقى؟ شۇ باھاردا كۆرۈنمەس،
باققۇم كېلۇر باھاردا كەتكەن كۈننى ۋارقىراپ.

ئۇنەلمەيمەن باھاردا مايسىلاردەك، گۈللەردەك،
ئايلانغىلى بولغايمۇ ئالما پىشقان يازلارغا؟
قاراپ قالدىم خورسىنىپ سۇ بويىدا بىر ھازا،
دەريالاردا غاقىلداپ ئۇزۇپ يۈرگەن غازلارغا.

بىزگە بۇلبۇل ئاۋازى ئۇلۇغ سوۋغات باھاردىن،
بىراق ئۇنىڭ ئۆمۈردىن ئالغىنىغا كۆنمەك تەس.

باغلانغىنىم راست مېنىڭ تەشۋىشىگە ئۆلۈمنىڭ،
لېكىن بۇنى دوستلىرىم شۇ باھاردىن كۆرمەك تەس.

گۈزەل بولغۇم بار مېنىڭ ھەر باھاردا باغلاردەك،
بولاي دەيمەن ياش كۆچەت، بولالماستىن يىغلايمەن.
ئايغا قاراپ ئىنتىلگەن مادارىم يوق بۇلتۇرقى،
كاككۇك بولۇپ تاللارغا قونالماستىن يىغلايمەن.

قايتىلانماس بۇ ياشلىق يېڭى چاپقان ئېرىقتەك،
ھەر باھاردا قىزلارمۇ كېلىشەرمەس بويىغا.
سالار ئىدىم، نە ئېتەي، قادىر بولسا ئادەملەر،
مەن مەڭگۈلۈك ياشلىقنى قىزلىرىمنىڭ تويىغا.

ئارزۇلارغا چىرماشتى ئامالسىزنىڭ غەملىرى،
مەن يىغلىدىم شۇ سەۋەب ھەر يىل باھار كەلگەندە.
بىلەلمىدىم، گۈللەرمۇ خۇددى مەندەك مىسكىنمۇ،
ۋۇجۇدىدا سوغ شامال، كەچ كۈز قۇچاق كەرگەندە.

بەختلىككەن تەبىئەت، بەختلىككەن ئانا يەر،
باھار ئىزدەپ يىللاردىن يۈرمەيدىكەن ئاھ ئۇرۇپ.
تاپالمىدىم، ئۆمرۈمدىن بىر گۆھەرنى يوقاتتىم،
ئاۋارىمەن، ئاھ، بۇگۈن پەسىللەردىن ئاختۇرۇپ.

گۈركىرەيدۇ بېشىمدا بىر كەچ كۈزنىڭ شاملى،
ئاھ ئۇرمامدىم، ياشلىقتىن مېنى يىللار ئايرىسا؟
ئويناي دېسەڭ تاشلىنىپ، چوكانتالدەك چېغىڭ يوق،
ئۇھ تارتماسمەن، شېخىڭدا ھۆۋقۇش كېلىپ سايرىسا؟

پٷتمەي تۇرۇپ ياز كٷيى، تەبئەتكە كٶز كەلدى،
تٶنٶگٷنكى يوپۇرماق ئايلىنىپتۇ غازاڭغا.

1993 ـ يىلى 9 ـ ئاي، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئەته گەرچە تىرىك بولسامۇ...

ياشاش ئۈچۈن كەلدۇق دۇنياغا،
لېكىن ئۆلۈم پايلاقتا دائىم.
ساڭا مەرىكە بولغان كۈن، دوستۇم،
ماڭا بەلكىم قىيامەت قايىم.

ئارزۇلاردەك بولغايمۇ ھايات،
كىم بىلىدۇ، پەللىمىز نەدە؟
شۇڭا، ئەته تىرىك بولسامۇ،
خوش، ئېيتىمەن بۈگۈن مەشەدە.

يا مەن بالدۇر، يا سەن ئىلگىرى
كۆز يۇممىز ھامان بىر كۈنى!
يىغىسى بار جاھان دېگەننىڭ،
شەرت قىلمايدۇ مەڭگۈ كۈلكىنى.

بالدۇر كەتسەم، خەير ـ خوش، دوستۇم،
كېيىن قالسام، رازىمەن سەندىن.
خوشلاشقۇم بار كېتەردە سۆيۈپ،
سۆيەلمىسەم، رەنجىمە مەندىن.

كەچۈر، دوستۇم، كەچۈردۇم مەنمۇ،
ياخشى ـ يامان دېيىشكەن بولساق.

كەتكەندىمۇ شۇنداق كېتەيلى،
بۇرۇن قانداق يۇرۇشكەن بولساق!

1993 ـ يىلى 11 ـ ئاي، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قىزلار يىغلاپ چىققان كېچىلەر

قىزلار يىغلاپ چىققان كېچىلەر،
كۆكتە تۇمەن يۇلتۇز كۆزى ياش.
كۆتۈرۈلدى بوران ئىسيانى،
ئۇرۇپ يەرگە تۇمەن دەرەخ باش.

ئازار يەتتى يېشىل ياپراققا،
چۈشتى غازاڭ كۆز كەلمەي تۇرۇپ.
شاۋقۇن سالدى ئەلەمدە دەريا،
چىقتى تالاي باغلار ئاھ ئۇرۇپ.

قىزلار يىغلاپ چىققان كېچىلەر،
تەڭ يىغلايدۇ گۈللەر، سۇمبۇللار.
سايراپ چىقتى، دېمەڭ، تۈنبويى،
ھازا ئاچسا يىغلاپ بۇلبۇللار.

قەبرىستاندەك تىمتاس تەبىئەت،
شۇ كېچىدە غەمنىڭ سىردىشى.
چايقىلىدۇ گىرىمسەن ئورمان،
ئىرغاڭلايدۇ ھەسرەتتە بېشى.

يىغلاتماڭلار، دەيدۇ، قىزلارنى،
ئانا تىككەن ئاددىي قورچاقلار.

قايىنماسقا ئىچىشتى قەسەم،
جىمى قازان، جىمى ئوچاقلار.

ئانا بولۇپ تاڭلا شۇ قىزلار،
چۈنكى ئاقار دەرد دەرياسىدا.
تىلىكىدە پەرزەنتلەر بەختى،
يىغلاپ تۇرار ھەر دۇئاسىدا.

ئەللەيلەيدۇ قوشۇپ تۈنىمۇ،
بوۋىقىنى ئەللەيلىگەندە.
ئۆرگۈپ چىقار ئاۋۋال كۆز يېشى،
باللاردىن قايغۇ يىگەندە.

گاھ ئۆرتىنەر ئۆلگەنگە باغرى،
گاھ قالىدۇ كەتكەنگە يىغلاپ.
يادىڭدىدۇر، چىققىنى تۈندە،
ساڭا ئاپتاپ ئۆتكەنگە يىغلاپ؟

يىغلاتماڭلار قىزلارنى شۇڭا،
ئارامىنى بۇزماڭلار تۈندە.
قىز چېغىدىن يىغلىسا ئانا،
قالامدۇ بۇ ئالەم كەلگۈندە؟

1993 - يىلى 12 - ئاي، غۇلجا

## ئۆلمەڭلار

باغدەك ياشاپ، باغۇەندەك قۇت تاپقانلار، ئۆلمەڭلار،
زىمىستان دەپ قىش پەسلى، ئوت ياققانلار، ئۆلمەڭلار.
مۇزلىغانغا مۇز بەرگەن بىرەھىمنى يەر يۇتسۇن،
كۆن بولمىسا كۆڭلىدىن نۇر چاچقانلار، ئۆلمەڭلار.

بىر جان دېگەن مەردلەردە پىدائىيسى مىڭ جاننىڭ،
ئەل بېشىغا كۈن چۈشسە ئەسقاتقانلار، ئۆلمەڭلار.
گىياھدىمۇ گىياھ بار، ماختىنىدۇ تىكەنلەر،
ھۇزۇرىغا زېمىننىڭ گۈل ئاچقانلار، ئۆلمەڭلار.

ماختىشىدا جاھاننىڭ ھەسەل يىغقان ھەرىلەر،
ئېرىقىدا سۇ ئەمەس، تەر ئاققانلار، ئۆلمەڭلار.
ئۆز نەپسىنىڭ قۇللىرى ئەخلەتىدۇر دۇنيانىڭ،
رەزىللىككە كۈندە مىڭ ئوق ئاتقانلار، ئۆلمەڭلار.

سېخىيلىقتىن ئالەمگە ئالتۇن چاچقان ھاتەمدەك،
ياندىقى يوق يالغۇزنى يار تۇتقانلار، ئۆلمەڭلار.
تۈگمىنىگە قايغۇنىڭ كىرىپ چىقىپ كۈندە مىڭ،
غېمى ئۈچۈن ئاچلارنىڭ ئۈن تارتقانلار، ئۆلمەڭلار.

مۇساپىرلار كۆمۈلگەن قەبرىلەرنى كۆرگەندە،
كۆمۈلگەندەك قاياشى ئۇھ تارتقانلار، ئۆلمەڭلار.

دوستى دەردتە «ئاھ» ئۇرسا، ئۇ چېتىدىن دۇنيانىڭ،
ئايلىق يولغا ئاشقىتەك ئات چاپقانلار، ئۆلمەڭلار.

ئاتىلاردا مىننەت يوق، ئانىلاردا نە ئارام،
شۇلار ئۈچۈن بىر ئۆمۈر قەدىردانلار، ئۆلمەڭلار.
بەيگىسىدە ھاياتنىڭ ئۆزى تۇلپار تۇرۇقلۇق،
ئۆزگىلەرگە «ئۇزدى» دەپ گۈل تاققانلار، ئۆلمەڭلار.

ياشىغانچە ياخشىلار ياشناپ بارار بۇ ئالەم،
ياخشىلارغا قويىندىن دۇر ياغقانلار، ئۆلمەڭلار.
ساداقەتسىز سۆيگۈلەر ئۆمۈر ئۈچۈن ئاپەتتۇر،
ۋاز كەچمىگەن ۋاپادىن مېھرىبانلار، ئۆلمەڭلار.

1994 - يىلى 1 - ئاي، غۇلجا



## كەپتۇ

سالام، دەپ يېڭى يىل بىزنى قۇچاقلاپ سۆيگىلى كەپتۇ،
ئۆتىدا كۆيدۈرۈپ قايتا، ئۆزى ھەم كۆيگىلى كەپتۇ.
سېنىڭ ئەجرىڭنى تەك قىپتۇ، گۈلۈم، ئالەمچە ئالتۇنغا،
چېچەن يارىڭغا تەبرىك، دەپ، مېنى كۈلدۈرگىلى كەپتۇ.
ماڭا تۇلپار توقۇپ بۇندا ئىجاد مەيدانىغا سالسا،
شەرەپشان تېغىغا، تەھقىق، سېنى مىندۈرگىلى كەپتۇ.
ۋەتەن رۇخسارىدىن تاپتى دەللىنى بىزدىكى قۇتقا،
ئاجايىپ خوپ زامان بۇ، دەپ يەنە بىلدۈرگىلى كەپتۇ.
ئۇلۇغ ئارزۇدا تەلپۈنگەن قاقاس چۆللەرگە سۇ باشلاپ،
سىقىم تۇپراق تىلىكىگە گۆھەر ئۈندۈرگىلى كەپتۇ.
پەسىل، ئاي، ھەپتىلەر لەۋزى بېشارەت بىزگە بەرىكەتتىن،
سائەت تەر تۆككىلى ئۈندەپ، مىنۇت يەك تۈرگىلى كەپتۇ.
بولۇپ مېھمان جىمى ئۆيگە شەھەر، سەھرا ئارا ھەر كۈن،
خېرىدارلار كەبى قايناق بازاردا يۈرگىلى كەپتۇ.
گۈزەل يىللارنى سۆيسەك گەر، مېنى سۆيمەكلىكىڭ ھەق، دەپ،
چىرايلىق مەڭزىدىن بىزگە يەنە سۆيدۈرگىلى كەپتۇ.
بۇ يولدىن كەينىگە داجىپ، گۇماندا تارتىشىپ يۈرگەن،
نادانلار قەلبىنى ئاخىر ئۆزى كۆندۈرگىلى كەپتۇ.

## نورۇز تىلەكلىرى

باھار كەلسۇن، زىمىستان قىش كەلمىسۇن،
بۇلبۇل كەلسۇن، ئەمما ھۇۋقۇش كەلمىسۇن.
بىللە كەلسۇن جىمى قۇشقا ئىناقلىق،
بىر - بىرىنى يەنە چوقۇش كەلمىسۇن.

«سەن» دېگەننى كۆتۈرگەيمۇ كۆكۈللەر،
سۆيۈش كەلسۇن، سەتلەش - نوقۇش كەلمىسۇن.
قويۇپ بېرىلگ كەپتەرلەرنى پەرۋازغا،
پۇتلىرىدا، ئەمما بوغقۇچ كەلمىسۇن.

ئاق ئۆرۈكتەك ھۆسن پۈتسۇن قىزلارغا،
يىگىتلەرگە «ئاق» نى چېكىش كەلمىسۇن.
يامانلىققا ئوق ياغدۇرۇلگ يامغۇردەك،
ئۈيان - بۇيان قاراپ بېقىش كەلمىسۇن.

بولۇپ تۇرسۇن لەۋزىلەرگە لايىق ئىش،
كىتاب كەلسۇن، قۇرۇق ئوقۇش كەلمىسۇن.
ئاق بۇغدايغا بازار يوق دەپ ئاھ ئۇرۇپ،
دېھقانلارغا يەنە قورقۇش كەلمىسۇن.

باي بولايلى ئەتلەس كىيىپ بارچىمىز،
قەدىمكىدەك ماتا توقۇش كەلمىسۇن.

ئوقەتچىگە ئىنساپ بەرسۇن ئىلاھىم،
ئۇچرىغاننى گوللاپ سوقۇش كەلمسۇن.

ئۈستەڭسۈيى، ئاگاھ بولۇڭ كۆكبىشى،
دەريالارغا بىكار ئېقىش كەلمسۇن.
ئارىلاش كەلسۇن سودىڭىزغا نەق ـ نېسى،
لېكىن تامام نەققە سېتىش كەلمسۇن.

توكچى ئۇستام بابلاۋەرمەڭ باھادا،
جىنچىراغنى قايتا يېقىش كەلمسۇن.
نەپسىڭىزدىن نەسلىك يېتىپ سىزگىمۇ،
بىر كۈنلەردە ھەسرەت چېكىش كەلمسۇن.

بىللە كەلسۇن تىككۈچىگە چىچەنلىك،
تىكىش كەلسۇن، تىكىپ ـ سۆكۈش كەلمسۇن.
سەۋەنلەردىن بولالايدۇ كىم خالىي؟
كىم، دېگەندە، ئەمما مۆكۈش كەلمسۇن.

شادلىق ئېلىپ كەلسۇن نورۇز ھەر كىمگە،
ئاجىزلارغا غەمگە چۆكۈش كەلمسۇن.
ئۇنتۇمايلى ئۇماچ ئىچكەن كۈنلەرنى،
تويۇنغاندا ئاشنى تۆكۈش كەلمسۇن؟

1994 ـ يىلى 3 ـ ئاي، غۇلجا

# غۇلجا

(«مەرپەت گۇلزارى — غۇلجا»ناملىق تېلېۋىزىيە
فىلىمىنى كۆرگەندىن كېيىن)

ئەلمساقتىن ئەسكى تامغا كېپىنەك قونغان ئەمەس،
جۇملە بوستان ـ باغ، لېكىن ئۆزى بىنا بولغان ئەمەس.
مەرپەت گۇلزارى — غۇلجا، شۇ سۆزۈمگە بىر دەلىل،
قالىسمۇ ئۇششۇكتە قانچە، ئۇششۇگەن، سولغان ئەمەس.
قايدا چۈشكەي بىزگە يورۇق شۇ ئەزىزلەرگە ئەجىرسىز،
ئۆتتى سۆزلەپ قانچە موللا ياكى راست، يالغان ئەمەس.
زاغىرا دەپ بىلدۇق ناھايەت، زاغىرىمۇ نانغۇ، دېدۇق،
ئاچ قورساق تويغان بىلەن، بۇ ئاچ كۆڭۈل تويغان ئەمەس.
ئاخىر ئۇقتۇق جاھانى، پەن ـ مائارىپ باشقىكەن،
بىز شۇلارسىز بۇ كەبى ھۆرلەرگە ئايلانغان ئەمەس.
تۆگە سويغانلار ئەمەل ئەھلىگە ئاتتىن چۈشكۈچە،
چىنپۇتۇڭ، ھەرگىز ئۇلارغا بىر توخۇ سويغان ئەمەس.
شۇندىمۇ كەلدى ئۇلارنىڭ ئۇلغىيىپ ھېكمەتلىرى،
جىق ئۇلار، سانسىز ئۇلار، يالغۇز ئانا ئايخان ئەمەس!
قۇترىغان بوراندا توزغاقتەك توزۇشتىن ساق ئۇلار،
تاغدىكى قارىغاي كەبى جۇتلارغا بويسۇنغان ئەمەس.
بولدى شۇ يولغا پىدائىي، بولدى تۈنلەرگە چىراغ،
كەتسىمۇ ھەتتا ھاياتى، ئەسلا ئاھ ئۇرغان ئەمەس.

قانچە يازساق، شۇنچە ھەقلىقمىز ئۇلارنى لالە، دەپ،
لالە - رەيھانسىز ئىلى مۇنداق گۈزەل بولغان ئەمەس.

1994 - يىلى 4 - ئاي

# كوت ـ كوت

(مۇخەممەس)

جىمى ئۆلگەندىمۇ ئۆلمەي، كېلۇر دەۋران سۇرۇپ، كوت ـ كوت.
پۇخادىن چىقتى تۆھمەتتە تالاينى ئۆلتۇرۇپ، كوت ـ كوت،
يۇرۇپ ئىش تەرگىنى تەرگەن، ساڭا ئەخلەت تۇرۇپ، كوت ـ كوت،
چىنەڭگە سۇركىشىپ ئۆتسە، كېتەر دۇم كۆمتۇرۇپ، كوت ـ كوت،
كېلەر تۇز يولدىمۇ ھەر كۈن ئەتەي ھارۋا ئۆرۈپ، كوت ـ كوت.

ئېۋەن ئىزدەيدۇ باغلارغا كىرىپ ئۇ مېۋىلىك شاختىن،
قۇرت ئىزدەيدۇ قات يېرىپ، گويا مەرمەر كەبى قاقتىن،
چاتاق تاپماي، تىنىم تاپماس قىلىنغان مەززە چاقچاقتىن،
تېپىپ گەپ ـ سۆز قىلۇر بەتتەر ئاياغى ساقنى ئاقساقتىن،
قۇسۇر ئىزدەيدۇ ئەل ـ يۇرتنى تۆگەل ئارىلاپ، كوت ـ كوت.

شۇڭا، تويدۇق بۇ «كوت ـ كوت» تىن، سەۋەب مەشرەپتىمۇ ئۇ بار،
جىمى ئاقىل يىغىلغان جاي — جىمى مەكتەپتىمۇ ئۇ بار،
«ئۆمۈرلۈك ئاجرىماس تائىپ» دېگەن مەزھەپتىمۇ ئۇ بار،
تېخى مەسچىتتە موللاملار تىزىلغان سەپتىمۇ ئۇ بار،
باغاق ئالمايمۇ ھەر تويغا بارار ھەم ئۇلگۇرۇپ، كوت ـ كوت.

پىقىر «كوت ـ كوت» نىغۇ يازدىم، لېكىن «كوت ـ كوت» تا كوت ـ كوت بار،
بىراۋلار ئاغزىدا «كوت ـ كوت» ئەمەس، ئەكسىچە، بىر ئوت بار،

دىلى قار ـ مۇز بىلەن تولغان، خۇي ـ پەيلىدە بىر جۇت بار،
يامان كىم، ياخشى كىم يۇرتتا، بىراق ھەركىمدە بىر چوت بار،
تۇتەك تارقاتسا دوستۇڭنى بولارمۇ ياۋ كۆرۈپ، كوت ـ كوت.

باھا يازماق ئۈچۈن ياخشى ـ يامانغا ئۇ ئۆزى ئۆلچەم،
بىراۋلار بەختىنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئۆز يۇلتۇزى ئۆلچەم،
چىرايلىق، سەتنى پەرق ئەتمەك ئۈچۈن ھەم ئۆز يۈزى ئۆلچەم،
جىمى سۆھبەتتە، مۇنبەردە بولارمىش ئۆز سۆزى ئۆلچەم،
ئەزەلدىن ئۇشبۇ ئۆلچەمنى كېلۇر جاندىن سۆيۈپ، كوت ـ كوت.

بىرسى بار شۇ كوتۇلداشنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان زۇغۇيلۇققا،
نىزا يانغىنلىرى ئۆچمەي تۇرۇپ، ئۇ ياغ چاچار چوغقا،
بىرسى بار كۆز سالار دائىم قاپاق تېگىدىكى دۇغقا،
بىرسى بار: قۇترىسا ئاغزى تومۇزمۇ ئايلىنار سوغقا،
يۇرەلمەس كەيىنىنى بىر كۈن قىسىپ ياكى پۇرۇپ، كوت ـ كوت.

قاراپ ماڭماي، چۈشۈپ كەتسە، چىقىپ ئازگالنى تىللايدۇ،
سايەڭ يوق دەپ، بۈگۈن تىككەن كۆچەتنى ـ تالنى تىللايدۇ،
يۇرەلمەستىن، ئوتۇن بەرگەن سېخي جاڭگالنى تىللايدۇ،
يېنىدىن قېيغىتىپ ئۆتكەن موزاينى ـ مالنى تىللايدۇ،
كېلەر يىللار ئارا تاغدەك گۇناھلارنى يۇدۇپ، كوت ـ كوت.

تۇغۇلغاندا ئەمەستۇق بىز بۇ يەڭلىغ غەيرىي، ئەلۋەتتە،
بولاتتى ئاغزىمىز غەيۋەت ئەمەس چايقالسا شەربەتتە،
بىراۋلار ئۆمرى ئۆتمەكتە، لېكىن ئۆلگۈچە غەيۋەتتە،
يۇرەر يالغان كۈلۈپ، چۈنكى ئۆزى يوق كۆي ـ مۇھەببەتتە،
ئۇنىڭ باسقان ئىزىدىنمۇ چىقار، تەھقىق، ئۇنۇپ، كوت ـ كوت.

يارالغان ئەھلى ئىنساندىن ئەزەلدىن كىمدە يوق نۇقسان؟
قىلۇر كوت ـ كوتچىلار، ئەمما بىرەر نۇقسانىنى يۈز ـ توقسان،
ئۇلارنىڭ ئاغزىغا باقساڭ، پەزىلەت بىغىدا يوق سەن،
خەلق كۆزىدە يۈكسەكلەر ئۇنىڭچە يەر بىلەن يەكسان،
تونى چۇشكەندە پاتقاقتا، يۈرەر گاھ كىر يۇيۇپ، كوت ـ كوت.

ئۆزى قانداق، كۆزى قانداق، ئېلىپ ئەينەك قاراپ باقماس،
ئۆزى قانچىنچى بالداقتا تۇرار، ئەسلا ساناپ باقماس،
ئېگەرلەپ ئات، ئىجاد، تۆھپە ئۈچۈن ھەم باش تاراپ باقماس،
تۇتۇپ كەتمەن بىراۋلارچۇن بىرەر قىرنى چاناپ باقماس،
كېتەر، ئەكسىچە، سەن ئوتقا يىقىلساڭمۇ، كۈلۈپ، كوت ـ كوت.

كوتۇلداپ: تەگمىدى تۆر، دەپ ئۆيۈڭدىن ئاغرىنىپ قايتار،
گېلى، يانچۇقلىرى تولغان تويۇڭدىن ئاغرىنىپ قايتار،
تويۇڭ شەنى ئۈچۈن سويغان قويۇڭدىن ئاغرىنىپ قايتار،
ئىچەر چاغدا سۈزۈپ بەرگەن سۇيۇڭدىن ئاغرىنىپ قايتار،
قاچارغا گاھ كۆرەر دەڭسەپ ئۆيۈڭگە ئوت قويۇپ كوت ـ كوت.

يۈرەر كەسپىدە شەيتاننىڭ، قېرىنداشلار ئارا قۇتراپ،
يۈرەر ھەم ئىلغىماي ئۆلپەت، قېرى، ياشلار ئارا قۇتراپ،
تالاي چاچلارنى كەستۈردى، ئۈزۈن چاچلار ئارا قۇتراپ،
تالاي ئەرلەرنى ئازدۇردى قەلەم قاشلار ئارا قۇتراپ،
تىنچ تاپقايمۇ تېرەڭنى تامام تەتۈر سويۇپ، كوت ـ كوت.

شۇ ئىللەت شۇمبۇيا يەڭلىغ چىقار ئاۋۋال كۆرەلمەستىن،
تۇتار كۈلگەننى «كوت ـ كوت» قا، ئۆزى ئوڭلاپ كۈلەلمەستىن،
بۇ جاندىن بىزمۇ جاق تويدۇق، ئاڭا ئەسلا كۆنەلمەستىن،
ۋە ياكى ئۆلتۈرۈپ، يەرلىك كولاپ دەرھال كۆمەلمەستىن،
كېلەر ئەخلەتكە ئەكسىچە، يەنە بىزنى كۆمۈپ، كوت ـ كوت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇ ئىللەت كەيندىن يۈگۈرۈپ يۈرەر ئەھلى قانائەتسىز،
جاھاننى بىر يولى يۇتماق ئۈچۈن يالماي دېسە ئەپسىز،
جىمى ئىشقا چېپىلماقنى ئۆگەنگەن ئۆچكىدەك كەپسىز،
لېكىن، بىر قىلنى تەۋرەتمەس ئۆزىگە پايدىسىز، نەپسىز،
بولار ئۆز ـ ئۆزىدىن ئاخىر تامام كۆل ـ كۆل كۆيۈپ، كوت ـ كوت.

1994 ـ يىلى 5 ـ ئاي، غۇلجا



# ئاۋۇلنىڭ باغرىدا ئاقار بىر دەريا

(ئۇستازىم مەھمۇد ئىسمائىلغا بېغىشلايمەن)

ئاۋۇلنىڭ باغرىدا ئاقار بىر دەريا،
بۇلبۇللۇق باغلاردىن ناخشىلار تىڭشاپ.
ۋە لېكىن ئۇستازسىز كىمدە كارامەت،
بىر ناخشا ئېيتىشقا سورۇندا ئوڭشاپ؟

ئۇستازلىق تەختىدە كېلۇر بۇ مەشرەپ،
كېلىمىز بىز ئۇنى مەشھۇرىمىز، دەپ.
ناخشىلار ئۆگەتكەن گۈلچايلىرى بار،
ھەقلىقمىز داڭلاشقا دەستۇرىمىز، دەپ.

ئاۋۇلنىڭ باغرىدا ئاقار بىر دەريا.
بۇ گۈزەل ۋادىغا چاچقىنى ھىممەت.
سۇ ئىچىپ كۆكلەيدۇ كۆڭۈلدىن - كۆڭۈل،
نېمە بار ئالەمدە ھىممەتتىن قىممەت؟

شۇ دەريا بويىغا كۆمۈلگەن بوۋام،
ئۆزىنى ناخشىدا گويا بۇلبۇلنىڭ —
دېگەنتى: يۇرت بېگى بولۇشتىن ئاۋۋال،
بىرسى بول مەشرەپتە ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ.

ئاپىرىن، شۇ گەپكە، بايا بوۋامنىڭ —
دەل مېنى مەشرەپكە قاتقىنى شۇكەن.
ناخشامنى ئاڭلىغاچ، يېنىدا بىللە،
موماملىڭ خاتىرجەم ياتقىنى شۇكەن.

مەن شۇنداق ئۆگەتكەن تۇنجى ناخشىنى،
مەن شۇندا تۇتقانمەن مەشرەپنى ئۇستاز.
ئۇ ئۇستاز بوپتىكەن ئۇستازىمغىمۇ،
ياشارتىپ قەلبنى قارىغايدەك قىش، ياز.

ئاز ئەمەس ئانامدىن ئالغىنىم مېنىڭ،
ئۇستازدىن ئالغىنىم ھەم شۇنداق تولا.
گۆدەكلىك چېغىمدا چىققان شۇ قۇياش،
قەلبىمگە ھېلىمۇ چاچىدۇ شولا.

دەريادا سۇ ئاقار، قەلبىمدە ھۆرمەت،
ئۇستازسىز، ئېيتىڭا، نەدە پەرۋازىم؟
نە قىسمەت، نە كويدا يۈرۈڭ سىز مەيلى،
سىز مېنىڭ تا مەڭگۈ ئۇلۇغ ئۇستازىم!

1994 - يىلى 5 - ئاي، غۇلجا

## يوقالسكەن

(مۇخەممەس)

بۇ يولغا بەيگىلەر لازىم، قاشاڭ ئاتلار يوقالسكەن،
ئوقۇرغا قىستىلىپ كىرگەن يۈزى داپلار يوقالسكەن،
بۇ جەڭگاھتا بېلى ئاغرىق، گېلى ساقلار يوقالسكەن،
سۆرەلمەي ھارۋىلار ئەبجەق، سۇنۇق چاقلار يوقالسكەن،
ھاياتتا يۈگمەچ يەڭلىغ تىرىكتاپلار يوقالسكەن.

كىتاب يازماقتىمىز، كۆرسەڭ ۋاراقلاپ، ئىچ - تېشى يېڭى،
قەلەم ئالتۇن، سىياھ كەۋسەر، يازاردا ئىش بېشى يېڭى،
سىزىلغان ھەر سۇرەت ھەمدە يېزىلغان ھەر كىشى يېڭى،
ئىجازەتسىز كېلەر ئىلھام دېڭىزدەك ئۆركىشى يېڭى،
كىتابلاردىن كۆڭۈل كۆنمەس يامان بابلار يوقالسكەن.

بىراق، كەلمەكتىمىز سۆرەپ تالاي نۇقسانىنى، ئىللەتنى،
ئەگەر تېرىقچە تەر تۆكسەك، تۆكۈپ تاغلارچە مىننەتنى،
شۇڭا دەرقەمدە بەرمەككە ئامال يوق ئەلگە ھىممەتنى،
يۈرەك ئەپسۇستا يىغلايدۇ كۆرۈپ ئىللەتتە مىللەتنى،
بويىدا مېۋە - ھىممەت يوق قۇرۇق شاخلار يوقالسكەن.

بىراۋلار شوتىدا ئىچ ئات، بىراۋلار كەلدى ياندا قتا،
بىرسى چاپچىپ تۇرار ئالغا، بىرسى بارماقتا ھايۋاقتا،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىراۋلار ئالغا ئۈندەيدۇ، خورازدەك تاڭدا قونداقتا،
بىراۋلار ئەجىرسىز، ئەمما كۆزى ئۈستۈنكى بالداقتا،
بىرەر كەتمەنگە ئەسقاتماس سۇنۇق ساپلار يوقالسىكەن.

تۈمەن ئىللەت ئارا بىزنى كېلەر بۇ نەپسىمىز بۇلغاپ،
قۇتۇلساق زاغرىدىن تەستە، يۈرەرمىز ئەمدى نان ئىلغاپ،
ئاۋارە بىرلىرى ئەلنى چىرىكلىك يولىغا تولغاپ،
ئىپتىزنى تەستە ئاينىتساق، شۇلار بۇزماقتىدۇر تىلغاپ،
ئارىمىزدىن، شۇڭا تەگرىم، كۆزى ئاچلار يوقالسىكەن.

قۇسۇر - ئېۋەننى يايماققا بىراۋلاردا باھانە كۆپ،
بىراۋلار باي كەبى يۈردۇق، بىراۋلاردا ئىئانە كۆپ،
نېنى تەل بولمىغان ئەلدە بولار، تەھقىق، دىۋانە كۆپ،
بۇ يەڭلىغ سۆزگىمۇ بىزدە جاۋاب تەييار: ئاھالە كۆپ،
كىشى ئالقىشلىماس ئۈنداق ئىزاھاتلار يوقالسىكەن.

ئەسىر چۈشتۇق ھەشەمەتكە بىرەر پاي ئوقمۇ ئاتماستىن،
كۆچۈپ كەتتۇق بوۋاي سالغان سارايلارنى ياراتماستىن،
ئەمەل ئەھلىدە بەزەنلەر يۈرەرمىز يۇرتقا پاتماستىن،
ئوقەت ئاشنىچىلىق بولدى، يۈرەرمىز تۈندە ياتماستىن،
ئىبزىتقۇ رولىدا يۈرگەن پەرىزاتلار يوقالسىكەن.

تۇرۇشتى بەزىلەر ھەدەپ ئۆزىنى ئۆزى چىڭداشقا،
كۆلۈپ يۈرگەنلىرى يالغان، ئۇلاردا ئەسلىي ئوي باشقا،
خۇمار ئەيلەيدۇ مىنمەكنى يېنىپ ئىلگىرىكى كۆك تاشقا،
ئۇلارنىڭ مەيلىچە بولسا، قويار پۇقرانى كۆز ياشقا،
ئۆزىنى پاكلىماي يۈرگەن بويى داتلار يوقالسىكەن.

نادانلار يوق ئەمەس بىزدە، قۇياشتىن يەرنى چوڭ دەيمىز،
ئەقىل - تەدبىرگە ئىخلاس يوق، تامام تەقدىرنى كۈيلەيمىز،

دۆرۆت دۇنياغا دۇر چاچماس، دېگەن ھەق سۆزگە كۆنمەيمز،
سەۋەبى بىر بۇ ئىللەتنىڭ: ئىلىم ـ ھېكمەتنى سۆيمەيمز،
ئەسرلەپ چىرمىغان بىزنى خۇراپاتلار يوقالسكەن.

ھايات ئاشىق ھالاۋەتكە، راھەت ئالدىدا مۇشكۇل بار.
گۈزەل مەنزىلگە يەتكۈچە داۋان بار، چاڭقتار چۆل بار،
ئىشەنسەڭ، ھەر رىيازەتنىڭ تېگىدە مىڭ قىزىلگۈل بار،
شۈكۈرمۇ بەزىدە لازىم، شۈكۈردە بىر شېكەر كۆل بار،
تويۇنسا «شۈكۈر» نى بىلمەس نا ئىنساپلار يوقالسكەن!

1994 ـ يىلى 7 ـ ئاي، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## قەلبىدىن سۆزلەيمەن شائىرلىرىمىزنىڭ...

قولۇمدا گۈلدەستە، ئاغزىمدا قىيام،
ئانا ئەل سەن ماڭا بەردىڭ جىمىنى.
ئۆزگىنى بىلمەيمەن سېنىڭ ئىشقىڭدىن،
شۇمدۇ شائىرنىڭ ئىخلاسى - دىنى؟!

مەن چىققان تاغ سېنىڭ، مۇنبەرمۇ سېنىڭ،
ئۆز كۆرۈپ، ئۇزلۇقتا ئۆزۈڭدەك قىلدىڭ.
مەن تاقتان مەرۋايىت، دۇر - زەرمۇ سېنىڭ،
ئەزىزلەپ ھەر جايدا ئۆزۈڭدەك بىلدىڭ.

بىلگەنگە ئالقىشىڭ ئاق سۈتتىن قىممەت،
شۇ بولدى دەل مېنى كۆكتە ئۇچۇرغان.
قەلىمىم تۆككۈچە سەن ئۈچۈن ھىممەت،
سەن بولدۇڭ «شائىر» دەپ مېنى قىچقارغان.

قەلبىدىن سۆزلەيمەن شائىرلىرىمىزنىڭ،
مىننەتلىك مېھنەتتىن ئەبەدىي يىراق.
بېشىدا سەن تۇردۇڭ ھەربىر شېئىرىمىزنىڭ،
ھەر كېچە ئۈستۈمدە سەن ياققان چىراق.

چېچەكسىز كۆرۈنگەن ئۆرۈك مەن ئەمەس،
گۈل ئاچسام ھىدىمنى ساڭا چاچىمەن.

مەندىكى سەۋەنلەر ساڭا تەن ئەمەس،
مۇبادا يىقىلسام سەندە ياتمەن.

پەس تۇرسام سېنىڭدىن مىڭ گەز، مىليون گەز،
كىبىرنىڭ قولىنى تۇتاي قانداقچە؟
چوققۇمكى، سېنىڭسىز تۇتقان چىنەم دەز،
سېنىڭسىز ئاسماندا ئۇچاي قانداقچە؟

ئۆزگىلەر ئۇزغاندا ئىچىشسا ئىچىم،
چۈشمەمدۇ مەندىكى شائىرلىققا داغ؟
سېنىڭسىز ئۇلغايغان نەدە ئۇلپىتىم،
سەن بىلەن ئەرشكە ئايلىنار ھەر تاغ.

سەن بىر كۈن باقمىساڭ، ھالاكمەن بىر كۈن،
كۆڭلۈڭگە ياقمىغان ھەر مىسرا ھەم شۇ.
ئەپسۇسلار ئاڭلىماي ئۆتسەمتىم كۈن - تۈن،
تۆرىلىپ بېشىمنى چۈلغىغان غەم شۇ!

سەن تۇرۇپ شەيتانغا ئېزىقماس كۆڭلۈم،
بۇ يولدا سېنىڭدىن ئايرىلسام ئۆلەي.
مىڭ ئاشىق لەۋزىدەك لەۋزىم بار مېنىڭ،
سېنىڭدىن ئۆزگىگە قايرىلسام ئۆلەي.

قولىغا سۆيگۈم بار پەرزەنتلىرىڭنىڭ،
شۇ سورۇن دەللىدۇر قەدىردانلىققا.
ئوخشايدۇ سۇنغان چاي، بەرگەن نېمىتىڭ،
گويىاكى ئاندەك مېھرىبانلىققا.

www.uyghurkitap.com

قولۇمدا ئەجرىڭگە قەرىزدار قەلەم،
سىزالماي يۈرگىنىم خىزىر سۈرىتى.
سىزالماي قىزارماق شائىرغا ئەلەم،
«رەھمەت» تىن ئۆزگىگە يەتكەيمۇ دىتى!

1994 ـ يىلى 8 ـ ئاي، غۇلجا



# ئۆتكەن كۈنلەر

ئۆتكەن كۈنلەر، ئېيتماپسەن ئەجەب،
ئالدىڭدا جىق جۇدالىق بار، دەپ.
ئاتام كېتىپ، يىقىلدى ئانام،
يۈرگەن ئىدىم سولماس چىنار، دەپ.

باشتا تۇتقان دوستلىرىم قېنى؟
ئېلىپ كەتتىڭ ئۇلپەتلىرىمنى.
بىلمىدە ئاق، يىغلاپ يۈرىمەن،
سەندىن كۆرۈپ كۈلپەتلىرىمنى.

بىكار كەتتى ئاڭلىغانلىرىم:
سولغان گۈلنى سۇغا چىلار، دەپ.
ئۆتكەن كۈنلەر، ئالداپسەن مېنى،
بۇ دۇنيانىڭ بەرى باھار، دەپ.

ياشلىقىمدا ئېيتقىنىڭ قېنى،
ھەر مەنزىلنىڭ تۇگەل ۋىسال، دەپ.
كۆرسەتكىنىڭ مۇھەببەتمىدى،
شۇ ۋىسالغا ياكى مىسال، دەپ.

تاشلىۋەتسەڭ تاشلىققا مېنى،
قانداق قىلاي سەندىن رەنجىمەي؟

نېچۈن ئاۋۋال ۋىسالنى دىدىڭ،
مۇشەققەتنى، ھىجراننى دىمەي؟

ئۆتكەن كۈنلەر، تېخى بىسوراق،
مەندىن گۆھەر ئېلىپ كېتىپسەن!
مەن سىنىڭدىن سورىمسامموۇ،
ئەگرى ھاسا بېرىپ كېتىپسەن!

قايتۇرۇپ بەر: سەن ئېلىپ كەتكەن،
كۆزلىرىمنىڭ گۆھىرى قېنى؟
قايتۇرۇپ بەر قۇندۇز چېچىمنى،
باللارغا قوشۇۋەت مېنى!

ئۆتكەن كۈنلەر، ئالداپسەن مېنى،
ئالدىڭدىكى يوللىرىڭ تۈز، دەپ.
يالغان ئىكەن ئېيتقانلىرىڭمۇ،
ھەربىر كۈنۈڭ بايرامدىن ئۈز، دەپ.

ماڭا ماختاپ بەرگەن يولۇڭدا،
داۋان ئاشسام ھاڭ بار ئىكەنغۇ؟
ھايات يولى نېمىشقا ھەرخىل،
گاھى گۈلزار، گاھى تىكەنغۇ!

«نەۋرە» سۆزى سەندە يوق ئىدى،
سىلىپ قويۇپ كەتتىڭ كەينىمگە.
قىرىق ياشتا تۇرنۇۋېرەتتىم،
قويۇپ بەرگەن بولساڭ مەيلىمگە.

ئاشۇلارغا «بوۋا» دېگەننى،
كىم ئۆگەتتى، سەن ئۆگەتمىسەڭ؟
گۆر ئاغزىغا ئىتتىرىپ مېنى،
كىم تۈگەتتى، سەن تۈگەتمىسەڭ.

بۇ ھاياتنىڭ كۈچلىرىنى،
ئېيتىماپسەنغۇ گاھىدا تار، دەپ.
ئۇقماپتىمەن ئۇشبۇ دۇنيانى،
كۆز ياشلارغا مۇنچە خۇمار، دەپ.

1994 ـ يىلى 9 ـ ئاي، غۇلجا



# يامان

ئەل ئەزنم دەرياكى، شۇ دەرياغا تاش ئاتقان، يامان،
ئەل خىزىر، ئەل ئەۋلىيا، شۇ ئەلنى قاقشاتقان، يامان.
ھەر يىگىتكە بار ئىبرۇر نەپسى بالادىن بىر قازا،
مىنگىشىپ شەيتانغا، نەپىنىڭ كەينىدىن چاپقان، يامان.
كىم ھەسەتكە مۇپتىلا بولسا ئەجەل تەييار ئاڭا،
ئۆزگىلەرنىڭ بەختىچۈن ھەسرەتتە ئۇھ تارتقان، يامان.
مەست بولۇر ئادەم دېگەن ئىچمەيمۇ مەي، ماختاش بىلەن،
كۆلكىلەرنىڭ ئاستىغا قۇرغان تۇزاق ـ قاپقان، يامان.
ياخشىغا جورۇپ چۈشۈگىنى، ياخشى كۈن كۆردۈڭ قاچان،
يىغلىغاننى ئۈندىبان غەپلەتكە قۇر ئاچقان، يامان.
قايسى دۈشمەن، قايسى دوست، بىلمەك ئۈچۈن ئاقىل كېرەك،
ئۈنلىگەن كەپتەر تۇرۇپ، قۇزغۇنغا دان چاچقان، يامان.

1994 ـ يىلى 9 ـ ئاي، غۇلجا

# مەكتت مەرۋايىتلىرى

(چاتمىلار)

## مۇقاملىرىم

تەگرىتاغ — مېنىڭ تېغىم تەگرى بەرگەن،
مىننەتسىز تەگرى ئۆزى قۇچاق كەرگەن.
تەلەيلىك بولسۇن دېگەچ ئاخىر بىر كۈن،
ھۆسنىگە ئون ئىككى تال گۈلنى بەرگەن.

— ئاتاڭدىن نېمە قالغان، ئاناڭدىنچۇ؟ —
دەپ سوراش ھاجەت ئەمەس، شۇڭا مەندىن.
كەمبەغەل بولغان بىلەن، مەن ئۆزۈمنى —
كەم ساناپ كەلگىنىم يوق، شۇڭا ئەلدىن.

ئون ئىككى مۇقامىم بار، چۈنكى مېنىڭ،
تىلىمنى ئۇزۇن قىلغان تەزكىرەمدە.
شائىرە ئامانىسا دەلىل ئاڭا،
ئۇلغايدى، شۇڭا يېڭى غۇرۇر مەندە.

مۇقاملار ئاپىرىدە ئاقىللاردىن،
دېمەك، بىز ئەزەلدىنلا ئاقىل خەق بىز.

جاھانغا بىلدۈرۈشنى ئۆزىمىزنى —
بىلمىگەن، جىق ئىشلاردا غاپىل خەق بىز.

ئاچ قورساق ئىگىشىپ يۈردۇق مۇقاملارنى،
ئاچ تۇرۇپ ناخشا ئېيتقان كىم بار بىزدەك؟
ئالتۇندىن ئايرىلساقمۇ مەيلى، ئەمما،
تەس بىزگە مۇقاملاردىن كۆڭۈل ئۈزمەك.

بەزلەيدۇ ھەسرەتلىكنى مۇڭلىرىدا،
ئۈچقاندەك بوپقالىمىز بولۇپ شۇڭقار.
بىر مۇقام ئاياغلاشسا بەزمىمىزدە،
مىڭگەندەك بوپقالىمىز توقۇپ تۇلپار.

توي - مەرىكە باشلىنىدۇ مۇقاملاردىن،
دېڭىزغا ئايلىنىدۇ شادلىقىمىز.
ناكا بىز، ئېۋەنلىك بىز مۇقاملارسىز،
ئىرىمەس چايغا سالغان تاتلىقىمىز.

ئاپىرىن ئوقۇپ كەلدۇق ئەجدادلارغا،
ئەسلىدە بىزنى بايدەك قىلغان شۇلار.
قۇياشتىن ئايرىلساقمۇ نۇرىمىز بار،
ئەسلىدە بىزنى ئايدەك قىلغان شۇلار.

ھەر تاڭدا ئەمدى بىزنىڭ تەنتەنىمىز،
ھەر كۈنى مۇقاملارسىز باشلىمايمىز.
ئەجدادۇ يىلتىزىمىز مۇقاملاردا،
بىز ھەرگىز مۇقاملارسىز ياشىنمايمىز.

## مەكتىپىم بولدۇڭ

ئوقارغا بىر نۆۋەت، مەكتەپ، تېپىلماس مەكتىپىم بولدۇڭ،
ئېچىلدى بۇ كۆڭۈل ـ كۆكسۈم ئاجايىپ مەشرىپىم بولدۇڭ.
جاھاندىن كەتكۈچە ئارمان ئىدى غاز كۆل[①] نى بىر كۆرمەك،
دېمەك، ئۆمرۈمدە سۆيمەككە مۇقەددەس مەقسىتىم بولدۇڭ.
سېنىڭدە ئۇسسۇلۇق ئىچتى دىلىم مەشرەپتە ئۇسسۇلدىن،
شۇڭا قەددىم ئېگىلگەندە، تاۋابگاھ ـــ مەسچىتىم بولدۇڭ.
كېلەرىمدىن كېتەرىم تېز، ئاتايىن كەلگىنىم قايسى؟
كۆيەرگە ئوت، قىلارغا سۆز، چېكەرگە ھەسرىتىم بولدۇڭ.

## قۇياشقا بىر قۇياش قوشتۇق

ئامانىسا، يەنە كەلدۇق سېنى جاندەك قەدىرلەشكە،
ئەزىزلەپ مەڭگۈ روھىڭنى يۈرەكلەرگە قەبرىلەشكە.
مۇقام ئىشقى بىلەن ئۆلمەس گويا بىز قايتا ئوت ياقتۇق،
لاۋۇلداپ بىر زامانلاردا، ئوتتۇن يوق توختىغان مەشكە.
پەلەكنىڭ شوتىسى ئاسان ئىكەن چىقماققا ئۇڭشالسا،
ئەگەر پەش ياقىغا ياكى شۇ ياقا ئايلىنىپ پەشكە.
مۇبارەك ھەيكىلىڭ ئالدى سېنىڭ سەھنەڭگە ئايلاندى،
جىمى ئۇيغۇرنى ناخشاڭدا يەنە سەنئەتكە ئۈندەشكە.
يېزاڭ غاز كۆل پېشانەڭگە سۆيۈپتۇ بارچىدىن ئاۋۋال،
خىزىر دەك مويسىپىتلەرمۇ جاھاندا كۆپنى كۆرگەچكە.
ئۆزۈڭ سالغان ئۇرۇقلاردىن ئۈنۈپ چىقتى تۈمەن مايسا،
ئۆزۈڭ تىككەن كۆچەتلەر بىز، باھار ـ ياز كەلدى كۆكلەشكە.
ئىزىڭدا تۇرنىسا، ئابلىز بىلەن ئوسمان كېلۇر ئازماي،

---

① غاز كۆل ـــ ئامانىساخانىنىڭ ئانا يېزىسى، بۇ يىل بۇ يېزىغا ئامانىساخانىنىڭ ئاتىسى مەھمۇت بىلەن بىللە تۇرغان ھەيكىلى تۇرغۇزۇلدۇ.

مۇقام ئىشقىدا ئوخشايدۇ ئۇلارنىڭ قەلبى ئاتەشكە.
ناۋانى ئېيتسا ئايتىللا، ئاڭا جور بولدى مىڭلاپ دىل،
مۇقاملار بىزدە يۈزلەندى بورانلاردەك گۈرۈلدەشكە.
سېنىڭدىن قاپتۇ، دەپ تەمبۇر ئىلدا مەنمۇ سىم سالدىم،
مۇقامنى يەتكۈزەرمەن دەپ ئەجداد بابىدا ئون بەشكە.
يېنىڭدا تائەبەت شۇنداق ئاتاڭ قالۇننى سازلايدۇ،
ئۇلايدۇ مۇڭلىرى ياڭراق گۈزەل تاڭلارنى ھەر كەچكە.
ئۇچاڭدىن بىز ئېچىپ يوپۇق، قۇياشقا بىر قۇياش قوشتۇق،
سېنىڭمۇ ئەمدى پەيتىڭدۇر ئېگىز ئاسمانغا ئۆرلەشكە.

## قالۇن

بىر تەۋەرۈك قاپتۇ سەندە ساقلىنىپ قالۇن دېگەن،
چالسا، كەپتەردەك تۇمەن خۇددى سەھەردە ئۈنلىگەن.
ئاھ، قەدىم دولان، جامالىڭ بولدى قالۇندىن ئايان،
بىر تىرىك تارىخكى ئۇ، لوقمان ئۆلۈپمۇ ئۆلمىگەن.
ئۆتتى ئالدىمدىن زامانلار، قانچە قەلئە، قۇببىلار...
ياكى مىڭ يىللىق شەھەرلەر، كۆككە ئىسلار ئۆرلىگەن.
بىزدە يۈكسەك بىر ئۇلۇغ سەنئەت كېلۇر ئۆلمەي ئامان،
بىرسىدۇر قالۇن شۇلارنىڭ ئوتقا سالسا كۆيمىگەن.
بار ئۇنىڭ روھىدا مەشرەپ، بار ۋۇجۇدىدا مۇقام،
قەھرىمان ئۇ، بارچە جۇت ياكى بورانغا كۆنمىگەن.
شۇندا ئەجدادىم ئاۋازى مەندە قوزغار ئىپتىخار،
ھېچقاچان قالۇننى سۆيمەيدۇ شۇلارنى سۆيمىگەن.
مەن دولانلىق دوستلىرىمنى شۇ سەۋەب دانا، دېدىم،
چۈنكى ۋارىسلارنى مۇنداق ئۆزگە جايدا كۆرمىگەن.
ياڭرىدى قالۇن ئاۋازى، تىترىدى بىللە يۈرەك،

مەن راۋابىمدىنمۇ مۇنداق ئىشقى لەززەت سۇرمىگەن.
ۋاي ئىسىت، ئەقلىم مېنىڭ، ئالەمدە ئەللىك يىل ياشاپ،
شۇ ئۇلۇغ قالۇندىكى ھېكمەت — سېھرىنى بىلمىگەن!

## نېمە ئىش بۇ

مېھرىبان دولان، مېنى باغرىڭغا باستىڭ يانغۇچە،
قايتقىنىم بولدى ئەلەم قوغۇنلىرىڭغا قانغۇچە.
كۆك كېۋەزلىكلەردە كۆڭلۈم قالدى مەن كەتكەن بىلەن،
ئەمدى چىققايمۇ چۈشۈمدىن سەندىكى ئاق نانغىچە.
كۆك تېرەكلەر كۆكنى كۆزلەپ نە ئۈچۈن ماڭدى، دېسەم،
يېڭى پەرۋازىڭ سېنىڭمۇ بار ئىكەن ئاسمانغىچە.
مەن قەلەمنى ئالغۇچە ئالدىمغا چىقتى يۈگرۈشۈپ،
يۈكسىلىشكە بىز گۇۋاھ دەپ، تاي، توخۇ، پاقلانغىچە.
پاختا تەرگۈم بار ئىدى، ئاھ، نە ئېتەي، ئۈلگۈرمىدىم،
ئالمىسام مەيلى ئىدى ھاردۇق - ئارام ئاخشامغىچە.
كۈزگى تەرگە كۈز چېغىڭدا كەلگىنىمگە خۇش ئۆزۈم،
ناغرا چالغاندەك بولۇپ قالدىم تويۇڭ باشلانغىچە.
دەپتۇ دېھقانلار ئارا شۇ يەرنى سۆيگەنىنىڭ بىرسى:
ياخشىغۇ ئاچ قالغىنىم ئالقانچە يەر ئاق قالغۇچە.

## تىلەكلىرىم

ھېجىر تۇتقان قولۇڭدا جانان چىنە تۇتقايسەن،
يەردە يۈرسەم مەن مەيلى، سەن ئاسماندا ئۇچقايسەن.
چوققىلارغا ياماشسا ياياق ماڭغان دوستلىرىڭ،
سەن ئەكسىچە، لاچىندەك ئۇندا ئۇچۇپ چىققايسەن.
ئالتۇن داستا كىر چايقاپ، كۈمۈش ماغزاپ قايىنتىپ،

چەكمەن سىققان قولۇڭدا مەڭگۈ ئەتلەس سىققايسەن.
تىلەكلىرىم: باغرىڭغا تىللا تۆككەي، ئىلاھىم،
چوغلۇق قىسقان تاغلاردەك سەنمۇ گۈللەر قىسقايسەن.
مۈشكۈل بىلەن ئېلىشقان ئاتىلارغا ئاپىرىن،
بەل تۇتۇشساڭ چېلىشتا، تاغلارنىمۇ ئۇتقايسەن.
قازانلىرىڭ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتسۇن، دولانلىق،
تاۋاقلارغا ھەر كۈنى بەتتە پولۇ ئۇسقايسەن.
يەنە كەلسەم سىنىڭدە يېڭى سەنئەت كۆرىمەن،
كېلەلمىسەم، مەندىنمۇ خۇش خەۋەرلەر ئۇققايسەن.

1994 ـ يىلى ئۆكتەبىر، مەكىت ـ غۇلجا

## ئەسكى بولدۇم

بۇغدىيىڭنى تېرىپ بېرىپ ئەسكى بولدۇم،
ئوتۇنۇڭنى يېرىپ بېرىپ ئەسكى بولدۇم.
ئەسقاتقاننى ئاخىرىدا ئەسكى، دېدىڭ،
قۇچىقىمنى كېرىپ بېرىپ ئەسكى بولدۇم.

ئىسست، مېنىڭ ساڭا بەرگەن نادان كۆڭلۈم،
ساغاي، دېسەڭ ئېلىپ بېرىپ ئەسكى بولدۇم.
بۆك ئال دېسەڭ، باش ئالغانتىم سېنىڭ ئۈچۈن،
چىپىڭغا نان سېلىپ بېرىپ ئەسكى بولدۇم.

ئاچ قالسامۇ، سۇپۇرامنى قېقىپ يۇرۇپ،
ساڭا بۇلماق چېلىپ بېرىپ ئەسكى بولدۇم.
كەتتى ئۆمرۇم ساڭا كەتمەن چېپىپ يۇرۇپ،
چۆلنى بوستان قىلىپ بېرىپ ئەسكى بولدۇم.

ساغلىقلىرىڭ تۇغماي قالسا مەندىن كۆردۇڭ،
ساڭا قوغۇن تىلىپ بېرىپ ئەسكى بولدۇم.
ئىسست، سېنى ئاق نان بىلەن ئاشلىغىنىم،
مىنەي دېسەڭ، يېتىپ بېرىپ ئەسكى بولدۇم.

كىم قويۇپتۇ ماڭا مۇنداق مالايلىقنى،
ئىتلىرىڭنى بېقىپ بېرىپ ئەسكى بولدۇم.

كىرلىرىڭنى يۇيۇپ بەرسەم رەھمىتىڭ يوق —
كىگىزىڭنى قېقىپ بېرىپ ئەسكى بولدۇم.

خوپ بولدى، دەپ دۈشمەنلىرىم خۇش بولۇشتى،
ياڭقىڭنى چېقىپ بېرىپ ئەسكى بولدۇم.
تاشلىۋەتتىڭ ئەقدەمنى ئۇتقا ئاخىر،
خاللەيلۇننى ئېيتىپ بېرىپ ئەسكى بولدۇم.

1989 — 1994 - يىللار





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# يېڭى باھار، يېڭى بەخت بار يىللاردا

مېنىڭ بۈگۈن كۈتكىنىممۇ يېڭىلىق،
دەپتەرلەرگە پۈتكىنىممۇ يېڭىلىق.
تۈگىمەس يېڭىلىقنىڭ خۇمارى،
كۆڭۈللەرگە پۈككىنىممۇ يېڭىلىق.

ئۆچقان قۇشتەك كېتىۋاتقان زامان بۇ،
يېڭى ناخشا ئېيتىۋاتقان زامان بۇ.
ھەربىر ئۆيىنى غايىللىقتىن ئويغىتىپ،
ئىشكىلەرنى قېقىۋاتقان زامان بۇ.

يېڭى كېلىن كەلگىنىدە ئانامغا،
قويۇپ بەردى يېڭى يەڭلىك سالامغا.
«يېڭىلىق» دەپ باغقا كىرىپ كۆك غورا،
ئېلىپ چىققان «كەمپۈت» دېگەن بالامغا.

قاراپ قالدىم يېڭى يىلنىڭ قارىغا،
ئالدى گويا ھۆرلەر مېنى ئارىغا.
ۋۇجۇدۇمدا سۆيۈنۈش كۆپ، سۆيۈش كۆپ،
ئايلانغاندەك يېڭى يىلنىڭ يارىغا.

سەۋەب ئاددىي: يېڭىلىق بار يىللاردا،
يېڭى باھار، يېڭى بەخت بار يىللاردا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەۋەتىپتۇ يېڭى يىلنى كېلەچەك،
بىزنى گويا ئۆز قوينىغا چىللاردا.

يېڭىلىققا يۈكسىلىشتۇر ئىسلاھات،
گويا كۆككە ئات سېلىشتۇر ئىسلاھات.
زاغرا يېگەن كۈنلەر بولسا يادىڭدا،
شۇ كۈنلەردىن يۆتكىلىشتۇر ئىسلاھات.

يۈرگۈمىز يوق توختام سۇغا چۆمۈلۈپ،
ئۆلگۈمىز يوق كونا تامغا يۆلىنىپ.
بارغۇمىز يوق ئۇزغانلارنىڭ كەينىدىن،
خۇددى ئەسكى ئارغامچىدەك سۆرىلىپ.

ئىسلىق ئوچاق، ئىسلىق ئۆيلەر يوقالسۇن،
كەمبەغەللىك مەڭگۈ ئۆتمۈش بوپقالسۇن.
كونا دۇنيا سوراقلارغا تارتىلىپ،
ھەر كالېندار ۋارىقىدا سوتلانسۇن.

يوللىرىمىز ئەينەك بولسۇن ماڭارغا،
ياغلىقىمىز شەپەق بولسۇن تاڭارغا.
يېغىپ تۇرسۇن ھەر تەرەپتىن يېڭىلىق،
ئالتۇن بولسۇن ئۇسقىنىمىز تاغارغا.

تىرىكلىكتىن تالىشىمىز يېڭىنى،
قەدىرلەيمىز يېڭى يىلنىڭ تېگىنى.
يېڭىلايلى: تەلەي دېگەن مەندە دەپ،
مەڭدەپ يۈرگەن نادانلارنىڭ ئېڭىنى!

1995 ـ يىلى 1 ـ ئاي، غۇلجا

# ئەجىر ھەققىدە قوشاق

ئەجىر دېگەن ئاجايىپ نەرسە،
تاغ بىلەن تەڭ قىلدى ئىنسانىنى.
شۇ ھېكمەتنى چۈشەنمىگەنلەر،
ئۇتقا سالدى جىمى ئىمكانىنى.

ئۆزى بىلەن بولدى بىر ئۆمۈر،
ئاخىر بولدى ئۆزىمۇ ۋەيران.
ئارقىسىدا ياخشى گېپى يوق،
بۇ قىسمەتكە ئۆزىمۇ ھەيران.

ئەمما، ئۇستەڭ بولدى بىرلىرى،
بولدى دەريا، ئۇلغايدى دېڭىز.
بۇغدايلىرى بولدى مىڭ خامان،
قالدى ئۇندىن ئالتۇندەك ئىز.

تۆت كەلىمە سۆزلەپ ئۆتكىنىم،
قەدرى بارنى قەدىرلىگىنىم.
ئەجرى بارنى قەدىرلىگىنىم،
ئەجىرسىزنى قەبرىلىگىنىم.

1995 ـ يىلى 1 ـ ئاي، غۇلجا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# خۇراپات

(مۇخەممەس)

يەر يۈزىنى ئاربلاپ بىزنى تاپقان خۇراپات،
جىمى ئەلدە شاللىنىپ، بىزگە ياققان خۇراپات،
نادانلىقنىڭ تونىنى بىزگە ياپقان خۇراپات،
گادايلىقنىڭ ئۇرۇقىن بىزگە چاچقان خۇراپات.

تىڭشاپ باقسام ۋەزنى: خانىقادا يات، دەيدۇ.
ئۈزۈن كىيىپ پەرىجە، قوپماي تەسۋى تارت، دەيدۇ،
خوتۇنلارنى: يۈزۈڭگە قارا چۈمبەل ئارت، دەيدۇ،
ئۆمۈر بويى بازاردا ماتا، ناسۋال سات، دەيدۇ،
تۆگەل تۇتقان يولدا ئەگىز ئاققان، خۇراپات.

تەقدىر، دەيدۇ باشلايدۇ بىزنى ئۇدۇل قەبرىگە،
ھەققەتنى تېگىشەر سالا قىلىپ سەۋرىگە،
قول قوشتۇرۇپ تۇرماقنى ئۇدۇم قىلدۇق نەۋرىگە،
كۆنۈپ كەتتۇق، شۇڭلاشقا تاغدەك جاپا ـ جەبرىگە،
دۈشمەنلەرنىڭ قولىدا بولدى قاپقان، خۇراپات.

«تاشقا چاچقىن، بەختىڭدىن كۆر»نى ئەلگە ئۆگەتكەن،
خۇراپاتتۇر ئەجىرسىز قىلىپ بىزنى تۆگەتكەن،

ئايالالارنى غەپلەتتە مەڭگۈ ئوچاق پۈۋلەتكەن،
تىرىكلىكنى ئەزەلدىن «تەقدىر» بىلەن كۆزەتكەن،
ئالغا، دېسە، ئاران بىر سەرەپ ئاچقان، خۇراپات.

تىلاۋەتنىڭ، ئىخلاسنىڭ ئەڭ ياخشىسى شۈكۈر، دەپ،
پەرەنجىنى پەزىلەت، نا شۈكۈرلەر كۇپۇر، دەپ،
كېلىشۋەرسۇن بىز بىلەن ئاشۇ ئەسكى سۇپۇر، دەپ،
ئايغا چىقماق بولغاننىڭ يۈزلىرىگە تۈكۈر، دەپ،
ئايدا يۈرسە ئىنسانلار، ئۇخلاپ ياتقان، خۇراپات.

شۇ ئىخلاسنى ئۇلۇغلاپ پېتىپ كەلدۇق پاتقاقا،
بۇ دۇنيادا ئايلاندۇق ئەڭ ئالدىنقى ئاخماقا،
«يامان» دېسە، جۇرئەت يوق كەچتە كىگىز قاقماقا،
ئىسكەنجىگە كۆنمسەك، باغلاپ سۆزلەر ئەخلاقا،
جىمى ئىشنى بىر ئەپلىك دىنغا چاتقان، خۇراپات.

ئارا ئايدا توي قىلسام، كېتەرمىشمەن ئايرىلىپ،
شامدا خوراز چىللىسا، ئۆرلەرمىشمەن جايلىنىپ،
شۇنداق دېدى بىر موللام ماڭا ئەتەي قايرىلىپ،
— قەغەز تۇتساڭ تەرەتكە قالارمىشسەن ئايلىنىپ،
لايىقلاشماي زامانغا، لايغا پاتقان، خۇراپات.

يۈرسەم ياخشى بولارمىش مازارلارنى ئارىلاپ،
كىملەر ئىچتى، كىم چەكتى، يۈرسەم ياكى مارىلاپ،
ئىچىپ قويسام بىر شېشە «دەھرى» دېدى قارىلاپ،
تالايلارنىڭ مېنىڭدەك يۈرەك ـ باغرىن يارىلاپ،
بوران بولۇپ شاخلاردىن غورا قاققان، خۇراپات.

ئامراق كېلۇر ئەزەلدىن جاپاسى يوق بىنەمگە،
ئىخلاسى يوق زاۋۇتقا، قىزىقسىمۇ گىلەمگە،
قويۇپ بەرسەڭ قايتماقچى ساپان بىلەن سۆرەمگە،
ئۇسسۇل ئويناپ ھارمىدى ئەجەب كونا سەنەمگە،
ياستۇقىدا قەدىمنىڭ خورەك تارتقان، خۇراپات.

تىرىكىدە سۇرەتكە چۈشسە گۇناھ بولارمىش،
ئاخىرەتتە ئۇ بىزدىن ئۆزىگە جان سورارمىش،
يىرىك دېسە زاغرىنى خۇدا شۇئان ئۇرارمىش،
ھۈۋقۇش قونغان مەھەللە سۇ بولسىمۇ قۇرارمىش،
نادانلارغا بىھۇدە گۇناھ ئارتقان، خۇراپات.

يانچۇقىدا پەتىۋا، بۇرمىلايدۇ قۇرئاننى،
ئىلغىمايدۇ خۇراپات نومۇس بىلەن ۋىجداننى،
شېھىدلارنى تىللايدۇ جىقراق بەرسە بىر ناننى،
تۆرەلگەن ئۇ دۇنياغا بېقىش ئۈچۈن بىر جاننى،
ئون ئۈچ ياشلىق قىزلارنى پۇلغا ساتقان، خۇراپات.

تۇرسا بىزگە بۇ ئالەم تۆت ـ بەش كۈنلۈك قونالغۇ،
ياسالمىساق بىر لامپا ياكى دەزمال، ئۈنئالغۇ،
قاششاقلىقتا كۈن ئۆتسە، خەلقىمىزگە ئۈۋالغۇ؟
مارسلارغا ئۇچقانلار سالدى ئايغا تۇرالغۇ،
پۈتمىزغا ئەزەلدىن پالتا چاپقان، خۇراپات.

1995 ـ يىلى 2 ـ ئاي، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# چېكەرمەن

(ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇلغان بىر چېكەرمەن توغرىسىدا مۇخەممەس)

بىكار كەتتى ئاناڭنىڭ بەرگەن نېنى، چېكەرمەن،
زايە كەتتى ئاتاڭنىڭ يۈرەك قېنى، چېكەرمەن،
ئېلىپ كەتتى «ئاق» ئىبلىس ئاخىر سېنى، چېكەرمەن،
قاقشاپ قالدى شۇلارنىڭ يەنە جېنى، چېكەرمەن،
ئويلاندۇردى بۇ ئىشلار بۈگۈن مېنى، چېكەرمەن.

چەكمە، دېسەك، چەكچەيدىڭ، چېكىۋەتتىڭ ئۆزۈڭنى،
«ئاق» نى سېتىپ ئاستىرتتىن، سېتىۋەتتىڭ ئۆزۈڭنى،
بىلىپ تۇرۇپ بىر ئوتقا يېقىۋەتتىڭ ئۆزۈڭنى،
ئەلدىن كۆرمە ئۆلۈمنى، ئېتىۋەتتىڭ ئۆزۈڭنى،
خوتۇن ـ بالاڭ، تاپقان پۇل، ئۆيۈڭ قېنى، چېكەرمەن؟

ئۇنىمىدىڭ تارتقانغا، تاللىۋالدىڭ ئۆلۈمنى،
ئۆز ـ ئۆزۈڭگە راھەت دەپ، ئۆزۈڭ سالدىڭ زۇلۇمنى،
تۇرخۇن بولدۇڭ سۈمۈرگەن ئاچچىق ئىسنى ـ قۇرۇمنى،
ئارتىۋالدىڭ ئۆشنەڭگە ئەخلەت ئالغان تۇلۇمنى،
ئۆشنەڭدىكى ئەمەسمۇ دۈشمەن مېلى، چېكەرمەن.

خۇددى دەريا ئىدىڭغۇ ئېقىۋاتقان شاۋقۇنلۇق،
قېنى ياشلىق سەندىكى، قېنى ئوتلار يالقۇنلۇق؟
ۋۇجۇدۇڭدا نېمىشقا باش كۆتۈردى مەلئۇنلۇق؟
تاپقانلىرىڭ پۇل خەجلەپ، قىلدى گۆرگە مەھكۇملۇق،
يارالغانمۇ زەھەرگە ئىنسان تېنى، چېكەرمەن؟

قۇلىقىڭغا ئالمىدىڭ ساڭا يىغلاپ يالۋۇرساق،
سىلىۋەتتىڭ، ئۇچاڭغا ئىپسىل كىيىم ئالدۇرساق،
سېتىۋەتتىڭ سارايىنى، ساڭا ئاتاپ سالدۇرساق،
بولمايدىكەن جازادىن سېنى چەتتە قالدۇرساق،
بىكار كەتتى ئاتاڭنىڭ سوققان تېمى، چېكەرمەن.

ئۆزۈڭ بىلەن كەتمىدى، قىزلارغىمۇ چەككۈزدۈڭ،
تۇتسا خۇمار، پۇلى يوق، تال بويىنى ئەگكۈزدۈڭ،
يېلىندۇرۇپ كىمگىدۇر، نومۇسىغا تەگكۈزدۈڭ،
قىلغاندىمۇ ئەسكىلىك، ھەغدادىغا يەتكۈزدۈڭ،
قىلماقچىسەن جىسمىنى يولۋاس يېنى، چېكەرمەن.

بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبى نادانلىقمۇ، بىلمەيمەن،
قېنىمىزدا قۇترىغان قارامىلىقمۇ، بىلمەيمەن،
يا قالاقلىق، شاللاقلىق، ساراڭلىقمۇ، بىلمەيمەن،
ئاقىۋەتنى ئويلىماس گالۋاڭلىقمۇ، بىلمەيمەن،
زادى نېمە، ئېيتقىنا، بۇنىڭ سىرى، چېكەرمەن؟

توۋا، دەيمەن، دوقمۇشتىن چىقسا بىرەر يامانلىق،
ئەڭ ئاۋۋىلى بىز بېرىپ سورىشىمىز «ئامانلىق»،
ئىزدەپ قويسا، قالمايدۇ يوشۇرمىغان سامانلىق،
شۇڭا بىزدە جىق ئىللەت تىرىك يۈرەر داۋاملىق،
پالۋان كەبى تەگمەستىن يەرگە يېنى، چېكەرمەن.

بىز ئەمەسمۇ تاۋكاغا تۆت ئوشۇقنى ياراتقان،
نەشە دېسە ـ بەڭ دېسە، ناندىن كەچتۇق، يەۋاتقان،
گېپى چىقسا مەجنۇننىڭ سۆزدىن قالدۇق، دەۋاتقان،
«تۆھپىمىز» بار تاغلارغا ناسۋالنىمۇ تاراتقان،
قانچە يەردە تۇتۇلدى شائىر تىلى، چېكەرمەن!

هاراق دېسە، ئاشقتەك يېتىۋالدۇق قاۋاقتا،
ئۆرۈۋەتتۇق پۇكەينى قانچە قېتىم هاراقتا،
ئۆلۈپ كەتتى بىرلىرى چىققان جېدەل ـ تاياقتا،
چىرىپ كەتتى بەزىلەر تولا يېتىپ قاماقتا،
شۇ ئىشلارنى يوق دەمسەن بىزدە ھېلى، چېكەرمەن؟

خېروئىنمۇ بەخۇدۇك بىزنى تاپتى ئەڭ ئاۋۋال،
ئەخمەق كۆرۈپ دوزاخقا بىزنى تارتتى ئەڭ ئاۋۋال،
پۇل دېگەنگە لوققىنا بىزنى ساتتى ئەڭ ئاۋۋال،
هارۋىسغا قىلمىشنىڭ بىزنى قاتتى ئەڭ ئاۋۋال ،
سۆرەپ ماڭغان شۇلارنىڭ سەنمۇ بىرى، چېكەرمەن.

قارغىش ئالدىڭ ئالەمدىن، لەنەتلەرگە بۆلەندىڭ،
شۇڭا قالدىڭ «ئۇر ـ ئۇر» غا، توپا ـ چاڭغا مىلەندىڭ،
تىرىكلىك يوق كەينىڭدە، پۇشايمانغا يۆلەندىڭ،
قايتقانلىرىڭ بۇ يولدىن، يېڭىباشتىن تۆرەلدىڭ،
قايتمىغاننىڭ سەن كەبى سۇندى بېلى، چېكەرمەن.

ئۆز ۋاقتىدا ئۆز ئىدىڭ، ئەمدى بىزگە يات بولدۇڭ،
يالترايتتى ئىچ ـ تېشىڭ، چېكىپ يۇرۇپ دات بولدۇڭ،
هاپاش بولدۇڭ هارغانغا، خۇددى تىرىكتاپ بولدۇڭ،
باشقۇرغانغا بوي بەرمەس ياكى ئاساۋ ئات بولدۇڭ،
بىزار سەندىن شۇڭلاشقا خەلقىم دىلى، چېكەرمەن.

www.uyghurkitap.com

ئۇلار سىنىڭ ئىبلىسنى سۆيگىنىڭنى كەچۈرمەس،
ئۆز - ئۆزۈڭنى ئەخلەتكە كۆمگىنىڭنى كەچۈرمەس،
دۈشمەن مىنسە، ماقۇل دەپ كۆنگىنىڭنى كەچۈرمەس،
جىنلار بىلەن يالىشىپ يۈرگىنىڭنى كەچۈرمەس،
سۆرەپ ماڭدى ئۆلۈمگە شۇنىڭ كىرى، چىكەرمەن.

1995 - يىلى 2 - ئاي، غۇلجا

# تىلەيمەن

دېھقان ئاكا، نورۇزدا ساڭا دەرمان تىلەيمەن،
بىر جېنىڭغا تەگرىدىن يەنە مىڭ جان تىلەيمەن.
سېنىڭ ئۈچۈن كۆتكىنىم بولدى بەرىكەت باھاردىن،
بۇغدىيىڭغا ھەر باشاق كۆندە مىڭ دان تىلەيمەن.
ئالتۇن تۇغسۇن، ئىلاھىم، توخۇلىرىڭ نورۇزدا،
ھەر ساغلىقىڭ كەينىگە قوش ـ قوش پاقلان تىلەيمەن.
ئاچ ـ زېرىنلىق كۆرمىسۇن ئاش ئىگىسى مەڭگۈ، دەپ،
ئۆزۈم زاغرا يېسەممۇ، ساڭا ئاق نان تىلەيمەن.
سەن ئۆرلىسەڭ ھەقلىققۇ ئەلدىن ئاۋۋال ئەرشكە،
قانات بەرسۇن زامان دەپ، ساڭا ئىمكان تىلەيمەن.
ناندەك ئۇلۇغ قەلبىڭنى كىملەر قەستەن قاقشاتسا،
مەن شۇنىڭغا تەقدىردىن تۈرمە ـ زىندان تىلەيمەن.
ئوغۇللىرىڭ بارچىدا باتۇر بولسۇن ئۆزۈڭدەك،
پۇل تاپقاندا قەلبىگە بىللە ۋىجدان تىلەيمەن.
قىزلىرىڭنىڭ قەددىگە ئۇزلۇق ئۈچۈن ئۇزۇن چاچ،
ئاسماق ئۈچۈن بوينىغا ئۈنچە ـ مارجان تىلەيمەن.
بىكار ئەمەس باققىنىم ھەر تېرەككە، ھەر تالغا،
تومۇز كەلسە ئۇلاردىن ساڭا سايۋەن تىلەيمەن.
جاڭگاللارغا يۈگرۈيدۇ سېنىڭ ئۈچۈن بۇ كۆڭلۈم،
زىمستاندا ھەر كۈنى ساڭا گۈلخان تىلەيمەن.

www.uyghurkitap.com

مەن بىلمەن: بار بولغۇك، باي بولغۇك بار سېنىڭمۇ،
قوش ئىشىكلىك ئېگىز ئۆي، ئېگىز ئايۋان تىلەيمەن.
تەڭرى ئەگەر تىڭشىسا تەلىپىمنى مېنىڭمۇ،
يىغلاپ تۇرۇپ سەن ئۈچۈن كۈندە بايرام تىلەيمەن.

1995 – يىلى 3 – ئاي، غۇلجا



## قۇربان ھېيت

كەلدى بىزلەرنى بۈگۈن قۇتلاشقا قۇربان ھېيتىمىز،
دىلنى دىل تەبرىكلىشىپ، ھېيتلاشقا قۇربان ھېيتىمىز.
ئەسسالام، ئەھلى جامائەت، مەڭگۈلۈك خۇشۇاق بولۇڭ،
ــ بىزگە نە ھاجەت، ــ دېدى، ــ كۆز ياشقا قۇربان ھېيتىمىز.
ئاتىلار ئىلكىدە ئالتۇن، ئانىلار ئاغزىدا بال،
كىيدۈرەر قۇت تاجىنى ھەر باشقا قۇربان ھېيتىمىز.
مويسىپىتلەر ئېھتىرام تاجى بىلەن مۇنبەردىدۇر،
ھەر گۆدەكنى قىلدى زور، چاقناشقا قۇربان ھېيتىمىز.
ئۇنتۇماڭ: مىسكىن ـ غېرىب، يالغۇز ـ يېتىملارنى بۈگۈن،
دەل شۇلارنى كەلدى، دەڭ، يوقلاشقا قۇربان ھېيتىمىز.
بارچە ئىنسان تەڭ يارالغان، تەل يارالغان قايدا بار،
بىزنى ئۈندەيدۇ شۇنى ئويلاشقا قۇربان ھېيتىمىز.
ھۆسنى توزنى تاڭ قويۇپ، گۈلدەك ياسانغانلار ياشاڭ،
مەرىكىدۇركى، يارۇ دوست ئويناشقا قۇربان ھېيتىمىز.
قۇربى يەتكەنلەر قىلۇر قوچقارنى قۇربانلىق بۈگۈن،
يەتمىگەنگە توي يەنە تويلاشقا قۇربان ھېيتىمىز.
قىلغۇسى غاپىلنى غەپلەتتىن خالاس دەۋەتلىرى،
ئۈندىمەس تەر ئەجرىسىز قاقشاشقا قۇربان ھېيتىمىز.
سەجدىمىزدىن سەيلىمىز كەم بولمىغاي ئالەمدە دەپ،
بىزنى باشلايدۇ ئاشۇ ئىخلاسقا قۇربان ھېيتىمىز.

ھېيتتا ھېكمەت، ھېيتتا ھۆرمەت، ھېيتتا ھېيتلىق بارچىغا،
مەرىكىدەك كەلدى كۆڭۈل ياشناشقا قۇربان ھېيتىمىز.

1995 ـ يىلى 4 ـ ئاي، غۇلجا



## قىتىغۇر بولما

قىتىغۇر بولما، قېرىنداش، قىتىغۇرلىق قۇت ئەمەس،
قۇترىغان قۇزغۇن ئېرۇركى، قىتىغۇر بۇركۇت ئەمەس.
ئۇرمىساڭ ئۇزغانىغا ئالقىش، كىم سېنى كۆرگەي ئەزىز،
«كەڭ قورساق»تا كەڭ جاھان، ئىشىنىڭ يولى «كوت ـ كوت» ئەمەس.
كىم يامان، كىم ياخشى، كىمنىڭ مېۋىسى تاتلىق بۇگۈن،
ئەل بىلۇر، ئەلسىز لېكىن بىر سەن ئۆزۈڭ ھەق سوت ئەمەس.
يەيدۇ دەشنەم دەۋرىدىن دانىشلىقنى داڭلىغان،
ئۆزگىلەر قارغا بولۇپ، سەن، ئەكسىچە، شاتۇت ئەمەس.
باققىنىڭ تاغىل مۇشۇك، يولۋاس بولامدۇ داڭلىساڭ،
چىنپۇتەرگە ئالدىراپ، ئەل ئونچە كالۋا ـ دۆت ئەمەس.
تەلۋىنى كاردىن چىقارغان «مەن بولاي»نىڭ ناخشىسى،
سەنلا قالتىس بۇ جاھاندا، باشقىلار مەبۇد ئەمەس.
ئۇزىسا كىمكى، ئەيلىدىڭ يانپاشقا ئالماقنى خىيال،
كۆيدۈرۈپ سەن كۈل قىلار بىز ئوتۇن، سەن ئوت ئەمەس.
تەكشىمۇ بەش بارمىقىڭ، يوقمۇ سېنىڭدە بىر ئېۋەن،
نە ئۈچۈن ئەشكەنلىرىڭ ساپ پاختا يىپ، مەشۇت ئەمەس.
يوق يولۇڭ، ھەرگىز سېنىڭ تېرىقنى تۆگە قىلغۇدەك،
قىتىغۇرنىڭ يىلتىزى ئاخىر شۇڭا مەزمۇت ئەمەس.
بەيگە بولساڭ بۇ سەپەردە سەنمۇ ئۇزماسەن قېنى،
قىتىغۇرلارغا، دېمەك، ھەرگىز شەرەپ مەۋجۇت ئەمەس.
قالمىدى ئاسماندا ئايمۇ، بولدى كەسپىڭ كوچىلاش،

www.uyghurkitap.com

قىتىغۇرلىق ئەسلىدە پاكلىق بىلەن بىر يۇرت ئەمەس.
قىتىغۇر تۆھمەت بىلەن بوھتانغا ھامىلدار كېلۇر،
بەزىلەرگە بۇ گېپىم، ئەلۋەتتە ئۇشتۇمتۇت ئەمەس!

1995 ـ يىلى 5 ـ ئاي، غۇلجا



# كۆرەلمەس

قۇسۇر ئىزدەپ پۇراپ يۈرەر كۆرەلمەس،
دۈشمىنىڭدىن سوراپ يۈرەر كۆرەلمەس.
ئىزلىرىڭدىن ئەخلەت ئىزدەش ئادىتى،
ئەسكى يىپلار ئۇلاپ يۈرەر كۆرەلمەس.

غەيۋەت قىلۇر كىرىشىپ قاۋاققا،
ھەسەت قىلۇر ساڭا تارتقان تاۋاققا،
چىدالماستىن ساڭا چالغان چاۋاكقا،
ساڭا ئورا كولاپ يۈرەر كۆرەلمەس.

ئەمەلدارنى قارا ـ قويۇق تىللايدۇ،
خىيال سۈرۈپ ئۆزى ئەمەل خىللايدۇ،
ياخشىلارغا يامانلىقنى چىللايدۇ،
يوللىرىڭنى توراپ يۈرەر كۆرەلمەس.

تارلىق قىلار ئەتلەس كىيسەڭ ئۈچاڭغا،
ھەسەت قىلار چاچقان ئەتىر ـ ئۈپاڭغا،
ئاغرىپ قالار گىلەم سالساڭ سۇپاڭغا،
لەۋلىرىنى شوراپ يۈرەر كۆرەلمەس.

ھەسەتخورلۇق يوشۇرۇنغان پەيلىگە،
مەلئۇن بولار قويۇپ بەرسەڭ مەيلىگە،

ماشىناڭنى ياندۇرماققا كەينىگە،
پەخەس بولغىن: پۇراپ يۈرەر كۆرەلمەس.

نامىلىق چىقسا نان ئۆتمەيدۇ گېلىدىن،
قانداق كۆرگەي سەۋەبىنى نېنىدىن؟
قانداق قىلسۇن: ئالقىش ياغماس ئېلىدىن،
ئاق قورايدەك خوراپ يۈرەر كۆرەلمەس.

1995 - يىلى 5 - ئاي، غۇلجا



## ئىزدەيمەن

مەن سۆيگىلى چۆرەمدىن چىن ئىنسانىنى ئىزدەيمەن،
بىر ـ بىردىن بۇركۇتتەك خىل ئىنسانىنى ئىزدەيمەن.
ۋۇجۇدۇڭنى ئاختۇرسام ئەجەبلەنمە، بۇرادەر،
مەن ئەڭ ئاۋۋال سىنىڭدىن بىر ۋىجدانىنى ئىزدەيمەن.
يۇرەكلەرنىڭ ئوتىغا كەلدى جاھان قاقلىنىپ،
ھايات ئۇچۇن ھەركىمدىن بىر گۇلخانىنى ئىزدەيمەن.
ئادەملەردىن ئادەملەر جەننەت ھىدى ئالسۇن، دەپ،
كۆڭۈللەردىن ـ كۆڭۈلگە گۇلىستانىنى ئىزدەيمەن.
ئۆزى ئۆچسە ئالەمدىن، نۇرى ئەمما ئۆچمىگەن،
ئاداققىچە پىلدىرلاپ يانغان شامنى ئىزدەيمەن.
تەر تۆككەنلەر يەتكەيمۇ جان بەرگەنگە بەخت، دەپ،
بۇندىن شۇڭا ھەر كۇنى بىر قۇربانىنى ئىزدەيمەن.
ساقلانماقمۇ باتۇرلۇق نەپ ئالدىدا نەسلىكتىن،
بۇگۇن دوستۇم، مەن شۇنداق قەھرىمانىنى ئىزدەيمەن.
ھالالىقتا قولىدا دەستە ـ دەستە گۇل تۇتقان،
ھەر دوقمۇشتىن ھەر سەھەر بىر جانانىنى ئىزدەيمەن.
بۇ دۇنيالىق قىسمەتنى ئەھلى دەۋران نە بىلسۇن،
ئاچ ـ توق ئۆتكەن ئاش تىرىپ، ھەر دىھقانىنى ئىزدەيمەن.
ھېكمەت دىگەن شۇلار دەپ، پۇتسەم كىتاب بولار دەپ،
شۇ كىتابتىن ئۆزۈمگە شەرەپ ـ شانىنى ئىزدەيمەن.
دوستلىرىمغا دۇنيادىن سولمايدىغان باھار، ياز،

دۈشمىنىمگە يازدىمۇ زىمىستاننى ئىزدەيمەن.
جۇدالىقتا مەڭگۈلۈك ئاسىيلىقنى بىلمىگەن،
كاككۇك بىلەن زەينەپتەك قەدىرداننى ئىزدەيمەن.
مىننىتى بار ئالقاندىن ئالتۇن، كۈمۈش كۈتكۈچە،
مىننىتى يوق تونۇردىن كۆمەچ ناننى ئىزدەيمەن.
كېرەك ئەمەس مەن ئۈچۈن كىبىرلىكنىڭ ئاق نېنى،
قۇش ئالدىدىن رىزقىم دەپ ئاشقان داننى ئىزدەيمەن.
كۈن چۈشكەندە بېشىمغا كۈنلۈك تۇتقان يارىمدەك،
قەلىمىمگە، قەلبىمگە مېھرىباننى ئىزدەيمەن.
تەنتەنەمگە تەڭ كۈلۈپ، تەبرىك ئېيتقان ئانامدەك،
ئاراڭلاردىن تۈمەنلەپ پاسىباننى ئىزدەيمەن.

1995 ـ يىلى 6 ـ ئاي، غۇلجا

## ئانا دېگەن سىزدەك بولسا...

(غۇلجا شەھىرىدىكى «ئايخان مەكتىپى» قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىغا)

ئىسمىڭىزدا ئاي بار ئىكەن، خان بار ئىكەن،
قولىڭىزدا قاراڭغۇغا شام بار ئىكەن.
ئۇ چاغلاردا گۆدەك بولغاچ بىلمەپتىمىز،
سىز ياندۇرغان ھەر بىر شامدا تاڭ بار ئىكەن.

بۇ ئەسىرنىڭ مەشھۇرى سىز، مەشھۇر دېسە،
ۋادىمىزنىڭ دەستۇرى سىز، دەستۇر دېسە.
ئەرزىمەمدۇ ئەجرىڭىزنى بىزلەر ئۇچۇن،
خامانلاردا سىز راسلىغان چەشتۇر، دېسە.

گويا ئانا تۆگە بولۇپ چۆكۈپ بەرگەن،
بەر، دېگەندە ئېتىكىدىن تۆكۈپ بەرگەن.
تاپماق قىيىن سىزدەك مەردنى، مەكتەپ دېسە،
مەرھەمەت، دەپ ئۆز ئۆيىدىن كۆچۈپ بەرگەن.

مەكتەپ بولماي، سانائەت يوق، سائادەت يوق،
مەكتەپ بولماي، ھېچ مىللەتكە پاراغەت يوق.
مەكتەپ بولماي، ئىنسان نەسلى قانات ياساپ،
يۇلتۇزلارغا پەرۋاز قىلغان كارامەت يوق.

ھەيكەل قويدۇق، شۇڭا سىزنىڭ ئەجرىڭىزگە،
يېڭىباشتىن يېتىپ بۇگۈن قەدرىڭىزگە.
ئايخان، دېسە، كۈندۈز قۇياش، تۈندە ئايمۇ،
بىر ھۆرمەتتە بېقىپ ئۆتەر قەبرىڭىزگە.

بۇ ئالەمدە ئانا بولسا، سىزدەك بولسا،
قەلبى، ھۆسنى گۈزەللىكتە بىردەك بولسا؛
گۈلىستانىغا پۈركەنمەمدۇ جىمى مىللەت،
سىزدەك ئايخان ئانىسى بار بىزدەك بولسا؟

1995 ـ يىلى 8 ـ ئاي، غۇلجا



## ئەمەسمىز ئەزەلدىن كېپىنەك نەسلى

ھەر كۈن بوسۇغىسىدا تۈمەنمىڭ مېھمان،
ھەر كۈننىڭ قوينىدىن ھۇزۇر ئىزدەيدۇ.
ھاياتلىق بېغىدا غايىب بىر ئاۋاز:
— گۈللەرنى ئۆزۈڭ تەر، ئۆزۈڭ ئۈز، — دەيدۇ.

تەييارنى ھىدلىماق ئاسان ھەر كىمگە،
نەدىكەن تەييار نان، تەييار گۈل - چېچەك.
ئەمەسمىز ئەزەلدىن كېپىنەك نەسلى،
ئىنسانىمىز، يايمايمىز تەييارغا ئېتەك.

ئىس چىققان تۇرخۇنلار شاھىت شۇنىڭغا،
بىز ياققان ئوتلاردا كۆيگەچكە ئوچاق.
ھاياتقا بىر تال دان چاچساق، ھاياتمۇ —
گۈل تۇتار بىزلەرگە تۈمەنمىڭ قۇچاق.

مىدىرلاپ يۈرسەكمۇ مېھنەتكە ھېساب،
ھىممەتلىك ياشايمىز ئالەمدە، چۈنكى.
ئەتىكى ئەۋلادلار راھىتى ئۈچۈن،
چالغان ساز، تۆككەن تەر، شۇڭا، بۈگۈنكى.

كۆڭۈللەر ئەزەلدىن ئەجرىمىزدىن خۇش،
ئۆزىمىز ھۈنەرۋەن، ئۆزىمىز دېھقان.

www.uyghurkitap.com

بۇ ئالەم بىر ساراي، بۇ ئالەم ئۆتەڭ،
ئۆزىمىز ساھىبخان، ئۆزىمىز مېھمان.

1995 ـ يىلى 10 ـ ئاي، غۇلجا



## هەر پەسلىنىڭ ئالقىنىدا لىق ھەسەل...

جۇدالىقنىڭ ناخشىسىنى ئېيتمايمىز،
بىز ئۇيىنىغان چىرايلىق ياز كەتتى، دەپ.
قىشتىن كەلگەن باغاقلارنى يىرتمايمىز،
يازمۇ ئەجەب بالدۇر چاپان يەشتى، دەپ.

ھەر پەسلىنىڭ ئۆز ئۇزلۇقى ـ ھۆسنى بار،
ھەربىرىدە بىزگە كاتتا بىر ئورۇن.
چۇشۇپ تۇرار جەننەت نۇرى ـ شولىسى،
تۆت پەسلىنىڭ ئۆزى بىزگە تۆت سورۇن.

خاسىيەتلىك خامنى بار بىرسىنىڭ،
خۇددى خىزىر خەزىنىسى، رەھمىتى!
بىرسى كېلۇر قارلىق تاشلاپ، قار تاشلاپ،
قىلىشمايدۇ ئالتۇن كۇزدىن شۆھرىتى.

باھار دەيدۇ كاككۇك كەلگەن پەسلنى،
ئەڭ چىرايلىق خىيالدىنمۇ ئۇز گويا.
ياز كەلگەندە ھەر بىر ۋادا، ھەر بىر باغ —
بولۇپ قالار قانات يايغان توز گويا.

پەسىللەرنىڭ پەگاسى يوق، تۆرى بار،
پەسىللەرنىڭ تۆرى بىزنى چىللايدۇ.

www.uyghurkitap.com

ھەر پەسلنىڭ ئالقىنىدا لىق ھەسەل،
لېكىن، ئەجرى، ئەھدى بارنى خىللايدۇ.

1995 ـ يىلى 10 ـ ئاي، غۇلجا

## ۋاي ئىست

دۆلەتمەن بىر دەۋر كەلدى توي تارتىپ،
ۋاي ئىست، بالدۇرراق شۇنداق بولسىچۇ!
ئەقلىنىڭ كۆچىتى ئۆستى بوي تارتىپ،
ۋاي ئىست، بالدۇرراق شۇنداق بولسىچۇ!

ھەر يەردە تىجارەت، ھەر يەردە سودا،
قولىمىز گاھ ئىشتا، گاھى پۇلۇدا.
يوقىدىن بار ياخشى، بولسىمۇ مودا،
ۋاي ئىست، بالدۇرراق شۇنداق بولسىچۇ!

ئىلگىرىلەپ بارىدۇ دەۋرنىڭ چاقى،
ئىسلاھات داستىخان يايغاننىڭ ياقى.
ئۆزىمىز ساھىبخان، ئۆزىمىز ساقىي،
ۋاي ئىست، بالدۇرراق شۇنداق بولسىچۇ!

گادايلىق شەرەپ دەپ داڭلىماس بولدۇق،
ۋەزنى يوق گەپلەرنى ئاڭلىماس بولدۇق.
باش تىرىپ ئىگىزدا دانلىماس بولدۇق،
ۋاي ئىست، بالدۇرراق شۇنداق بولسىچۇ!

قۇت ياغدى، دېيىشتۇق قەلەمكەشلەرمۇ،
تەشۋىشتىن ئازادتۇر چېكىت، پەشلەرمۇ.

www.uyghurkitap.com

گۆرۈلدەپ كۆيمەكتە ئوچاق، مەشلەرمۇ،
ۋاي ئىست، بالدۇرراق شۇنداق بولسىچۇ!

ئىشىكلەر ئېچىلدى پۈتۈن دۇنياغا،
جان كىردى باشقىدىن ئۆلگەن گىياغا.
ئايلاندى شائىرلار بۇلبۇلگوياغا،
ۋاي ئىست، بالدۇرراق شۇنداق بولسىچۇ!

1995 – يىلى 10 – ئاي، ئۈرۈمچى



# بۇ باھارغىچە

(بىر دوستۇمغا)

ئۇچرىشىپ قالىمىز كوچىدا بەزەن،
سېنىڭدە ھودۇقۇش، مېنىڭدە ئەپسۇس.
كونىنى سەن ئويلاپ يۈرگىنىڭ بىلەن،
مېنىڭدە بوي تارتتى يېڭىچە ئەس - ھوش.

سەن بىلەن مەن ئەمەس ئالەمدە يالغۇز،
ئاغرىنىپ يۈرگەنلەر بىردىن - بىرى.
باتنىشىپ كېلىمىز قاچانغىچە بىز،
ئېيتقاندا كەتمەمدۇ كۆڭۈلنىڭ سىرى؟

كەتكەن ئىش كەتتىغۇ، تەگەش نە ھاجەت،
دوستىدىن تانغانلار بىر يالغۇز سەنمۇ؟
تانغانغا سېنىڭمۇ تاج كىيگىنىڭ يوق —
سېنىڭدىن ئايرىلىپ ئۆلمىدىم مەنمۇ؟

ئۇ، ئۇنداق، بۇ، مۇنداق ياشايدۇ ھەركىم،
ھەركىمنىڭ خىيالى، ئۆز يولى باشقا.
بىر يىپقا تىزماق تەس جىمى مارجاننى،
ھەركىمنىڭ ئۆز رىزقى، ئۆز قولى باشقا.

تارلىقىم يوق سېنىڭ پاراغىتىڭگە،
چۈنكى سەن ياشايسەن بىر ئۆزۈڭنى دەپ.
سەن ماڭغان يوللاردا تىكەن يوق، بەلكىم،
مەن ماڭغان ئۇ يوللار يەنە باشقا گەپ.

جاڭگاللار ئارىلاپ باردۇر چاپقىنىم،
كېرەكقۇ جان دېگەن باتۇر ئۇچۇنمۇ.
كەلمىگەن دۇنياغا ئۆلۈم ئۇچۇن بىز،
يول ئىزلەر ئۆزگە ئاچچىق تۇتۇنمۇ.

بىر بوران ئىچىدە ياشاپ كەلدۇق بىز،
بالاسىز يۈرمىدۇق باش ئاقارغىچە.
ئاز دەمسەن دەرد تارتىپ ئۆلۈپ كەتكەنلەر،
قىش كېتىپ، چىرايلىق بۇ باھارغىچە.

سەن، بەلكىم ھاياتنى جەننەت، دەپ كەلدىڭ،
كۆردۇڭغۇ: نە قىلسۇن جەڭگاھتا جەننەت؟
ئىككىمىز تۇرقىغا ئەجەبلەنگۈم يوق،
مېنىڭدە جاراھەت، سېنىڭدە زىننەت!

شۇ ۋەجىدىن ئارىمىز كەتتى يىراقلاپ،
يۈرتىمىز بىر شەھەر بولغىنى بىلەن.
ئىچىدىن تۇگەيدۇ دەرەخمۇ بەزەن،
زېمىندا غادىيىپ تۇرغىنى بىلەن.

سەن شۇنداق ھەسرەتتە كېلىسەن ياشاپ،
ئۇچىرىشىپ قالغاندا قولاشماي گېپىڭ.
ئازايدى پەرقىمىز يىللار قوينىدا،
ئاقىرىپ قاپتىغۇ سېنىڭمۇ چېچىڭ؟

سەن نەدىن، مەن نەدىن؟ ـــ سوئال نە ھاجەت،
ئېيتمايلى جاۋابىن، كۆڭۈللەر بىلسۇن.
سورىساڭ، سورىما تۇرغان جايىمنى،
ئېيتقىنا، سۈرگۈندە ساراي نە قىلسۇن؟

«چۇ» چۈشتى تاۋكادا مەن ئاتقان ئوشۇق،
«سىيا» غا ئۆرۈلدى ئاخىرى بۇگۈن.
مېنىڭسىز سېنىڭمۇ كۆرگىنىڭ چاغلىق،
بار يەنە بىز ئۈچۈن ئەتە ۋە ئۆگۈن.

سەن يەنە جۇدۇننى بولمايدۇ، دەمسەن،
ياپيېشىل باھارنىڭ كەلگىنى بىلەن.
كىم قانداق خاماننى ئۇسقاندا ئايان،
دوستلارنىڭ ئاشنى تەڭ تەرگىنى بىلەن.

1996 ـ يىلى 2 ـ ئاي، غۇلجا



## باھار قەسىدىسى

باھار، دەيمەن ياخشىلىق يېغىپ تۇرغان كۆڭۈلنى،
زۆرۈر ئىكەن بەرمەكمۇ يىغلىغانىغا تەسەللى.
ئىنسان كۆڭلى رەڭگارەڭ: بىردە شادلىق، بىردە غەم،
دوستۇڭ كۈلسە، دۈشمىنىڭ دېيىشىدۇ ھەببەللى!

بۇغداي سۆزلۈك ئادەملەر ياشايدىغان ئالەم بۇ،
سۆزلىرىدە باھار بار، چۈنكى دوستۇم، شۇلارنىڭ.
مەيخانىغا كىرمەيمۇ مەستمەن شۇلار كۆرۈنسە،
ئىچسەڭ قايماق تېتىيدۇ قايناق سۈيى ئۇلارنىڭ.

ئۇلار كىرگەن ئۆيلەرگە ھاجەت ئەمەس ئوت يېقىش،
تىنىقىدا يالقۇن بار، رۇخسارىدا يېشىل ياز.
تەبىئەتتە بىر باھار ئۇلار بىلەن تۈمەندۇر،
ئىزدەپ كېلۇر كۆكلەمدە دەل شۇلارنى تۇرنا، غاز.

كۆرۈنمەيدۇ كىرلىرى ئوي - پىكرىدە كىبىرنىڭ،
شۇنداقلارنىڭ ئاڭلىنۇر ئاۋازىمۇ ناخشىدەك.
تىللا تولغان ئېتەكلەر شۇلاردىمۇ بىلمەيمەن،
سېزىلىدۇ ناخشىسى باھاردىنمۇ ياخشىدەك.

قاقلىنىمەن شۇلارنىڭ ئاپتىپىغا كۈنبويى،
شۇلار بىلەن قىشنىمۇ يېشىل باھار سانايمەن.

تەن ئالمايمەن تاغ دېسەم، ئۆزلىرىنى ياش ساناپ،
بولالماستىن شولاردەك لەۋلىرىمنى يالايمەن.

ياخشى تىلەك، ياخشى سۆز، ئانا چىراي ئادەملەر،
ئايلىنىمەن بىر گۈلگە، ماڭا باھار بەرگەندە.
باھار بولۇپ تۇيۇلار قارا قىشمۇ سەن ئۈچۈن،
باھار كۆڭۈل ئادەملەر ساڭا قۇچاق كەرگەندە.

يەنە كەپتۇ ئايلىنىپ تەبىئەتكە گۈل باھار،
دېمەك، مېنىڭ باھارىم تەنھا ئەمەس جۈپ بوپتۇ.
قەسىدەمدە قاقشايمەن، چۈنكى مېنىڭ باھار دەپ،
ياخشىلاردىن ئالغىنىم بەرگىنىمدىن كۆپ بوپتۇ!

1996 ـ يىلى 3 ـ ئاي، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# نېمىسى

سىلار، دېسەم ئۇچامنى، تاتلىغىنىڭ نېمىسى،
يىقىلغانىنىڭ بېشىدىن ئاتلىغىنىڭ نېمىسى؟
قەلەم تۇتقان قولۇمنى قايرىپ كۆردۈڭ قانچە رەت.
قىچىشمىغان يېرىمنى تاتلىغىنىڭ نېمىسى؟
زامان نەدە، سەن نەدە، يېڭى يولدا ئىزىڭ يوق،
يېڭى باغدەك يېڭى گۈل ئاچمىغىنىڭ نېمىسى؟
چۇشۇپ كەتتى قانچە رەت يەرگە دوپپاڭ بېشىڭدىن،
قاققىن، دېسەم، ۋايتوۋا، قاقمىغىنىڭ نېمىسى؟
كونا قالپاق قولۇڭدا، كۆرۈنگەنگە تەگلەيسەن،
ئىشىك ماراپ تۈنلەردە، ياتمىغىنىڭ نېمىسى؟
كونا مېتىر قولۇڭدا، گەپ ـ سۆزنىمۇ ئۆلچەيسەن.
شۇ ئىشلاردىن ئۆزۈڭنى تارتمىغىنىڭ نېمىسى؟
گۇناھ تۇرۇپ ئۆزۈڭدە، قويۇنلارغا ئەگەشكەن،
شۇ كەمگىچە ھوشۇڭنى تاپمىغىنىڭ نېمىسى؟

1996 ـ يىلى 3 ـ ئاي، غۇلجا

# بىر كۈنى

بالاڭ ئازسا «ئاھ» ئۇرما، يول تاپىدۇ بىر كۈنى،
ئامان بولسا، ئۇلارمۇ پۇل تاپىدۇ بىر كۈنى.
خاتا باسقان قەدەملەر قالدۇرغاندا قاتاردىن،
ئۆزى ماڭغان چاتقالغا ئوت ياقىدۇ بىر كۈنى.

گەدەنكەشلىك ھېچكىمدىن ئۇدۇم ئەمەس ئۇلارغا،
ئۆزى كېلىپ ئالدىڭغا، گەپ ئاچىدۇ بىر كۈنى.
ئات بولغۇچە توسۇن[1] تاي ھەريان چاپسا چاپمامدۇ،
ئۇلارغىمۇ بۇ دۇنيا يۈك ئارتىدۇ بىر كۈنى.

«ئاق» نى چەككەن ئاغزىدا ئوقۇپ ئەپسۇس، پۇشايمان،
قاراپ ئۇلار كەينىگە «ئۇچ» تارتىدۇ بىر كۈنى.
بۇگۈن پاتماي يۈرگەنلەر كوچىلارغا تۈن بويى،
چىللىسىمۇ كوچىلار، جىم ياتىدۇ بىر كۈنى.

تەييار توقاچ قولۇڭدىن يەۋەرمەيدۇ ئۇلارمۇ،
ئۆزلىرىمۇ ئۇن تارتىپ نان ياقىدۇ بىر كۈنى.

---

① توسۇن — شاش، ئاساۋ، كۆندۈرۈلمىگەن دېگەن مەنىلەردە.

بۇ ئالەمدە ھەر ئىشنىڭ سائىتى بار، ۋاقتى بار،
خۇددى سەندەك ئۆي تۇتۇپ، ئۆي قاقدۇ[①] بىر كۈنى.

كۆندۇرىدۇ بۇ جاھان تالاي ئىشقا ئۇلارنى،
شۇلار چاپقان ئۆستەڭدە سۇ ئاقدۇ بىر كۈنى.
بىز ئوينىغان نورۇزنى بىزدەك ئويناپ ئۇلارمۇ،
ئىزىمىزدا ئېگەرلەپ، ئات چاپىدۇ بىر كۈنى.

پېشانەڭگە ئاسماندىن ئىللىق قۇياش نۇر چاچسا،
يۈرىكىڭگە بالاڭمۇ نۇر چاچىدۇ بىر كۈنى.
سەنمۇ ئاتا ـ ئاناڭنى ئۆتكەن بولساڭ ئەزىزلەپ،
ئوغۇل ـ قىزىڭ ساڭمۇ تون ياپىدۇ بىر كۈنى.

شۇ ئىشلارنى كۆرەلمەي ئۆلۈپ كەتسەڭ، ئامال يوق،
ھايات بولساڭ، مەيدەڭگە گۈل تاقىدۇ بىر كۈنى.
يامان دېسەڭ بالاڭنى كىم بېرىدۇ ياخشىنى،
ھازىر يامان بولسىمۇ، ئەسقاتىدۇ بىر كۈنى.

1996 ـ يىلى 3 ـ ئاي، غۇلجا

① ئۆي قاقدۇ ـــ ئۆيلەرنى چوڭ چۇۋۇشتۇرۇپ، ھېيت ـ بايرام، توي ـ تۆكۈنلەر ئالدىدىن چوڭ تازىلىق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

## كۆندە نورۇز بولسكەن

يىلدا نورۇز بولسكەن، كۆندە نورۇز بولسكەن،
قىشمۇ قىشقا ئوخشىسا، يازمۇ تومۇز بولسكەن.
ھېيتقا ئوخشاپ ھەر نورۇز، ئايەم، مەشرەپ قىلىشساق،
نورۇز ئاتلىق مېھمانلار بىزنىڭ ئۆيدە قونسكەن.

يىل بېشىدا، باھاردا بوۋاقلارغا تۇغۇلغان،
ئىسىم ئىزدەپ يۈرمەستىن، تۈگەل نورۇز قويسكەن.
ئالتۇن كەبى قەدىرلەپ ئەجدادلاردىن قالغاننى،
قوي بولمىسا، نورۇزدا بىرەر توخۇ سويسكەن.

كەمبەغەللىك كۆرمىسەك، يۆلەيمىز، دەپ يۈرمىسەك،
يۈرتىمىزدىن شۇلارنى نورۇز ئۆزى يۇيسكەن.
ئۆتمىگەيكى، ئىنساندىن بىرسى مىسكىن، بىرسى شاد،
تىجارەتچى كۈلگەندە، دېھقانمۇ تەڭ كۈلسكەن.

تىلەكلىرىم جىق مېنىڭ، تىلەمچىدەك تىلەيمەن،
ئەڭ ئاۋۋىلى دېھقاننىڭ يانچۇقلىرى تولسكەن.
ئۆتۈپ كەتتى بۇ جاندىن قويمىچىنىڭ قويغىنى،
بىزنى شۇنداق قويغاننى خۇدا ئۆزى قويسكەن.

كۆيۈپ كەتسە جا زاۋۇت، جا ماللىرى ئۆرتىلىپ،
ئالدامچىلار، ئىلاھىم، قىلمىشىغا تويسكەن.

ئانىلارغا ئايلىنىپ نورۇز گويا تۇمەنمىڭ،
هالال يولدا ماڭغاننى «ئۆز بالام» دەپ سۆيسكەن.

ئوخشاپ كەتسە ئېتىزلار تەسۋىرىمدە بېهىشقا،
بارغانلارغا، باراڭدا ئابى ناۋات تىلىسكەن.
نورۇز ئېشى ئوخشايدۇ توققۇز خۇرۇچ تەل بولسا،
يېزىلارمۇ هەر يىلى نورۇز بايرام قىلىسكەن!

1996 ـ يىلى 3 ـ ئاي، غۇلجا



# ئۈچ - باغرىمدىن ئىسيانكار ئۈيلار

## خىياللار

خىياللار بېغىغا كۆكۈللەر ئەسىر،
ۋە لېكىن ۋەزنى يوق قىسقان گۈلۈمنىڭ.
كەينىڭگە يان، دېسەم، قىلغايمۇ تەخىر،
قۇربانىدۇر جىمىكى كۈندۈز - تۈنۈمنىڭ.

تاتلىق يەپ تەمشىگەن گۆدەك لېۋىدەك،
يۈرىمەن خىياللار شارابىدا مەست.
بوراندا قېقىلغان خۇددى مېۋىدەك،
گاھ خىيال كەينىدىن باسار مېنى نەس.

ئۈمىدلەر ئاغزىمغا سالىدۇ ئەمچەك،
چۇلغايدۇ چۆرەمنى يەنە خىياللار.
ئۈمىدلەر ئىلكىدە بوپتىمەن دۈمچەك،
خىياللار تۈپەيلى ئازمۇ زىيانلار؟

ئاختۇرۇپ قالىمەن نېچۈندۇر بەزەن،
تۈندىكى چۈشلىرىم دەپتەرلىرىنى.
خىياللار شۇ ھامان ئېيتىدۇ ئەزەن،
ئۇچۇرۇپ ئارماننىڭ كەپتەرلىرىنى.

ئىنساندا تۇغۇلغان ئەمەس ئوي ـ خىيال،
بەربىر ئۇنىڭغا باھارمۇ، قىشمۇ.
بىلمىدىم، ئۇزۇلمەس خىياللىرىمنى،
ئۇلغايتقان ئۇمىدمۇ ۋە ياكى چۈشمۇ؟!

## ئۇلپەتلىك ئۆمۈر

قۇرۇسۇن، دېگەيمىز، ئۇلپەتسىز ئۆمۈر،
قۇرۇسۇن، ئۇلپەتسىز يىگىتنىڭ كۈنى.
تەنھالىق ئۆلگەننىڭ ئەرۋاھىغا تەڭ،
بولغايمۇ ئۆلگەننىڭ ئاۋازى — ئۈنى؟

قوۋمىدىن قوغلانغان قاچان ئۇ گويا،
يۇرىدۇ يۇرتىدا يېتىمدىن - يېتىم.
يېتىملار يالغۇزلۇق چەككۈچە بىر رەت،
ئۇلپەتسىز يالغۇزلار چېكەر مىڭ قېتىم.

پېشىدىن بېخىللىق تارتقاچ ئۇلارنى،
— يېتەمدۇ، — دەر بەلكىم، — يالغۇز يېگەنگە؟
شۇمىدۇ سەۋەبى، بەزىلەر ئامراق،
بەزىلەر ئۆچ ئىكەن ئۇلپەت دېگەنگە.

ئۇلپەتلىك ئۆمۈردە ھېكمەتلەر تولا،
باغلارغا مەھلىيا بۇلبۇلنىڭ رايى.
ئۇلپەتسىز ئادەملەر ئۆزىنى ئۆزى،
جاھاندا بىر ئۆمۈر قىلار سازايى.

گۈللەردەك تەلەيلىك بولاي دېگەنلەر،
ئۇلپەتلىك ياشىسۇن، ئۇلپەتلىك يۇرسۇن.

گۈللەردە گۈزەللىك، گۈللەردە پۇراق،
بىناۋا يۈرەكلەر بۇنى نە بىلسۇن!

قۇي، دوستۇم، قەدەھلەر تۇرمىسۇن قۇرۇق،
مەي ئەمەس، مەن بىلەن سېنىڭ خۇمارىڭ.
دەردىڭگە ئورتاقمەن، دەۋرانىڭغا خۇش،
مەن بولاي بويىنۇڭغا ئاسقان تۇمارىڭ.

## ۋىجدانىمغا

دۈشمىنىڭ كۆپ سېنىڭ ئەجەب ۋىجدانىم،
چاچقىلى قەستلەيدۇ يۈزۈڭگە يۇندا.
مەرەزلىك پۇرىقى كېلىدۇ، ماختاپ —
گاھ سېنىڭ ئۇچاڭغا كىيدۈرگەن توندا.

خەتەرلىك ھاڭلارغا باشلايدۇ سېنى،
پايدا - نەپ كۆرۈنسە، نەپسىم بەزىدە.
نېچۈندۇر، تىلىممۇ تۇرماس بولدى چىڭ،
ئۆزۈڭگە ئەگىشىپ قىلغان لەۋزىدە.

ئالماققا ئۆگەنگەن بۇ مەينەت قولۇم،
ئۇنتۇدى قانچە رەت سېنىڭ بارىڭنى.
دۈشمەننى دوست تۇتۇپ يانچۇقلىرىمۇ،
تالاي رەت يوقاتتى ئېتىبارىڭنى.

ھەيرانمەن، ياقمايدۇ سەن كۆرسەتكەن يول،
گاھ مېنىڭ بىغەرەز ئاياغلىرىمغا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چوغ ئېلىپ يۈرىدۇ ئوت ياقماق ئۈچۈن،
سەن بىلەن ئېرىشكەن راۋاقلىرىمغا.

شۇندىمۇ، پاكلىقلىق يېغىپ بارچىنى،
كېلىسەن شان ـ شەرەپ سازىنى چېلىپ.
شۇ ئۇلاشقا كەچسەممۇ بارچىدىن ئەبەد،
ئاھ، ۋىجدان، كەتمەيمەن سىنىڭدىن تېنىپ!

## يەتمەمدۇ ساۋاق ئالغىنىم

ــ ئىت، ــ دېدى بىرلىرى، ــ ۋاپادار پەقەت،
دۇنيادا ئاسيلار قوۋمىدىن يىراق.
ئىت باقسام، خۇشامەت دەرسىنى ئۆتتى،
توختىماي قۇيرۇقى شىپپاڭلاپ بىراق.

توخۇنى ماختاشتى: بەرىكەتنىڭ بېشى،
ئۆتسەن، دېيىشتى، توق ئىچىپ، توق يەپ.
بۇلغىنىپ يۈرەركەن ئۇ كاساپەتمۇ،
نەپسىنىڭ كەينىدە ھەر كۈنى پوق يەپ.

سۆيۈنۈپ كەتتى جان ياۋاشلىقىغا،
ماختىسا، قوي باقتىم مۆمىن بولغىلى.
ئۇنىڭمۇ خۇيىدا قۇللۇق بار ئىكەن،
كىم كەلسە مەيلىكەن ئۇنى سويغىلى.

ھارۋامنى ئەپقاچتى ئارزۇلۇق ئېتىم،
ئاتقىمۇ سېمىزلىك ياراشمايدىكەن.
جاڭگالدا جان تىكىپ يۈرگىنى بىلەن،
توشقاننى قەھرىمان ساناشمايدىكەن.

بارچىدا قۇسۇر بار، بارچىدا نۇقسان،
خاتاكەن بىراۋنى ئالتۇن دەپ ماختاش.
يەتمەمدۇ ياماندىن ساۋاق ئالغىنىم،
نە هاجەت ماڭمۇ مۇنچىلىك قاقشاش؟

1996 ـ يىلى 4 ـ ئاي، غۇلجا



# قاچان سەندەك بولارمەن

(يازغۇچى نورمۇھەممەت توختىغا بېغىشلايمەن)

قاچان ئەلدەك بولارمەن، قاچان سەندەك بولارمەن،
قىلغان سۆزى دېھقانغا قاچان قەندەك بولارمەن؟
قەلىمىڭگە ۋىجدانىڭ بوپتۇ، دوستۇم، قوماندان،
بىر تال ئالما، قاچانمۇ بەرگەن تەمدەك بولارمەن.

ئېيتالمىدىم بىر ناخشا نان بەرگەنلەر شەنىگە،
قانداق قىلسام مەنمۇ ھەم نان بەرگەندەك بولارمەن.
باشلىغۇم بار دەريانى ئېتىزىغا شۇلارنىڭ،
بىر يامغۇردىن قاچانمۇ، قالغان نەمدەك بولارمەن.

مەنمۇ سەندەك قاچانمۇ باھار بولۇپ، شۇلارنىڭ،
ھويلىسىغا ھەر يىلى گۈل تەرگەندەك بولارمەن؟
قانداق قىلسام، ئېيتقىنا، دەرمان بولۇپ دەردىگە،
ئاتلىرىغا ئوقۇردا بەرگەن يەمدەك بولارمەن.

قانداق قىلسام شۇلارنىڭ دوستلىرىغا دۇر چېچىپ،
دۈشمىنىگە تېگى يوق چوڭقۇر خەندەك بولارمەن؟
ئۇلۇغ بولدۇڭ خاندىنمۇ خوتەنلىككە، قەلەمداش،
قەلەم تۇتۇپ قاچانمۇ مەنمۇ سەندەك بولارمەن؟!

1996 ـ يىلى 4 ـ ئاي، غۇلجا

## كەمبەغەللىك، نېرى كەت

كەمبەغەللىك، نېرى كەت، ئەمدى بىزنى ئەگمە،
كەلگەنلىرىڭ يەتمەمدۇ تالاي جاننى جەبىرلەپ.
قۇرۇپ كەتسۇن قورايدەك، سېنىڭدىكى شەرەپ ـ شان،
نېمە تاپتى قەبرىلەر سېنى قۇتلاپ، قەدىرلەپ.

سېنى ماختاش، ئۇلۇغلاش قەلەملەردە گويا كى،
كىر چايقىغان داستىكى كۆپۈكلەرنى ماختاشتۇر.
توزۇپ كەتكەن توزغاقتۇر، بەركەت ئەمەس بەرگىنىڭ،
باي بولمىسا كەمبەغەل، كۈنى مەڭگۈ قاقشاشتۇر.

سۇ كىرمىسە دەرەخكە، بالدۇر غازاڭ تۆكمەمدۇ،
نەدە بىزگە سۇ سەندىن، قاقاس تۇرساڭ، چۆل تۇرساڭ؟
سېنى قارغاپ يازمايمىز تارىخلارغا نېمشقا،
بىزنى ھاڭغا باشلىغان قاباھەتلىك يول تۇرساڭ؟

ئۆلمەي تۇرۇپ دوزاخنى كۆرۈپ بولدۇق سېنىڭدە،
ئۆزۈڭ بولدۇڭ شۇ دوزاخ بىزنى ئۇزاق قىينىغان.
ياراتسىمۇ تەقدىردە تەڭرىم تەكشى ئىنسانىنى،
سەن ئەمەسمۇ ۋە لېكىن بىزنى تەكشى قىلمىغان؟

قارا قىشتىن قار دەسسەپ يالاڭغىداق چىققانلار،
چىنپۇتمىسەك ۋاراقلا، تارىخىڭدا يوق، دەمسەن؟
پەرداز بىلەن ياپماق تەس سېنىڭ خاراب تۇرقۇڭنى،
سوراپ قالسا بىراۋلار، بىزنى كەلدى، توق، دەمسەن؟

تىلەمچىگە ئايلاندى سېنىڭ بىلەن قانچىلار،
ئاسان ئىشمۇ، كەمبەغەل كەمبەغەلدىن سورىماق؟
بىر يېزىنى ئاختۇرساڭ، تۆزۈككىنە تۆت باي يوق،
ئاغزىمىزدا بولۇشتۇق، چۆلنى گۈلگە ئورىماق.

نادانلاردىن تۇغۇلۇپ، نادان كەتتى دۇنيادىن،
تالاي ـ تالاي ئادەملەر ئاق ـ قارىنى تونۇماي.
ھەممە دەردكە سەن سەۋەب، تاڭغانلىرىڭ ئاسارەت،
ئاچچىق ئۆرۈك يەپ كەلدۇق، بىر تال ئۆرۈك ئۈلىماي.

قايسى يولدا بايلىق بار، قايسى يولدا گادايلىق،
نەدە ئەقىل ناداندا ئۇنى ئويلاپ يېتەرگە؟
نادان بولدۇق سەن بىلەن كەمبەغەللىك، بىلەمسەن،
تۇرۇپ بەردۇق خۇراپات بىزنى بوزەك ئېتەرگە.

قەۋەت ـ قەۋەت بىنالار بىزگە نېسىپ بولمىدى،
خىيال پېتى قالدىغۇ ئۇچۇش دېگەن ئاسماندا.
قانتى يوق قوتۇر قۇش بولۇپ قالدۇق سەن بىلەن،
چاشقان تۇتۇش نە قىلسۇن تويۇنمىغان ئاسماندا؟

كەلمىگەنمىز دۇنياغا، كەمبەغەللىك بىلىپ قوي،
باشقىلاردىن بەختىنىڭ چۆچىكىنى تىڭشاشقا.
زامانلاردىن زېرىكتۇق ماختاۋەرگەن زاغرىنى،
بەل باغلىدۇق ئۆزىمىز، ئۆزىمىزنى ئوڭشاشقا.

قول سۇنغۇمىز بار بىزنىڭ يۇلتۇزلارغا بىمالال،
ئۆيىمىزدا يوق ئەمەس ئايغا قارلىق تاشلاشمۇ.
قۇل روھىدا مىدىرلاپ ئۆتكۈمىز يوق ئالەمدىن،
ئارزۇ بىزگە ئەزەلدىن ياشاشمۇ ھەم ياشناشمۇ.

بايلىق كېرەك شۇلارغا، ئۆزگە گەپلەر بىھۇدە،
بايلىق — قانات، بايلىق — كۈچ، بايلىق، چۈنكى كارامەت.
ئىسلاھاتتا ئويغاندى مۇگدەك باسقان ئىستەكلەر،
قىلىپ يۈرمە بىزنى سەن قانائەتكە دالالەت.

كۆرۈپ قالدۇق سايەڭنى قەيەردىدۇر بۈگۈنمۇ،
سەن يېپىشقان كەمبەغەل ئاران يۈرەر يۆلەشتە.
بولۇپ قالار مۇقەررەر ئۇمۇ ئۆتمۈش بىز ئۈچۈن،
ئەمەس بىزنىڭ رىزقىمىز مەڭگۈ كۆيۈك كۆمەچتە.

كەمبەغەللىك، ئەلۋىدا، ئەمدى بىزدىن نېرى كەت،
قول بېرىدۇ كىم ساڭا يەنە بىزنى ئەگسەڭ؟
ۋاقتى ئەمەس بۇ ئەمدى كونا خامان سورۇشنىڭ،
يېڭى زامان كۆتۈرمەس كونا ئىشنى تەگسەڭ!

1996 ـ يىلى 5 ـ ئاي، غۇلجا

# قەدىرلەپ...

باھار چۈشەر ئاسماندىن، دېھقانلارنى قەدىرلەپ،
يۈگۈرۈپ چىقار ساھىبخان، مېھمانلارنى قەدىرلەپ.
مەن قورقىمەن، قەدىرسىز قالغانلارنىڭ كۈنىدىن،
شۇڭا يۈردۈم، تويىدىن شاد يانغانلارنى قەدىرلەپ.
پورۇخلايدۇ قازانلار، گۈركىرەيدۇ يالقۇن ئوت،
ئەڭ بولمىسا، بىر كۆتەك يارغانلارنى قەدىرلەپ.
ئەجرى بارنى ئەزىزلەپ، چۈشۈپ تۇرار ئاپتاپمۇ،
ھېچ بولمىسا، ئاچچىق قاق يايغانلارنى قەدىرلەپ.
مايسا بۇغداي سارغايسا، سارغىيىمەن مەنمۇ تەڭ،
ئۇھ تارتىمەن ھەسرەتتە قالغانلارنى قەدىرلەپ.
قىلدىن نازۇك كۆڭۈللەر قەدىرلەشنى خالايدۇ،
بىللە ماڭدىم، ئاسقاقلاپ بارغانلارنى قەدىرلەپ.
تۇلپار مىنىپ ئۆتمەيدۇ تۇغۇلغاننىڭ بارچىسى،
ھاپاش قىلغىن بۇ يولدا ھارغانلارنى قەدىرلەپ.
ئالغان ساۋاق ئەتىۋا يىقىلغاندىن ئىنسانغا،
زۆرۈر ئىكەن ئۆتمەكمۇ قايغانلارنى قەدىرلەپ.
زۆرۈر ئىكەن شائىرغا بۇ ئالەمدىن ئۆتمەكمۇ،
بىر ـ بىرىگە قەدىردان بولغانلارنى قەدىرلەپ.

1996 ـ يىلى 8 ـ ئاي، غۇلجا

## ياق، سەن تېخى ياشاپ بولمىدىڭ

(دەم ئېلىشقا چىققانلارغا)

خوش ئېيتماققا بالدۇر مەزگىلىڭ،
ياق، سەن تېخى ياشاپ بولمىدىڭ.
يىراق تېخى يېتەر مەنزىلىڭ،
ياق، سەن تېخى ياشاپ بولمىدىڭ.

ئۇھ تارتمىغىن ئارقاڭغا قاراپ،
ئاھ، ئۇرغانچە بولسەن خاراب،
يۈرىۋەرگىن چېچىڭنى تاراپ،
ياق، سەن تېخى ياشاپ بولمىدىڭ.

داۋامى بار قىلغان ئىشىڭنىڭ،
ئاخىرى بار كۆرگەن چۈشۈڭنىڭ،
باھارى بار كۆرگەن قىشىڭنىڭ،
ياق، سەن تېخى ياشاپ بولمىدىڭ.

قىلىپ يۈرگىن لوقماندىن سۆزنى،
تىلەپ يۈرگىن توقسانىنى، يۈزنى،
تىكىپ يۈرگىن يىراققا كۆزنى،
ياق، سەن تېخى ياشاپ بولمىدىڭ.

گەپلىرىڭ بار قىلىپ بولمىغان،
ئىشلىرىڭ بار بىلىپ بولمىغان،
بىر گۈلخانسەن يېنىپ بولمىغان،
ياق، سەن تېخى ياشاپ بولمىدىڭ.

بەلكىم تالاي ئارمانلىرىڭ بار،
بەلكىم يولدا ئازغانلىرىڭ بار،
بەلكىم داغدا قالغانلىرىڭ بار،
ياق، سەن تېخى ياشاپ بولمىدىڭ.

ئارمان دېگەن سېنىڭدە تېخى،
ئۈمىد دېگەن ھاياتىڭنىڭ بىخى،
يېشىل تېخى ئۆمرۈڭنىڭ شېخى،
ياق، سەن تېخى ياشاپ بولمىدىڭ.

ئىنسان كۆڭلى ئۆتەر ئاجايىپ،
بىردە خۇشال، بىردە كايىپ،
قارارى يوق ئۆلۈم بىر غايىب،
ياق، سەن تېخى ياشاپ بولمىدىڭ.

سۇرۇۋاتقان خىياللىرىڭ بار،
تۈزۈۋاتقان پىلانلىرىڭ بار،
يېشەلمىگەن سوئاللىرىڭ بار،
ياق، سەن تېخى ياشاپ بولمىدىڭ.

ئۆمۈر دېگەن پۇشايمانغا باي —
ئارمان دېگەن ئاسماندىكى ئاي،
ئايدەك گۈزەل سەن كۆزلىگەن جاي،
ياق، سەن تېخى ياشاپ بولمىدىڭ.

1996 ـ يىلى 8 ـ ئاي، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ياشايسەن ياخشىلارنىڭ سايىسىدا

(نۇرتاي ھاجىم ئىسكەندەر يېتىملار مەكتىپىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا بېغىشلايمەن)

بېشىڭنى سىيلايدىغان ئادەم چىقتى،
يىغلىساڭ، يۈگۈرۈپ كېلىپ يۆلەيدىغان.
پەرزەنتسەن ئاتىسى بار، ئانىسى بار،
كۆزۈڭگە ئەخلەت كىرسە پۈۋلەيدىغان.

ئاتاڭنىڭ روھى خۇشتۇر بۈگۈن سېنىڭ،
چۈشۈڭگە كىرىپ قالدى ئاناڭ، بەلكىم.
سالالماس پاناھسىزلىق ساڭا تەھدىت،
يۈرمەيسەن ئەمدى مەڭگۈ يالاڭ، بەلكىم.

ياشايسەن ياخشىلارنىڭ سايىسىدا،
بۇ سايە شۇنداق سايە بوستاندا يوق!
يۈز داستان يازدۇق، دېدۇق، بۇ ياخشىلىق —
بىز يازغان، لېكىن بىرەر داستاندا يوق.

بارنى ساڭا بەرگەن بىر سېخىي ئۇ،
ئاغزىدىن ئايرىپ بەردى نانىنى گويا.
پەرلەشتە ئۇن بارمىقى تىنىم تاپماس،
ئالدىڭغا يېقىپ قويۇپ شامنى گويا.

كاتاڭلىق يولغا ئوخشار ھايات دېگەن،
بارىدۇ قىسمەتلەردە كارۋانلىرى.
ئات ئۆلۈپ، ھارۋا سۇنغان ئىشلار تولا،
يەتكۈچە مەنزىلىگە ئارمانلىرى.

شۇلارنىڭ بىر مىسالى يېتىملىكتۇر،
ھەر ياققا سىلەرنىمۇ ھەيدەپ يۈرگەن.
كەلمەسكە كەتتى ئەمدى ئۇ كۈنلىرىڭ،
ھەر كېچە تەقدىرىڭدىن خىيال سۈرگەن.

ئەرزىيدۇ قانچە چاۋاك چالساڭ ئاڭا،
ئىلىم ـ پەن سېنى ئۇنىڭ ئۈندىگىنى.
بەرگىنى ساڭا مەكتەپ ئېچىش شۇنداق،
سەنمۇ ھەم ئەل بىلگەننى بىل، دېگىنى.

ھەر سەھەر ساڭا قۇياش كۈلۈپ چىقار،
شۇنداقلا كۈلۈپ چىقار ئۇستازلىرىڭ.
ئىلاھىم، ئوقۇۋەرسۇن شۇ باغچىدا،
يېتىملىق كۆرمەي ئەمدى قىش، يازلىرىڭ.

قاقلانغىن، ئاپتاپ چىقتى باللىرىم،
ئايلاندىڭ بىر سېخىينىڭ بالىسىغا.
سېنىڭدىن ئاشقىننى ئۆزى يېگەن،
تەزىم قىل ئاۋۋال ئۇنىڭ ئانىسىغا.

1996 ـ يىلى 9 ـ ئاي، غۇلجا



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## لازىمدۇر قەدىردانلىق جۇپلۇككىمۇ

توي دېگەن تەنتەنىسى ئىككى دىلنىڭ،
يېڭىچە بىر سەپەرنىڭ باشلىنىشى.
يولداشسىز يوللار تۈگەپ ياشلىق ئۆچۈن،
ئۆمۈردىن تەنھالىقنىڭ تاشلىنىشى.

بۇ يوللار — شۇنداق يوللار، جۇپلۇك يولى،
ياندىشىپ راھىتىگە مۇشكۇلى بار.
گاھ بايلىق، گاھ يوقسۇزلۇق نۆۋەتتىدۇر،
جۇپلەر خوپ كەلمىسە گەر پىشكىلى بار.

گاھىدا زاغرىنىمۇ زار بولىسىز،
لەپپەڭشىپ ئەسكى چاپان ئۆچىڭىزدا.
گاھىدا قازىنىڭىز گۆش، ياغقا بەند،
غاچىلدار خۇرۇم شىبلىت پۇتىڭىزدا.

يوقىمۇ كۆنۈش كېرەك ياخشى جۇپلەر،
بارىمۇ ئەقىل كېرەك كۆتۈرمەككە.
ھەممىنى تەڭ كۆرگەنلەر باشقا كەلگەن،
بۇ يولدا يۈزلىنىدۇ كۆكەرمەككە.

مۇھەببەت ئىناقلىقتىن ئۆرە دائىم،
لازىمدۇر قەدىردانلىق جۇپلۇككىمۇ.
كۆڭۈللەر كۆڭۈللەردىن سۇ سورايدۇ،
ئۆسەمدۇ سۇ قۇيمىسا جۇپلۇككىمۇ؟

جۇپلۇكنىڭ ناخشىسىنى مەڭگۈ ئېيتقاي،
ھۆرمەتنىڭ مۇنبىرىدە ئىككى يۈرەك.
ئەتكى بايراملارغا ھۇزۇر بەرگەي،
بىزدىكى بۈگۈن قىلغان ئارزۇ – تىلەك.

قول – قولچە تەييار بولغاي تۇگەل ئىشلار،
ھەتتاكى بىر قازاننى قاينىتىشمۇ.
ئەجرىگە باغلىق ئىكەن ئىككى ياشنىڭ،
بۇ يولدا بىر كۆچەتنى ئاينىتىشمۇ.

ئىككى ياش بىر ئىشكتىن كىرىپ – چىقىپ،
ياشانغاي بىر جوزىنىڭ تائامىدا.
بارچىدىن ئۈستۈن تۇرار، ئۇنتۇماڭلار،
ئىناقلىق بۇ تۇرمۇشنىڭ مۇقامىدا.

1996 – يىلى 9 – ئاي، غۇلجا

## يوق ئەمەس

بۇ باغلاردا كۆپ دەرەخ، چاتقاللارمۇ يوق ئەمەس،
چاتقاللارنى قوشاققا قاتقانلارمۇ يوق ئەمەس.
مېۋە بەرگەن دەرەخنىڭ، نە ئۇچۇندۇر دەردى كۆپ،
مېۋە بەرمەي، پاراغەت تاپقانلارمۇ خوپ ئەمەس.
قاپاق تېرەك قارغىشقا لايىق ئىدى، بىراقتا —
ئۇنى ئاقلاپ ئاق چاپان ياپقانلارمۇ يوق ئەمەس.
تۆت تال چېچەك كۆرسەتمەي، ئىچكەن سۇدىن نارازى،
سايىسىنى ماختىشىپ، ساتقانلارمۇ خوپ ئەمەس.
ياش چېغىڭدىن ئاگاھ بول، ئالما، ئۆرۈك، دەپ كەلدۇق،
يۆگمەچتەك يېنىڭدا قاپقانلارمۇ يوق ئەمەس.
تېرىق تەرگەن ئىپتىزغا قۇشقاچ دۈيۈز چۇشكەندەك،
شاخلىرىڭدىن كۆك غورا قاققانلارمۇ يوق ئەمەس.
ئۆچكە كىرگەن باغلارنىڭ تەقدىرىدە نابۇتلۇق،
تۇندە غاجاپ، كۈندۈزى قاچقانلارمۇ يوق ئەمەس.
كۆككە ئۆرلەپ كۆك تېرەك كامال تاپسا، كۆرەلمەي،
ھەسەتخورنىڭ كۆزىدە باققانلارمۇ يوق ئەمەس.
باغۋەن قورقۇپ قۇرتلاردىن تەشۋىش بىلەن ياشايدۇ،
ھەر مېۋىدىن مىڭ تۆشۈك ئاچقانلارمۇ يوق ئەمەس.
شۇنداق باغلار، بۇ باغلار، دەرگاھىدا تۈمەن ئىش،
ئەجىر قىلماي سايىداپ ياتقانلارمۇ يوق ئەمەس.

1996 ـ يىلى 10 ـ ئاي، غۇلجا

www.uyghurkitap.com

# باھار يامغۇرى

ھەر پەسلىنىڭ قولىدا تەبىئەتكە بىر تون بار،
ھىممىتى، دەپ تەڭرىنىڭ، تەرىپلىرى جىق ئۇنىڭ.
يېشىل باھار ۋە لېكىن شاراب قۇيار ئاسماندىن،
ۋادىلارغا سەپسېلىڭ، قەدەھلىرى جىق ئۇنىڭ!

جاڭگاللارمۇ جانلاندى ئۆستىگى يوق، سۈيى يوق،
يامغۇرىدا باھارنىڭ بىر بوستانغا ئايلىنىپ.
سوراپ بېقىڭ دېھقاندىن دالادىكى كۆزگىلەر،
كۆكەرگەنمۇ باھارنىڭ يامغۇرىدىن ئايرىلىپ؟

ئەڭ ئاداققى قارلارنى ھەيدىگەنمۇ شۇ باھار،
بۇ زېمىنغا يامغۇرسىز كەلگەن باھار يوق تېخى.
باھار بىلەن ئويغىنىپ، يامغۇر بىلەن يۇيۇندى،
كاككۇك قونغان چىرايلىق دەرەخلەرنىڭ بىخ، شېخى.

يامغۇر بىلەن باشلاندى بۇ كۆكلەممۇ ئەڭ ئاۋۋال،
تىللىمدىم ئۆيۈمدىن تامچە ئۆتۈپ كەتسىمۇ.
شۇ يامغۇرسىز ھېچكىمگە پەسىل باھار تۇيۇلماس،
زېمىن تولۇپ چېچەككە، قۇشلار قايتىپ كەلسىمۇ.

ھەر باھارغا بىر شېئىر تۆكۈپ كەلدى قەلىمىم،
ئىلھاملىرىم باھارنىڭ يامغۇرىدىن ئۇلغىيىپ.
شائىر نەدە، دەپقالماڭ باھار يامغۇر تۆككەندە،
مەن يۈرىمەن ھويلامغا شۇ يامغۇردا گۈل قويۇپ.

1998 - يىلى 5 - ئاي، ئۈرۈمچى



www.uyghurkitap.com

# باھار يامغۇرى

(شېئىرلار)

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئادىلجان ئابدۇسالام
ئاپتورى: مۇھەممەدجان راشىدىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئادىلجان ئابدۇسالام
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايگۈل ھاشىم
مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
خەتتات: ئابلىمىت ئوسمان
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991-2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: بېيجىڭ شېڭتوڭ مەتبەئەچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 14
نەشرى: 2012 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2012 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 4000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 15306 - 0
باھاسى: 57.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
مۇقاۋا خېتىنى يازغۇچى: ئابلىمىت ئوسمان

## مۇھەممەدجان راشىدىن ئەسەرلىرى

ئۇمۇ بىر ئانا
ياخشىلارغا خۇشتار بۇ ئالەم
مۇھەببەتمۇ پەرۋىشكە موھتاج
ئاي سېنىڭدەك بولسىچۇ
كۈلكە ۋە كۆز يېشى
باھار يامغۇرى

ISBN 978-7-228-15306-0
9 787228 153060 >
定价 57.00元